«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



2002


3

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۆھتەرەم ئۇستاز، ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئىي ئەپەندى
- ئۆركەش جاپپار فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(51-يىل نەشرى)
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2002-يىل 3-سان
(ئومۇمىي 255-سان)

ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى
مۇدىر:
لۇجيا چۈەن
زۇنۇن قۇتلۇق
مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ
ھەيئەتلەر:
شىڭ جۈنشۇ
مايىڭشىڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جىيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## يېتەكچى خەۋەر

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك ...... لى پېڭ 2

## روھ چۇقانلىرى

مېھىر- مۇھەببەت ...... غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت 3
«8»خۇراپىيلىقى ۋە «3»سىياسىيۋىيلىكى توغرىسىدا ...... م . ئىبراھىم 4

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ...... ئا. ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار 5
ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلى توغرىسىدا ...... ئا. بەرقىي 6
داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟ ...... ئابدۇقادىر جالالىددىن 10
تىلبۇزۇرمۇ ياكى دىل بۇزۇر؟ ...... دۆلەتزادە 19

## مۇڭداشقىلى ئادەم بارمۇ؟

قىرتاق پاراڭلار ...... مۇھەممەت مەتنىياز دانىش 24

## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم

«ئېشەك ئۇچامدۇ؟ ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ» ...... دۆلەتزادە 26

## ئىبرەتلىك پاراڭلار

جاھاندا بار گەپلەر ...... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 29
«تەرجىمە»دىن تۇغۇلغان ئويلاردىن خاتىرە ...... توختى باقى ئارتىشى 47
تاغدىن - باغدىن ...... ئادىل ئابدۇقادىر، داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى 50
«موللا كۆپ يەردە قوي ھارام» ...... دۆلەتزادە 53

## ئەدەبىيات گۈلزارى

يولۋاس ئىزدەش.......... (ھېكايە) ...... ئادىل يىلدىرىم 55
بىر مىليون يۈەن مۇكاپاتقا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىلدى ...... مەۋلان سابىت 64
«شىنجاڭ يولۋىسى»نى ئىزدەش ياۋا مۈشۈكنى ئارامىدا قويمىدى ...... ئەركىن كېرەم 65

## ئۇلۇغ قۇملۇقتىكى ئاجايىباتلار

تەكلىماكاندىكى سىرلىق ھادىسە: يولغۇنغا يۆگەشكەن يىلان ...... قادىر ئابلىز 66
يۇرتىمىزنىڭ ياۋا ئادەملىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم ...... سادىر تۇردى 68

## ئالەمدىن ئۇچۇر

«11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن دۇنيا سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە نەزەر ...... ئىبراھىم ئەمەت 70
بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ...... ئادىل ئابدۇقادىر 73

مۇقاۋىدا: مۇھتەرەم ئۇستاز، ئالىم، تەتقىقاتچى، تەرجىمەشۇناس، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى مۇھەممەت سالىھ. پاتىخ شەرىف فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



## يېتەكچى خەۋەر

### لى پېڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ «ئۈچ دوكلات»قا قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى:

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك


شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 14-مارت تېلېگراممىسى: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ 14-مارتتا مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، ياۋيۇڭفېڭ، ئالىپسباي رەخىم، شۇ فېڭ قاتارلىق ۋەكىللەر سۆزىدە شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىنى كەڭ-كۇشادە ئوتتۇرىغا قويدى ھەم دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە «ئىككى ئالىي مەھكىمە»نىڭ خىزمەت دوكلاتىغا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

لى پېڭ ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. تۈرلۈك ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش شىنجاڭغا يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئەكېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت ئاتا قىلىش لازىم. شىنجاڭ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ھەم تەرەققىي قىلغان رايونلارغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ھەم ئەتراپتىكى رايونلارغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ئۈستۈنلۈك بىلەن بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشى لازىم.

لى پېڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، مەدەنىيەت جەھەتتە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە باش كاتىپ خې چۈنلىن قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. (M2)



# مېھىر - مۇھەببەت

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

نەدىسەن مېھىر-مۇھەببەت، نەدىسەن ئەي مېھىر-مۇھەببەت؟ !

پۇتكۇل ئىنسانىيەتنىڭ قانداشلىقىنى ئويلىسام «ئىنسان» دىن يىرگىنىپ كېتىمەن، ئىپتىدائىي زاماندىكى ئۆملۈككە ھەۋەس قىلىمەن. تاش سايدا چەكسىز غېرىبلىق ۋە تەنھالىق ئىلكىدە ياتماقتا. بىرەر مېھرىبان قول سىيلاپ قويسا ۋارقىراپ يىرىلاتتى. ئۇلار بىلمەيدۇ، مەنزىلگە پەقەت چىن مۇھەببەتلا يەتكۈزىدۇ. «مۇھەببەتسىز قىلغان ئىبادەت-ئىلتىجالار تەڭرىگە يەتمەيدۇ». مۇھەببەتسىز ئىككى ئادەم گويا ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى. لېكىن پانىيدا دۇنيا پەقەت بىر. بىزدىكى دۇنيا ئەنە شۇنداق مىڭلاپ، مىليونلاپ پارچىلانماقتا. . .

بىر كۈنى سەپەردە ئىدىم. ئادەمسىز چۆلدە بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئۇياتچان دېھقان چوكىنى ماشىنىنى توستى.

- كىرانى تۆلىۋېتىڭ، مەنزىل قاياقكىن؟ -دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا.

- قۇمباغقا، مانا، - ئۇ، گۈللۈك تامبىلىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن لاتىغا ئورالغان پۇلنى ئېلىپ ئۇزاتتى.

- ئۇ يەرگە سەككىز كوي، يەنە بىر كوي بېرىڭ، - شوپۇر پۇلنى ساناپ بولۇپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

- خۇدا رەھمەت قىلسۇن ئۇكام، يېنىمدا بارى-يوقى مۇشۇكەن. . .

- خويما تويدۇم بۇ دېھقان قەلەندەرلەردىن، بۇ گېپىڭنى پارتىيىگە دە، مەن دېھقانلارنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ماڭ، چۈشۈپ كەت.

ئۇ چۈشۈپ كەتتى، ماشىنا مېڭىپ كەتتى.

- ئەجەبمۇ ئىنسابسىز بىرنېمىكەن، - دېدى يېنىمدىكى ساقاللىق كىشى، - چىقىرىۋالسا بولمامدۇ، بىر كوينىڭ ئىشىغۇ شۇ.

- نېمىسىنى دەيسىز، - دېدى يەنە بىر كىشى، - بىزخەقتە ئىنساب، مېھىر-مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

غۇلغۇلا باشلاندى:

- باغرى تاشلىقىمىز ھامان بىزنى ھالاك قىلىدۇ. . .

- ئۆزئارا ياتلىشىپ كەتتۇق. . .

- ئۆز قېرىنداشىمىزغا بىر كويلۇقمۇ مېھرىمىز قالمىدى. . .

مەنمۇ سۆز قاتتىم:

- مېھىر-مۇھەببەت ئىناقلىق-ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۆزئارا كۆيۈنۈش، قوللاش بىلەن ئورتاق كۈچكە ئىگە بولاتتۇق. ئورتاق كۈچتىن ئاداققىچە، ھەرقانداق كۈلپەتمۇ ئۆزەلمەس پولات ئارقان كەبىي ئېتىقاد تۇغۇلاتتى. ئەپسۇس. . . بىز ھەممىمىز يېگانە. دوست-يارانلار ئارا، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىملەر ئارا يېگانە. ھەممىمىز بىر ماكاندا، بىرخىل مۇھىتتا ياشايمىز. لېكىن تەنھا. ئۆز نەپسىمىز بىزنى يېگانىلىق دالالىرىغا ھەيدەپ سەرسان-سەرگەردان قىلىۋەتكەن. يېگانىلىق جاسارىتىمىزنى سۇندۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى ئۆلتۈرمەكتە. پەقەت مېھىر-مۇھەببەتلا بىزنى بۇ قورقۇنچلۇق يېگانىلىقتىن خالاس قىلاتتى. ھەممىمىز شوپۇرنى بىر كويغا چىدىمىدى دەپ ئەيىبلەپ كەتتۇق. قېنى قايسىمىز: «مە، كەم قالغان بىر كوينى مەن بېرىۋېتەي» دېيەلىدۇق؟ دېمىدۇق. چۈنكى بىز يېگانە، ھەتتا مەنمۇ. . .

ھەممىمىز جىمجىت ۋە يېگانە ھالدا ئىزتىراپلىق ئويلارغا پاتتۇق. سەپىرىمىزگە خەيرلىك بولغايمۇ؟ !

---

ئاپتور: خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق 2-زاۋۇتى تەييارلىق سېخىنىڭ ئىشچىسى (M2)

## روھ چوقانلىرى



# «8» خۇراپىيلىقى ۋە «3» سىياسىيۋىلىكى توغرىسىدا

مۆمىنجان ئىبراھىم

«3» بىلەن «8» ماتېماتىكىدا ھېچقانداق سىياسىيۋىلىك، ئىجتىمائىيلىق ۋە سىنىپىيلىققا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن زامانىمىزدا بۇ ئىككى رەقەمنىڭ بىرسى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، يەنە بىرسى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بوپقالدى.

سىياسىيۋىلىككە ئىگە بولغىنى «3» بولۇپ، 1999-يىلى پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايغان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى، بولتۇر قانات يايغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتى ۋە دېھقانلار بىلەن «ئۈچتە بىرگە بولۇش» پائالىيىتى قاتارلىق زور ئەھمىيەتلىك ئىشلار «3» رەقىمى بىلەن باغلانغاچقا، بۇ رەقەم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىدا، تۆۋەننىڭ دوكلات - ماتېرىياللىرىدا، قىزىل باشلىق ھۆججەتلىرىدە دائىم كۆزگە تاشلىنىپ، سىياسىيۋىلىككە ئىگە بوپقالدى.

ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغىنى «8» بولۇپ، بۇ رەقەمنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى خەنزۇچە «با» بولغاچقا، «بايلىق» مەنىسىدىكى «فا» خېتىنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىنلىشىدۇ، شۇنداقلا گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا بىۋاسىتە «فا» (بايلىق) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغاچقا، بازار ئىگىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن پۇل-بايلىققا چوقۇنۇش ئېقىمىغا ئەگىشىپ «8» رەقىمى سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ، كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدىكىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇد رەقىمىگە ئايلاندى. بۇ ھال «8» نى كەڭ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە قىلىپ قويدى.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئەسلىدە «8» گە چوقۇنۇش پۇل-مال، بايلىققا چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭلا ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ قالسا بولاتتى. لېكىن ھازىر بۇ خاھىش ماشىنىسى، يانفونى، چاقىرغۇسى. . . يەنە باشقا نومۇرلۇق نەرسىسى بار كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتتى. كوچىدا كېتىۋاتقان پىكاپنىڭ نومۇر تاختىسىدىكى «8» نىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ پىكاپ ئىگىسىنىڭ يا ئەمەلدار، يا پۇلدار ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئاسان بوپقالدى. بەزى سەگەك كىشىلەرمۇ باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تونجى قېتىم كۆرۈشكەن كىشىنىڭ ماشىنا نومۇرى، يانفون، چاقىرغۇ نومۇرلىرىغا قاراپلا ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىۋالالايدىغان بوپقالدى.

يېقىندا، بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ ئۆز ماشىنىسىغا «8» بىلەن ئاخىرلاشقان نومۇر ئېلىش ئۈچۈن مىڭ يۈەندىن ئارتۇق «8» ھەققى تاپشۇرغانلىقىغا ھەيران بولۇپ تۇرسام، ئىدارىمىزغا كەلگەن بىر كادىرنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتلىرىغا تارقىتىلىدىغان رەت نومۇر كارتوچكىسىنى ئېلىشتىمۇ «8» بىلەن ئاخىرلاشقىنىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىلا كىشى «8» گە سېزىك بوپقاپتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بەزى كوچا پاراڭلىرىدىن بىلىشىمىزچە، ئايرىم ئوغرىلىق شايكىلىرى ۋە ئوغرىلار جەمئىيەتتىكى بۇ ئىجتىمائىي يۈزلىنىشتىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، تېلېفون نومۇرى دەپتىرىگە قاراپ، قايسى كىشىنىڭ تېلېفون نومۇرىدىكى «8» كۆپ بولسا شۇنىڭ ئۆيىنى ئوغرىلاش نىشانى قىلىدىكەن.

كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىلىرى مەركەزدىن تۆۋەنگىچە تەكىتلىنىپ، «3» رەقىمى كۈندىلىك خىزمەتلىرىمىزدىكى دوكلات - ماتېرىياللاردا، قىزىل باشلىق ھۆججەتلىرىمىزدە دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇۋاتسا، بەزى كادىرلىرىمىز يەنە نېمە ئۈچۈن «8 خۇراپىيلىقى» ئېقىمىدا ئاقىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاتناش ۋە باشقا ئالاقە قوراللىرىنىڭ نومۇرلىرىدا «8 خۇراپىيلىقى» نى ئىپادىلىمەي، دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ ياقىدىغان «3333» دېگەن رەقەملەرنى «8» نى تاللاشقاندەك تاللىشىپ ماشىنا، يانفون، تېلېفونلىرىدا «3» نى كۆپرەك ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» قا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىسە تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى!

2002-يىل 8-مارت، پىچان

---

ئاپتور: پىچان ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى (M2)



# تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

●«...كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،ئاخىرى تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا» دېگەنىنىڭ پېشانىسىغا «ئۆلۈمتۈكلەر خىتابنامىسى» دەپ يېزىش كېرەك.

- ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم (ئوقۇغۇچى)

●قەدىرسىزلەر ئارىسىدا قەدرىڭنى سىنىما.

- كەنجى خۇمارجان (ئۇرمانچى)

● ئۆلغار ۋە كەڭ قورساق مۇھەررىر - خۇدانىڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى.

●دىنىي ئاڭ دۇنياۋى تەپەككۇر ۋە مول بىلىم بىلەن بىرلەشكەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ.

● ئىنسانلار ئارىسىدا غاپىل ۋە نادان ئادەملەر بولغاچقىلا يازغۇچىلار يېتىشىپ چىققان.

●مەتبۇئات ئاپتورلارغا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ھېسابلانغان خەلققە يۈزلەنمىسە،خەلقنىڭ ھامىيلىقى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ-دە جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان، گۇرۇھۋاز مۇھەررىرنىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان بىر تۈركۈم جانباقتىلارنىڭ«ئوقۇرى»غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

- زەپەر ئابدۇلھەي

●ئۆزىنىڭ قېنىنى ئىچكەنلەر تالانت ئىگىسى، باشقىلارنىڭ قېنىنى ئىچكەنلەر ھۆرمەت ئىگىسى ئاتالدى. مەن يا ئۆزۈمنىڭكىنى، يا باشقىلارنىڭكىنى ئىچىشنى بىلمىگەچكە ئەخمەق سانالدىم.

- ئانىقىز ئەزىزىي (مۇئەللىمە)

● چۈش كۆرۈپتىمەن، ئۇنىڭ قولىدا بىر چاڭگال لاي تۇراتتى. ئۇ، لاينى يۇمۇلاقلاپ بىر دىم ئۇيىندى. ئاندىن كېيىن بار كۈچى بىلەن لاينى چىڭ سىقتى.

يۈرۈكۈم مۇجۇلغاندەك قاتتىق بىئارام بولدۇم، كەينىدىنلا قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالدىم،پۈتۈن ۋۇجۇدۇم خۇشاللىققا چۆمدى. لاي ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ زېمىنغا چۈشمەكتە ئىدى.

● كىچىككىنە ئۈرۈقنىڭ كۈچىنى ئاجىز چاغلىما، ئۇ ۋاقتى كەلسە نەچچە مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى تاشلارنىمۇ يېرىپ ئۆسۈپ چىقالايدۇ.

— تۇردى سايىت (مۇئەللىم)

● خەققە خۇشامەت قىلىش ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىشتۇر.

- باھادىر كۈرەش (دېھقان)

●قانۇن سىياسەتنىڭ رەزىللىك تونىنى كىيگىنىدە، ھەققانىيەتنىڭ قانۇنسىزلىق قالپىقىنى كىيىشى بىر ھەقىقەت.

●مەغلۇبىيەت - ئىرادە بىلەن غايە ئۈستىگە قېقىلغان مىخ.

●مەن كالىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆسكەن مۈڭگۈزىنىڭ باغلىنىش ئۇقتىسى بوپقېلىشىغا ئېچىنىمەن.

- نۇرمۇھەممەت ئابدۇراخمان (دېھقان)

## تەپەككۇر گۆزىرى

●مەستلىك●

ئاخشام ھاراق ئىچىپ مەست بوپكەتكەنلەرغۇ بۈگۈن مەستلىكتىن پۈتۈنلەي يېشىلىپ بولدى. بىراق، خېلى يىللار ئىلگىرى ھوقۇق دۈلدۈلىغا مىنىپ،مۇكاپات قامچىسى ئېلىپ مەست بوپكەتكەن پىداكار ئەزىمەتلىرىمىز تېخىچىلا مەستلىكتىن يېشىلەلمەۋاتىدۇ.

●ئاق●

ئەجدادلىرىمىزئىشلىتىپ كەلگەن«ئاق كۆڭۈل»،«ئاق يول»،«ئاق ساقال»، «ئاقارتىش»...دېگەندەك بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرى بارغانسېرى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، «ئاق ھاراق»،«ئاق تاماكا»،«ئاق تاسا»... دېگەندەك بىر قىسىم يېڭى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىستېمالچىلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

●چۈشكۈنلىشىش ۋە چىرىكلىشىش●

قاتتىق نامراتلىقتىن ئاسانلا روھىي چۈشكۈنلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.مېھنەتسىز بايلىقتىن ئەخلاقىي چىرىكلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.

●ئۇچۇر تورى●

گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزور، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىقلار ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار ئۇچۇر ۋاستىلىرى.ئەمما، بەزىدە ئۇلار ئۇچۇر تارقىتىش مىقدارى ۋە ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى جەھەتتە يەنىلا ئاياللارنىڭ ئاغزى ۋە قۇلىقىغا يېتەلمەيدۇ.

●ئۆتۈنۈش●

ئەي غاپىل ئىنسان، سەن ئەمەل - مەرتىۋەڭنى كىملەرنىڭ كۆتۈرۈدىغانلىقىنىلا ئويلىماي، يەنە جىنازاڭنى كىملەرنىڭ كۆتۈرۈدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويغايسەن !

●قىسمەت●

ئەملىم ئۆسكەنسېرى قورسىقىم يوغىناۋاتىدۇ.لېكىن يۈرىكىم كۈنسېرى يىگىلەپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ.

●مەنتىقە●

دېھقانچىلىقتا باشقىلار گۈرجەك ئارقىلىق توپىنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ يەر تۈزلەيدىكەن، بىزبولساق توپىنى كەتمەندە ئالدىمىزغا تارتىپ يەر تۈزلەيدىكەنمىز. پۇل سانىغاندا بولسا ئۇلار پۇلنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىپ ۋاراقلايدىكەن، بىز بولساق پۇلنى سىرتقا قارىتىپ سانايدىكەنمىز.

-جېلىل ئاۋۇت (مۇئەللىم)(M1)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلى توغرىسىدا

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

## 1

كىچىك چېغىمدا ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ قاچقان، لېكىن سايىسىدىن زادى قۇتۇلالماي ئاخىرى ھېرىپ ئۆلگەن توشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىدىم. گۆدەك ئېڭىمدا سايە ۋە توشقان ھەققىدە بالىلارچە خىياللار پەيدا بولغان، ھاماقەت توشقانغا ئىچىم ئاغرىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن توشقاننى قورقۇتقان سايىنى پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان تىرەن مەنىنى ئاڭقىرالمىغانىكەنمەن. بۇ ھېكايە ئۆزاقىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. ھەتتا كېيىن بۇ ھېكايىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، توشقان ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ قاچقان ، لېكىن ئۆلۈپ قالمىغانىدى. ھېكايە «بىچارە توشقان ھازىرمۇ قېچىۋېتىپتۇ» دەپ تۈگەيتتى. چوڭ بولدۇم، ئەقلىمگە تولغانسېرى سايە ھەققىدىكى چۈشەنچەم چوڭقۇرلىششقا باشلىدى. سايىدىن ئىبارەت بۇ سىمۋولنىڭ كەينىدىكى بىشارەتلەرنى بايقىدىم. كىچىك ۋاقتىمدا گۆدەك تەپەككۇرۇم بىلەن «سايە دېگەن سايە، ئۇ، ئادەمنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسام، ئەمدىلىكتە توشقاننى نېمىشقا ئۆز سايىسى قورقۇتقانلىقى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈپ، توشقانغا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىدى. توشقاننى ئۆز سايىسىنىمۇ ئۈركۈيدىغان قىلىۋەتكەن سەۋەبلەر روشەنلەشكەنسېرى نەچچە قېتىم ئىچىمگە تىنىپ ئىختىيارسىز: «ئۇھ» دەۋەتتىم.

نېمىشقا بۇ پاجىئە يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبچىسى توشقانمۇ ياكى ئۇنىڭ سايىسىمۇ ؟ ۋە ياكى باشقا بىر سىرلىق سەۋەبمۇ بارمۇ؟

تەپەككۇر قىلىش پېقىرغا بىرخىل خۇمار، شۇڭىمىكىن، «ھالىمغا باقماي» تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلاردىن مەنىسى تولىمۇ تىرەن ھەقىقەتلەرنى كوچىلاپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. شۇڭا، بۇ ئادەت مەن ئۈچۈن بىرخىل خۇمارلا ئەمەس، بەلكى ھەۋەس كېسىلى. بۇنداق كېسەلدىن قۇتۇلماق بەكمۇ تەس. ئۇ، تولىمۇ شېرىن، لېكىن بەزىدە تولىمۇ ئازابلىق بىر كېسەل ئىكەن، ئاخىر.

توشقان نۇقتىسىدىن چىقىپ كۆزەتسەك، ئۇ، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بىر كىچىك جاندار، ئۆزى تولىمۇ ئاجىز، لېكىن ئەتراپى خەتەرگە تولغان، نۇرغۇن كۈشەندىلەر ئۇنى ماراپ ياتىدۇ. شۇڭا سەگەكلىك توشقاننىڭ خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭگۈشتىرى. لېكىن زىيادە سەزگۈرلۈك توشقاندىكى بۇنداق ئارتۇقچىلىقنى بىرخىل ئاجىزلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان. . . شۇڭا ناتونۇش نەرسىنى كۆرسىلا ئۈركۈيدىغان، بىرەر خەۋپ-خەتەرنىڭ شەپىسى بولار-بولماي بەدەر قاچىدىغان بوپقالغان، نەتىجە ـ ئاقىۋەتتە بىر قارىماققا بەكمۇ كۈلكىلىك، بىر قارىماققا تولىمۇ پاجىئەلىك قورقۇنچاقلىق تراگېدىيىسى بارلىققا كەلگەن. . .

بۇ پاجىئەدىن يەنە نەچچە خىل ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، توشقان دائىملا ئەنسىزلىك ئىچىدە ياشاپ، ئۆز ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىل پاجىئەگە ئادەتلەندى. دېمەك، تۈگىمەس خەۋپ-خەتەر ئىچىدە ئۆز بىخەتەرلىكىگە ھېچقانداق كاپالەت بولمىغان شارائىتتا ياشاشمۇ تەپەككۇردىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنداق مەھرۇملۇق ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈشنى پەيدا قىلىدىغان بىر پاجىئە.

ئىككىنچى، توشقاننىڭ بەختسىزلىكىگە ئۇنىڭ قورقۇنچاق ۋە ئاجىزلىقى سەۋەبچىمۇ ياكى ياشاۋاتقان تاشقى مۇھىتمۇ؟ ئويدانراق ئويلانساق، تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىغۇچىلارغا ھەممە جانلىق ئۈچۈن ھەرقانداق مۇھىت خەتەر بىلەن تولغان بولىدۇ. قانداق ياشاش شۇ جانلىقنىڭ ئۆزىگە باغلىقتۇر.

ماھىيەتتە ھەرقانداق بىر جانلىق «توشقان». ھەرقانداق بىر جاننىڭ ئۆز يېنىدىلا ئەجەللىك كۈشەندىسى بار. بىز گۆدەكلەرچە تەپەككۇر قىلىپ

توشقاننى يولۋاسقا سېلىشتۇرۇپ، توشقان يولۋاسقا قارىغاندا ناھايىتى ئاجىز، دۈچ كېلىدىغان خەتەر كۆپ، يولۋاس قۇدرەتلىك، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، دەپ قارىساق، رېئاللىقنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىگە ئۇچرايمىز. ئىشەنمىسىڭىز، نېمىشقا ھازىر توشقان جىق؟ ئەمما قۇدرەتلىك سانالغان يولۋاسنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

ئەسلى گېپىمىزگە ياناساق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش بىرخىل پسىخىك كېسەل، لېكىن ئۇ توشقانغىلا خاس كېسەل ئەمەس، ھەتتا بەزىدە «پىلمۇ ئۇسۇرۇپ قويۇپتۇ» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك يولۋاس چېغىدا يۈرەكزادىلىق قىلىشى، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ قاچقاندا يولۋاسلىق سۈرىدىن قېلىشى مۇمكىن. بىز توشقاننى بىرخىل تەمسىل دەپ چۈشىنىپ، ھەتتا بەزىدە يولۋاسنىمۇ توشقان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مۇددىئا بىردىن ئايدىڭلىشىدۇ.

## 2

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يۈز بەرگەن بىر ۋاقە زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئوقۇش پۈتتۈرۈدىغان يىلى ئۆگىنىش باشلىقىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن دەرس تەكرارلاشتا پايدىلىنىدىغان كىتابلىرى يوقاپ كەتتى. ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ھەل قىلغۇچ پەيتتە تەكرارلاش كىتابلىرى «گۆھەر» دىن ئەتىۋار بوپكېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش سىنىپىمىزدىكى چوڭ «مەسىلە» گە ئايلاندى. تەدبىرلىك سىنىپ مەسئۇلىمىز «گۆھەر» نى تېپىش ئۈچۈن پىشقان رازۋېدچىكلارچە سالاپەت بىلەن دېلوپاش قىلىشقا ئاتلاندى. بىردىنلا سىنىپىمىزدىكى 40 نەچچە ئوقۇغۇچى «گۇماندار» لارغا ئايلىنىپ قالدۇق. شۇ چاغدا بىردىنلا كاللامدا: «مېنى ئوغرى تۇتۇپ قالارمۇ؟» دەيدىغان ۋەھىمە پەيدا بولدى. بېشىم زىڭىلداشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمگە پاك ئىدىم. ساۋاقداشلارمۇ ھۆرمىتىمنى قىلاتتى. ئۆپچۆرەمگە قارىسام، كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ چىرايلىرىمۇ ۋەھىمىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئارىدا بۇ ئازابلىق «گۇماندار» لىقتا چىدىيالمىغان بىر غۇرۇرلۇق ساۋاقدىشىم يىغلاپ تاشلىدى. كاللامدا بىردىن سوئال پەيدا بولدى: نېمىشقا ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەيمەن؟ يا مەن كىتاب ئوغرىسى بولمىسام؟ ئەجىبا، ئادەم گۇناھسىز تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزىنى ئەيىبكاردەك ھېس قىلىپ قالىدۇ؟

«گۆھەر» مۇ تېپىلمىدى، تەدبىرلىك «رازۋېدچىك» نىڭ ھەرخىل چارە-ئاماللىرىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. شۇ ئىش تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىققىنى يوق. گۇناھسىز تۇرۇپ گۇناھكار بوپقېلىش تۇيغۇسى ئۆزۈمگە سوزۇلغان بىر جاھىل كېسەلدەك خېلى يىللارغىچە مېنى ئازابلىدى. ھەتتا بۇنداق ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسى - ئۆزۈم قىلمىغان ئىش ماڭا دۆڭگىلىپ قالارمۇ، دەيدىغان گۇماندىن كېلىپ چىققان ئۆز-ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەش تۇيغۇسى نەچچە يەردە چىرايىمنىڭ ئورۇنسىز قىزىرىشىغا سەۋەب بوپقالدى. كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا خەق مېنى «يانچۇقچى» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئىككى قولۇمدا ئاپتوبۇس شادىسىنى تۇتۇۋالىدىغان، بىرەرسى بىر نەرسەم يىتتىپ كەتتى، دەپ چۇقان سالسا، دەرھال ئىستىخىيىلىك ھالدا يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ سالىدىغان بوپقالدىم. ئوغرى مېنى ئوغرى تۇتقىلى ئوغرىلىغان نەرسىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلامدىم ياكى كاللامدا باشقا خىيال بارمۇ؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

كېيىن بۇنداق خۇدۇكچانلىق ھەققىدە ئۇزاقىچە ئويلاندىم. بىزدە پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى بولمىغاچقا، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سورىدۇم، لېكىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئاڭلىمىغاچقا، ئۆزۈم كىتابتىن جاۋاب ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم. دۇنياغا مەشھۇر پسىخولوگلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئالا قويمىدۇم. 20-ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى، ئەڭ چوڭ پسىخولوگ دەپ زىددىيەتلىك نامغا ئېرىشكەن فروئىدنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇدۇم، لېكىن جاۋاب تېپىلمىدى. ئاخىرى ئاللاغا تەۋەككۇل دەپ ئىگەم ئاتا قىلغان كاللامغا مۇراجىئەت قىلىپ، تەپەككۇر چىرىغىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتىم.

سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ «گۆھەر» دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن قوللانغان سىنىپ خاراكتېرلىك ئاممىۋى ئاختۇرۇش ھەرىكىتىدە مەسىلە باردەك قىلاتتى. ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاشقا خۇمار جۇڭگودا ئاممىۋى ھەرىكەت ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يوقاپ كەتكەن «گۆھەر» نى ئىزدەش ئۈچۈن ھەممە بالىدىن گۇمانلىنىش ماھىيەتتە كىتابتىن ئىبارەت «گۆھەر» نى ئىزدەش باھانىسىدا كىتاب يىتتۈرگۈچىدىن باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كىتابتىنمۇ قىممەتلىك، «غۇرۇر» دەپ ئاتىلىدىغان «گۆھەر» نى تاشقا ئۇرۇش پاجىئەسى ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ ئىش ماڭا ئەخلاقسىزلىق ۋە قانۇنسىزلىق تۇيۇلمىغان ھەتتا ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلىش زۆرۈر، بۇ بىر نورمال ئەھۋال، دەپ قارىغانىدىم: مەسىلە دەل بىر بالىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ 40 نەچچە بالىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇدىغان ھەرىكەتنى نورماللىق دەپ قوبۇل قىلىشىمىزدا ئىدى. كىتابنى قالغان 40 نەچچە بالىنىڭ ئوغرىلىشى ناتايىن، ئوغرى بىر ياكى ئىككى، ئەڭ كۆپ بولسىمۇ ئالتە-يەتتىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، بۇ سىنىپتىكى بالىلار «ئوغرى» دەپ گۇمان قىلغۇدەك ئەخلاقسىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەمەس، مەكتەپتىمۇ ياخشى نامى بار بالىلار ئىدى. گەپ، سىنىپ مۇدىرىمىزدىن ئىبارەت ئۇستازىمىز، ئىگىمىزنىڭ - قانۇني ۋەكىلىمىزنىڭ قىلىۋاتقىنىم توغرىمۇ-خاتامۇ دېمەستىن قوللانغان خاتا تەدبىرى - يولسىزلىقىدا ئىدى. ئۇنداقتا، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى نەدە؟

گەپنى ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن باشلىساق، ئۇ، بىرەر جەمئىيەت، بىرەر ئورۇندا ئاممىنى قوزغاش ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەت پارتىيە، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك بولسا، تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئالىدۇ. ئاما ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىپ ئۆزلىكىدىن باشلىغان ئاممىۋى ھەرىكەت غايەت زور ئىلغار ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا تۈرتكە بولىدۇ. مەلۇم ئادەم ياكى گۇرۇھ تەرىپىدىن مەلۇم شەخسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوزغالسا، ئۇ ھالدا بۇ ھەرىكەت جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسىگە

سەۋەبچى بولۇپ، تالاي ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت كۆپىنچە ھېسسىي تۈس ئالغان بولىدۇ. ھېسسىيلىق ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى قانۇنچىلىق بىلەن زادى سىغىشالمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ھېسسىيلىق قانۇنچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز خىيالىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئېغىر زور قانۇنسىزلىققا يول ئاچىدۇ. مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇھ تەرىپىدىن تۈيۈقسىز قوزغىتىلغان ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تايىنىدىغان قوزغىتىش ۋاستىسى ئاساسلىقى يەنىلا ھېسسىياتتۇر. نەق گەپنى قىلساق، بۇنداق ھېسسىياتقا تايىنىپ تۈيۈقسىز قوزغالغان ئاممىۋى ھەرىكەت قانۇننى چەتكە قاقىدۇ. قانۇن بىر دەۋرنىڭ ۋىجداننى قوغدايدىغان ئىجتىمائىي ۋاستە سۈپىتىدە ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ دەپسەندە قىلىنىش ماھىيەتتە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر، قانۇنسىزلىق، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكنىڭ كاپالەتسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسىدۇر. سىنىپ مەسئۇلىمىز ئەينى چاغدا دەل مۇشۇ خاتالىقنى سادىر قىلىپ، بىزنىڭ روھىيەت پەرۋىشچىمىز، ھاياتلىق بېغىمىزنىڭ باغۋەنى تۇرۇقلۇق ئۇنى ئۆز ئايىغى بىلەن چەيلىگەن گۇناھكارغا ئايلىنىپ قالغان.

جۇڭگو قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەريانىدىكى مۇھىم ۋاستە قىلىۋالغان بىر دۆلەت. نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە تۇرۇپمۇ ئەمدىلا قانۇنچىلىق ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان، نۇرغۇن قانۇن تۈزگۈچىلەر ۋە قانۇن ئىجراچىلىرى قانۇن ئەخلاقىدىن تازا خەۋەردار بولۇپ كېتەلمىگەن دۆلەت. شۇ تۈپەيلىدىن، ئارىمىزدا ئۆز ھېسسىياتىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ھادىسە پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە پۇقرالارنىڭ كاللىسىدا قانۇندىن گۇمانلىنىش، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكىدىن خاتىرجەم بولالماسلىق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلىنى پەيدا قىلغان...

تۆت داخۇەننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھەرىكەتلىنىپ قانۇن ئىجرا قىلىش قاچانغىچە بىزگە ھەمراھ بولار؟» دېگەن ماقالىسىدا: «پۈتكۈل 20-ئەسىردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇندۇق، دەسلىپىدە ھەدېگەندىلا سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغىدۇق» دەپ يېزىپ، 20-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ رېئاللىقىدىن بىشارەت بەردى. ھەقىقەتەن 20-ئەسىردە جۇڭگودا بەزىدە ئوڭچىل، بەزىدە سولچىل تۈس ئالغان نۇرغۇن سىياسىي ھەرىكەتلەر يۈز بەردى. بۇ جەرياندا ئىزچىل ھالدا سىياسىي قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇپ، نەچچە يىل ئىلگىرى ھاكىمىيەت توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىشلار نەچچە يىلدىن كېيىن كەچۈرگۈسىز گۇناھقا لايىق ئىشلار بوپقالدى. رەھبەرلىكنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى مەلۇم خىل قانۇندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەھۋال جەمئىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنمەس ئىجتىمائىي كېسەلگە ئايلاندى. ھەتتا كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كېسەل دەپ قارىمايدىغان بوپكەتتى. شۇ سەۋەبتىن جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا خۇدۇكسىرەش، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش ئومۇمىي پسىخىكىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا دۆلەت رەھبەرلىرى: «ئىدىيىنى ئازاد قىلىڭلار، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىڭلار» دەپ تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر تولا بۇرنىغا يەپ يۈرەكئالدى بوپكەتكەچكە ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا، دادىل بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بوپقالدى. ۋەھەتتا ھەرقايسى قاتلام رەھبەرلەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇش كەيپىياتى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەھبەرلىك ئىلمىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان يېڭى شەكىللەر ھەققىدە ئىزدىنىشنى تۈرتكە بىلەن تەمىنلەيدىغان جۈرئەتنى بوغۇپ، ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان پاسسىپ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. سىز ئۇزاققا نەزەر سالىمەن دەپ ئاۋارە بولماي ئەتراپىڭىزغىلا نەزەر سېلىڭ: «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا» ئىش تۇتۇپ، زىددىيەتتىن قېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تالاي جانباقتى ئەمەلدارلارنى كۆرىسىز. ھەتتا سىزنىڭ باشلىقىڭىز دەل شۇنداق ئادەم بوپقېلىشى مۇمكىن.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» دېگەن ھېكايىسىمۇ دەل ئاۋام ۋۇجۇدىدىكى مۇشۇ خىل خۇدۇكسىرەش، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كەيپىياتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگەن ئېسىل ئەسەردۇر. مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بىر بۇرۇتلۇق تىزىملانسا، ھەممە بۇرۇتلۇق ئۆز بۇرتىدىن ئۈركۈپ ساتىراشخانىغا يۈگرەيدىغان پسىخىكا دەل بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىمىزغا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشىمىزغا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىزغا دەخلى قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسىلىمىزدۇر.

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتتە ئاممىۋى ھەرىكەت، ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك، يىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپ ھېسسىياتنى قانۇندىن ئۈستۈن قويۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەتتۇر. ئەگەر قانۇن پۇقرالارنىڭ ئاڭلىقلىقىنى قوزغاپ، مەلۇم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار نىشانىغا يېتىشكە تۈرتكە بولسا، بۇ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى، قانۇن پۇقرالارنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3

2001-يىلى يۈز بەرگەن «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئامېرىكا تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نەچچە سائەتتىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا ھەرىكەتكە كەلدى. دۇنيادىكى 200نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھەممىسى مەيلى ئامېرىكىنىڭ دوستى ياكى دۈشمىنى بولسۇن ئامېرىكىدىن ھال سورىدى، ئامېرىكا خەلقىغە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەتتا نۇرغۇن دۆلەت ئامېرىكىنىڭ بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمىنى قوزغىغان تېررورچىلار(بۇ تېررورچىلار مەيلى گۇرۇھ بولسۇن، مەيلى دۆلەت بولسۇن)غا قايتارما زەربە بېرىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدىن «تېررورچى» دېگەن گەپ بىزگە ئارتىلىپ قالمىسا، دېگەن پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسى - ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش بۇ خەلقئارا

سورۇندىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. مەن ھەيران قالدىم.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە قارىساق، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ ھايۋاناتلار دۇنياسىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا كۈچلۈكلەرمۇ، ئاجىزلارمۇ بار. كۈچلۈكلەر ھەرخىل ئوسۇرۇق باھانىلەر بىلەن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. ھەتتا بۇيەردىكى ئادالەت تارازىسىنىڭ چوكىسى ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بىر قانۇنىيەت بەكمۇ ئۆزگەرمەس ۋە ئېنىق: يەنى بۇ سەھنىدە كۈچلۈكلەرنىڭ دېگىنى ھېساب، كۈچلۈكلەرنىڭ دېگىنى مەڭگۈ توغرا. شۇ سەۋەبتىن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قانداق بوزەك قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ ئاۋارە. ئاجىزلار بولسا ئىلىنىشىدىغان ساپاق تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئاۋارە. ھەتتا بۇ جەرياندا ئۇلارنى ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلى قىيناپمۇ قويىدۇ، بۇ ئۈركۈش بەزىدە تېخى كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باھانىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممىگە ئايان قانۇنىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ «قورساقنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقماسلىق.» ئىنچىكىلەپ گەپ قىلساق، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ خەتەرلىك ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن سەگەكلىكىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ كېتىشىنى ئۆزى دەۋاتقان گۇناھنىڭ جانلىق پاكىتى قىلىپ سۈرەتلەيدۇ. ئاجىزلار يەنە پاجىئە ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى كۈچلۈكلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكى، مۇتتەھەملىكى، ئوشۇقلۇقىدۇر. ھازىر ئامېرىكا يولۋاس، باشقا ئاجىز دۆلەتلەر توشقان رولىدا. توشقانلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ زور گۇناھى. ئۇلارنىڭ توشقان بوپقالغانلىقىدىن ئۆزگە «گۇناھى» يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆز نۆۋىتىدە ئاجىزلىقىمۇ زور گۇناھ.

## 4

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 6-سانىدا «گۇناھ تۇيغۇسى نەگە كەتتى؟» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدىم. ئۇ ماقالىدە ئادەمدە گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ بولماسلىقىنى پاجىئە دەپ ھېسابلاپ ئۆكۈنگەنىدىم. ئارىدىن ھالا بىرنەچچە ئاي ئۆتتى. تۇيۇقسىز ئەينى چاغدا چالا پىكىر قىلىپ قويغانلىقىمنى سەزدىم. گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ بولماسلىقى ئاپەت بولۇپلا قالماي، بۇ تۇيغۇنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىمۇ بىر ئاپەت ئىكەن. گۇناھ تۇيغۇسى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي گۇناھكار ھېس قىلىپ، توغرا ئىش قىلسىمۇ مەندىن خاتالىق ئۆتتىمىكىن، دەپ ئۆز-ئۆزىدىن ئەنسىرەيدىغان، بىرەرسى ئۈنلۈكرەك گەپ قىلسىمۇ، خۇدۇكسىرەپ يۈرەكئالدى بولۇدىغان بوپكېتىدىكەن.

نېمىشقا ئادەمنىڭ گۇناھ تۇيغۇسى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ؟

بۇ سوئال بىلەن تەڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىم ئېسىمگە كەپقالدى. ساۋاقدىشىم ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان بولۇپ، بەك تولا تاپا-تەنە ئاڭلاپ، تاياق-توقماق يەپ ئۆگىنىپ قالغاچقىمۇ، قاچانلا قارىسا غەمكىن يۈرەتتى. نېمىگىدۇر خۇدۇكسىرەيتتى. بالىلار بىكاردىن بىكار تىللاپ، ئاني تاپسىمۇ جىم تۇراتتى. ھەتتا باشقىلار ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىق ئۈچۈن، ھەممە ئىش ئېنىق تۇرسىمۇ ئۆزىچە خۇدۇك ئالاتتى. باشقىلار گۇناھىنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قويسا، ئۆزىنى ئاقلاش تۈگۈل ئۈجۈقۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۇنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ قالاتتۇق. بۇ بالىنىڭ يەنە بىر مىجەزى، ياخشى مۇئامىلە قىلىپ قويساڭ ھەيران قالاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ بىزمۇ ھەيران قالاتتۇق. ياخشى مۇئامىلە بەزىدە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بىر تېپىك ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرۈيدىغان بىچارە «توشقان» ئىدى.

گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە گۇناھكار ھېسابلاش، ئۆزىنىڭ مەن گۇناھكار دېگەن خىيالى بىلەن باشقىلارنىڭ سەن گۇناھكار دېگەن پوپوزىسىغا ئىشىنىپ قېلىشتۇر. ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ۋە قولچىلىق بۇ خىل تۇيغۇنى كۈچەيتىۋېتىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىلدۇر.

ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش، ھەتتا ئاخىرى بېرىپ سايىسىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈش بىزنىڭ بىر ئېغىر ئىجتىمائىي كېسىلىمىز. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى قانۇننى قورالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز سايىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويۇشنى بىلىش ۋە توشقاندەك 100 يىل ياشىغىچە يولۋاستەك بىر يىل ياشايدىغان ئىدىيە بويىچە ئۈستىمىزدىكى توشقان تېرىسىنى چۆرۈپ تاشلاشتۇر.


ھازىر ئېلىمىز قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى مۇھىم دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلىدى. لېكىن قانۇن بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش دۆلەتتىكىلا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ، پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشى، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قانۇنغا تايىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىزدە «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن ئىدىيە بىلەن قانۇنغا تايىنىدىغان روھ يېتىلسە خۇدۇكچانلىق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش شۇ چاغدا ئاخىرلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

دۇنيادا ئادەمدەك سەت ئۈركۈيدىغان خەتەرلىك مەخلۇق يوق. ئادەم ئۈركىگەن چاغدا ۋۇجۇدىدىن روھى چىقىپ كېتىپ (مۇھەررىردىن)، سايىسى تۈگۈل ھەتتا ئۆزىدىنمۇ ئۈركۈپ كېتىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىدىن مۇشۇنداق ئۈركىگەن چاغدا شۇ قەۋمنىڭ قىيامىتى تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولىدۇ.

2002-يىل 18-فېۋرال، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## ئۆي كۆچۈش ۋە ئادەمدىكى ئېلاستىكلىق

( ئەبجەش خاتىرە )

### 1

تۇرمۇشتا قارىماققا ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلە بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ «ئەرزىمەس» قاتارىغا چىقىرىۋەتكەنلىكىمىزدە. تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئېتىبارسىز قارىغانسېرى ئۆزىمىزمۇ ئاستا-ئاستا ئەرزىمەس ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. بىز ئۆزىمىزنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ يۈكسەك سەزگۈرلۈك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدىغان پىسخىكا بىلەن قۇرۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر. تارىختىكى شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ يېنىدا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدىغان ئەرزىمەس ئىشلارمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئەرزىمەس ئىشلار بۈيۈك كىشلەرنىڭ بۈيۈك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگەن مىنېرال تەركىبلەردۇر. ئۇلار دەل مۇشۇ تەركىبلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەشەرىيەتلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى باشقىلار تەرىپىدىن ئەرزىمەس دەپ قارالغان ئۇششاق سۆز-ھەرىكەتلەردە ئارام تاپىدۇ ھەم ئاستا-ئاستا خاراكتېر ۋە پىكىرنىڭ زاپاس كۈچلىرىنى جۇغلايدۇ. دېمەك ئىنساننىڭ تەبىئىلىكى ئىختىيارسىز قىلىنغان ئەرزىمەس ئىشلاردا كۆپرەك ئايان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلۇغلۇق بولمىغان يەردە كىشىلەر ئۇلۇغلۇقنىڭ دەۋاسىنى قىلىشقان ھالدا بىر-بىرىگە ئۇلۇغلۇقنى يۈك قىلىدۇ. ئىنسانىيلىقتىن يىراقلاپ كەتكەن ئالىيجانابلىق تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت.

مەن بىر ئاددىي ئادەم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىم ئۇششاق ئىشلار بىلەن قورشالغان. مەن ئادەملەرنىڭ يۈزسىزلەرچە ئالداشلىرىنى، مەمەدانلارچە زوكۇنلىشىشلىرىنى، دۇق قىلىشلىرىنى بىۋاسىتە تېتىشقا مۇۋەپپەق بولالايمەن. كىشىلەردىكى ھىيلىگەرلىك، تۇزكورلۇق، ئالىجوقىلىق، سۇيىقەست قاتارلىقلار كۆز ئالدىمدا نىقابسىز ھالدا يۈز بېرىدۇ. مەندە ئاددىي بولسىمۇ بىرەر ئەمەل كالتىكى ياكى ئابروي قالقىنى بولمىغاچقا، كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۆزىنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىنى بىمالال ئۇرالايدۇ.بۇلار ئىنسان تەبىئىتىگە ئازاب كەلتۈرسىمۇ،لېكىن ھاياتنى تېتىش ئىستىكىدىكى بىر ئاددىي زىيالىيغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان دورا-دەرمەكلەردۇر. كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ شەپقەتلىرىدە سەممىيلىك بولمايدۇ،لېكىن زەھەرخەندىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىن بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان شەخسىيىتى ئەشۇنداق تەقسىماتنى بەكرەك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.مېنىڭ مۇلاھىزەم ئاستىدىكى ئۇششاق ئىشلار دەل مېنىڭ ئاددىيلىقىمنىڭ ئايرىلماس قىسىملىرىدۇر.

### 2

يېقىندا ئۆي كۆچتۈم، بۇ مېنىڭ ئۆي تۇتقان 12يىلدىن

بۇيانقى 4-قېتىملىق ئۆي كۆچۈشۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زەكىيلىكى ئېشىپ كەتكەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ بىر ئاددىي ئادەمنىڭ پىكرىي سەرگۈزەشتى. سىز ئۇلۇغ بولسىڭىز، مېيىقىڭىزدا كۈلۈپ قويۇپ ئىبرەت ئالسىڭىز بولغىنى. ئادەمگە ئەۋرەت لاتىسچىلىك ئەسقېتىش تۇكۇل، ئارامغا ئايەت ئەكېلىدىغان نام-ئاتاقنى باشقىلارنىڭ ئۆز چېكىسگە تېگىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسلى كېيىمىزگە كەلسەك، يېقىندا ئۆي كۆچتۈم. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى يېرىم يىلدا بىر قېتىمدىن ئۆي كۆچۈپتىمەن. بۇ قېتىملىق ئۆي كۆچۈشۈم جاپالىق ھەم زىتىمغا تېگەرلىك بولغاچقىمۇ، ئۆي كۆچۈشنىڭ تەسىراتلىرى بىر قەدەر مول بولدى. بۇلارنى تۇرمۇشتىكى ئوششاق ئىشلار قاتارىدا ئۇنتۇپ كېتىشكە شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇنتۇش قىيىن بولغان ئىشلارنى بىراقلا دەۋېتىش ئارقىلىق خۇسۇسىي خاتىرىدىن يىراق قىلىش كېرەك. ئۆزىنى ئىپادىلەشتىن كېلىدىغان لەززەت پەيكىر قىلىشقا بولغان زوقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

قارىماققا ئۆي كۆچۈش ئاددىيلا بىر ئىش، لېكىن بىز «ئۆي»نى ئادەتتىكى تۇرالغۇ چۈشەنچىسگە ئىسكەنجىلەپ قويماي، روھىيەتنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن ماكان چۈشەنچىسگە كۆتۈرسەك، ئۆي ئىنسانىي مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ بىر تەركىبى بولۇپ چىقىدۇ. «ئۆي» ئىنسان شەخسىيىتىدىن مۇستەسنا ھالدا پەقەتلا بىر ماكان ياكى بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئامېرىكايالى ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە پاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى كاستېن خارس «بىنانىڭ ئېتىكىلىق رولى» دېگەن ئەسرىدە پەيلاسوپ پائۇل ۋېسنىڭ بىنا ھەققىدىكى مۇنۇ تەبىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ: «بىنا ئادەتتىكى بوشلۇقنى تەقسىملەش ئارقىلىق بوشلۇق يارىتىدىغان سەنئەت». مەن بۇ جۈملىدىكى «تەقسىملەش» دېگەن سۆزگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. «تەقسىملەش» بىناكارلىق ئىستىلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، لايىھەلەشتىكى كونكرېت ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا بىنانىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ئۇنۇمى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە روشەن مىللىي، دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈش بولىدۇ، بىناكارلىقنىڭ سەنئەت خاھىشىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دېمەك، بىر بىنا ئاخىرقى ھېسابتا بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قامدايدۇ ھەم ئۇلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «تەقسىملەش» دېگەن سۆزدە يەنە كىمنىڭ كىمگە تەقسىملىشى مەسىلىسى مەۋجۇد بولۇپ، بۇ، جەمئىيەتنىڭ ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇدىغان ئالامەت. بەلكى بۇ بىر جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمە خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردىمۇ كىمنىڭ كىمگە تەقسىملىشىمۇ بار. تەقسىملەشنىڭ قانداقلىقى ئىشلەپچىقىرىش تېمىسىدىكى بىنادا ئۆزگىچە، سودا بىناسىدا ئۆزگىچە، ئولتۇراق بىنادا ئۆزگىچە بولىدۇ. تەقسىملەشتە ئىنژېنېرنىڭ ئىنژېنېرلىق نۇقتىسىدىكى تەقسىملىشىدىن باشقا، ھوقۇق ئورگىنىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەنىدىكى تەقسىملىشىمۇ ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدۇ. مەلۇمكى، بىر بىنا ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، زور بىر ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئەزالارغا ئۆتكىلى بولىدۇ. تەقسىملەشتىن ئۆتكەن بوشلۇق ناتۇرال ھالەتتىن سىياسىي، ئىقتىسادىي، بەدىئىي ھالەتكە ئۆتكەن بوشلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆي»، «بىنا» دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىگە مەنىداش كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن خاسلىقنى نامايان قىلىش ئارقىلىق يەنە بىرىنىڭ خاسلىقىنى يورۇتىدۇ. بىزدىكى «بىنا» سۆزى يېرىك ھەجىمدىكى بىناكارلىق ئەسىرىنى بىلدۈرسىمۇ، ئۇنى «ئۆي» دېگەن كەڭ ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىشكە بولىدۇ. جانلىق تىلدىكى «ئۆي» ناھايىتى كەڭ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىز بۇ ئەسىرىمىزدە ئېستېتىك ژانىر سۈپىتىدىكى بىناكارلىق ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىبارەت مەخسۇس ئەمگەكنى ئۈستىمىزگە ئالمايمىز. پەقەت دەۋاتقان «ئۆي» ئۇقۇمى ئىسسىق جان بىلەن ئالاقىدار تەرەپلەرنى بەكرەك كۆزدە تۇتىدۇ.

بىزدىكى ئۆي كۆچۈشلەر كۆپ ھاللاردا ئىجتىمائىي دەرىجە ئاتلاشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىزدە سىياسىي، مەمۇرىي خادىملار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ ھەممىسى كادىر ھېسابلىنىدۇ. بىر پەن-تېخنىكا ئالىمى تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگۈچى ۋە ئۇ ھەقتە ئاشكارا تەبىر بەرگۈچى كىشى بولسىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن ئاڭ فورمىسىنىڭ زاپچاسلىق رولىنى ئۆتۈشى لازىم بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ياساپ چىققان لىسېنكو دېگەن ئالىم ئىدېئولوگىيە رەھۋازلىقىنىڭ پېچكىسى رولىنى ئۆتىگەنىدى. بىزدىكى «دۆلەت كادىرى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاڭ فورمىسى ئىنقىلابىنىڭ دەرىجىلەشكەن ئەزاسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كادىر ئاڭ فورمىسىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت ماشىنىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە رىسقى ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە. ئۇ، بۇ ماشىنىنىڭ سىرتىغا قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، تۇرمۇشتىكى مۇقىم كاپالەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئايلانما دۆلەت ماشىنىسىغا كۆنۈك تەبىئەتنى يېتىلدۈرگەن كادىرلار گەرچە بىرەر كەسپىي خادىم بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز ھېس قىلىدۇ. مانا، بيۇروكرات ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ بىرەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زامان قەھرىمانىنىڭ چوڭ بىر تراگېدىيىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرقانداق بىر كادىر كۈچىنىڭ بارىچە دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئوق سىزىقىغا يېقىنلاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇ، تۇتاي دېسە تۇتقىلى، كۆرەي دېسە كۆرگىلى بولمايدىغان ئابستراكتقا يېقىنلىغانسېرى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كىشىلىك تەبىئەتنىڭ ئوق سىزىقىدىن يىراقلاپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىگە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيدىغان گادىرماش گەۋدىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەقسىم قىلىش تەشەببۇسكارلىقى دۆلەت ماشىنىسى ئوق سىزىقىنىڭ مەپتۇنكار بىر ئالاھىدىلىكى. بىزدە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يۇقىرى ئۇنۋان تەلەپ قىلىشى تەمىنات ئۈستۈنلۈكى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ ئۆي (چوڭ بوشلۇق) تەلەپ قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا، مەمۇرىيەت دەرىجە تۈزۈمىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئەكسى.

كېكىل بيۇروكرات جەمئىيەت تەلىماتىنىڭ راۋاجكارى. ئۇ، بىناكارلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىنسانىيەتنىڭ روھىي پاناھلىق ئىزدىشىگە ئاپىرىپ تاقايدۇ. پروفېسسور كاستېن خارس: «بىنانىڭ ۋەزىپىسى ئىنسان بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇش، شەخس ۋە جەمئىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈدىغان يادرو بىلەن تەمىنلەش» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۆي

ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ ماددىيلاشقان ھالدىكى كېڭىيىشى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ قايناملىرىدا بىر كۈن يۈرۈپ، ئەدەب-ئەخلاق، ئەقىل، مەنتىقە،قانۇن-تۈزۈم ھالقىلىرىدا ئازماي ماڭىمەن دېگەن ئىنسان خىلۋەت ئۆيىنى تاپقاندا، ئۆز ساپاسىغا بېقىپ تۇرۇپ بىركىشىلىك ئىنسانچىلىقىنى ئارامغا چىقىرىدۇ. ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ دەپ قارىغان بۇ ماكاندا ئۆزىنىڭ ئۇتۇق ۋە سەۋەنلىكلىرى، ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرى، تەسىراتلىرى، پىلان ۋە قۇۋۋەتلىرى ھەققىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇ، بۇيەردە باللىرىنىڭ ساپ ھىدىنى پۇراشقا ئۈلگۈرىدۇ، سۆيگۈنىڭ پىلەكلىرىدىن ئىپتىدائىيلىق چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ خىمەكلىرىنى ھازىرلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت دېگەن زور گەۋدە ئىنسانلىق تۇسى بىر قەدەر ساپ ئەشۇ پاناھگاھنىڭ بوسۇغىلىرىدىن ھالقىپ چىققان. بىراق روھىي پاناھلىقلار بيۇروكرات ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ مونوپولىيىسىدە بولغاندا، ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ھېسسىياتى ھاياتلىق ئۈچۈن ئەنە شۇ قاتلامغا باغلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارچە ئىنسانىي ئېلېمېنتلارنى مونوپولىيەت ئورگىنىغا دوغا تىكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئورگان جانلىنىدۇ، كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ لەرزىدىن پەيدا بولغان دولقۇنلاردا لەيلەپ يۈرگەن جانسىز گەۋدىلەرگە ئايلىنىدۇ. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس دانىېل بېلل «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ:« ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بىرخىل مەنىۋى تېمپېرامېنت ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ - بۇخىل مەنىۋى تېمپېرامېنت ئەقىدىدىكى قىممەت قارىشى ۋە مۇكاپاتلاش شەرتلىرىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ، ئالاھىدە قۇرۇلما ئىچىدىكى ھەرىكەت پرىنسىپىدا ئايان بولىدۇ» .زىيالىيلاردىكى مەسئۇلىيەت روھىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۇلاردىكى كەسپىي بىلىمنىڭ ئىنسان تەبىئىيتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ،پەقەتلا جان بېقىش كوزىرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر. ئىنسان ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ئەقىدىلەرنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەن بىلىم مۇئەسسەسەلىرى بەئەينى قەلەندەرنىڭ قولىدىكى ساپايىغا ئوخشايدۇ.بۇ ساپايى مۇزىكا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نان ئۈچۈن قېقىلىدۇ، غۇرۇرسىز بىلىم بىلىم ئەھلىنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

مېنىڭ ھەرقېتىملىق ئۆي كۆچۈشۈم ئىنسانىي پائالىيىتىم ئۈچۈن بوشلۇق ئىزدەشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ مەقسەت ئورۇندىلىشتىن خېلىلا يىراقتا تۇرۇپتۇ. مەن ئازغىنە كەڭلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىۋان ياكى مەمۇرىي دەرىجەمنى ئۆستۈرۈشۈم كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەر تەرەپتىن ئۆپرىتىشىمغا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۆپراۋېرىپ،ئاخىرى كېرەكسىز بىر ئۇسكۇنىگە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن، ئادىمىيلىكىمدىكى ئۆزۈمگە خاس نۇرغۇن قىممەتلىك تەرىپىمنى ئۇنتۇتۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن قانداقتۇ مۇكەممەل تۇس ئالغان بيۇروكرات بىر فورمىغا لايىقلىشىشىم كېرەك،شۇچاغدىلا مېنىڭ نام-ئەمەل كارتوچكام يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ ئارقىلىق نوپۇز ۋە تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم ئەۋزەل ئىمكانىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەندە ئاكتىپلىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدا ئىجابىي قىممەتنىڭ بولۇشى ناتايىن، مەن پەقەت ئابستراكت تەرتىپ ۋە پرىنسىپلار دۇنياسىدا ئالدىراش ئۆتىمەن.

ئۆي كۆچۈش شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاس پائالىيەت كەڭلىكىنى قوغلىشىش، ئورگان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرخىل دەرىجە تەقسىماتى، تەبىقىلەشكەن تۈزۈلمە ماشىنىسىنىڭ فونكسىيىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك ھەرىكەت. ھەر قېتىملىق مۇشۇنداق ھەرىكەت كىشىلەر قەلبىدە ئورگاننىڭ سىياسىي كۈچى ھەققىدىكى روشەن ئىزلارنى قالدۇرىدۇ، بۇئىزلار كۆپەيگەنسېرى ئادەملەر ھوقۇقنىڭ سېھرىي كۈچىگە خۇراپىيلارچە ئىشىنىدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئورگان مەپكۇرىسىنىڭ كىلېتكىلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق يەردە ھەممە ئىش دۆلەت تۇسى ئالىدۇ،ھەممە ئادەم مەمۇرىيلىشىدۇ، ھەممە ئادەم خادىملىشىدۇ. ئاخىرى بېرىپ بىر ئىشچى ئۆز مەنىسىدىكى بىر ئىشچى بولماي قالىدۇ، سودىگەر سودىگەر بولماي قالىدۇ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچى بولماي قالىدۇ.ھەتتا ئىتمۇ ئىت بولماي قالىدۇ. زىيالىيلارچۇ؟ ئۇلار تار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن كەلگەن تەمە ۋە ھەسەتنىڭ دومباقچىسىغا ئايلىنىدۇ.

3

ئۆي كۆچۈشنى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت ئىلىملىرىنىڭ بىر تېمىسى قىلىشقا راستىنلا ئەرزىيدۇ. مەن ھەر قېتىم ئۆي كۆچكىنىمدە بىرمۇنچە ئىقتىسادتىن ئايرىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن جاھاننى كىتابتىن كۆزىتىدىغان كۈنگە قالغان بىر ئوقۇتقۇچى،كىتابتىن ئۆزگە قولغا چىققۇدەك مۈلكۈم يوق. ئۆي كۆچۈش كىتابلارنى نەگە سىغدۇرۇش غېمىنى ئەكېلىدۇ. كىشىلەر مېنى دوتسېنت دېيىشىدۇ،لېكىن مېنىڭ مائاشىم دوتسېنتقا لايىق ئۆي سېتىۋېلىشقا تېخىمۇ يەتمەيدۇ. مەن پەقەت يېتىشسىز شارائىتتا چەكسىز ساداقەت بىلەن چەكسىز ئىشلىشىم كېرەك، مانا بۇ مەندەك بىر زىيالىيدىكى خوجايىنلىقنىڭ كومېدىيىلىك مەنىسى. نام-ئۇنۋانلار يامغۇر تىلەپ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ لېۋىگە تېمىتىلغان تامچە. ھاجەتلەرنى قاندۇرۇش ئۇسۇللىرى كاپىتالىستىك تۇسكە ئىگە، كاللا بولسا سوتسىيالىزمچە .سوتسىيالىزمچە مائاش ئېلىپ كاپىتالىزمچە ئۆي سېتىۋېلىش زىيالىيلارنى ئۆلچەملىك پرولېتارىياتقا ئايلاندۇردى. ھەرقېتىملىق ئۆي كۆچۈشنىڭ شەكىل ۋە بوشلۇق پەرقى ئەسلىدىكى بىساتلىرىمنى بىكار قىلىپ قويىدۇ، ئەسلىھەلىرى كونىراپ كېرەكسىز بولۇشقا تەييار تۇرغان پاسكىنا ئۆي ئۆي ئېلىش خۇشاللىقىنى شۇ ھامان يوققا چىقىرىدۇ. تام-تورۇسلاردىكى چىراغلار يۇلۇۋېلىنغان، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا ئەخلەت دۆۋىلەنگەن خارابە كۆرۈنۈشلەر پۇقرالارنىڭ كېيىنكىلەرگە ئەخلەت يادىكار قىلىشتەك ئاسار-ئەتىقىگە ئايلىنىپ كەتكەن مىجەزىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزدىكى ئۆي كۆچۈشلەر كۆپ ھاللاردا شەكلى ئۆزگەرگەن قايتا قۇرۇش بولۇپ چىقىدۇ. شۇ تاپتا فرانسۇز مۇتەپەككۇرى سارترىينىڭ 1945-يىلى ئامېرىكا تۇرالغۇلىرى ھەققىدە يازغان بىر خاتىرىسى ئېسىمگە كەپقالدى. ئۇ، ئامېرىكا شەھەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە يېزىپ كېلىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلار پەقەت ئائىلىسىنى كۆچۈرسىلا بولىدۇ، بۇنەرسىلەر سايمان،ئۆي جاھازلىرى، سۈرەت ۋە خاتىرە بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار مۇشۇ نەرسىلەرنى جاي-جايىغا

قويسىلا بولغىنى. بۇنەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۆي ئىچىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلىپ، ئائىلىنىڭ مۇھاپىزەت ئىلاھىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ». ئۆي ئامېرىكا ئائىلىلىرى ئۈچۈن بىر قاسراقتۇر، دېمەك ئىزاھلايدۇ سارترىي يەنە. ئۆي ئىنسانىي ئېلېمېنتلارغا باي، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئۈستىگە سېلىنىشى كېرەك ئىكەن. بىزدە گۈزەل - ئەركىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماس قەدەمدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، تەقسىملەش قۇرۇلۇشى بولۇشى لازىم ئىكەن. بىزنىڭ ئۆي دەپ سېتىۋالغانلىرىمىز پەقەت تۆت تام، يەر ۋە تورۇس بىلەن قورشالغان بوشلۇق، بىزنىڭ سېتىۋالغانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە مۇلازىمەت ۋە كاپالەت دېگەن نەرسىلەر يوق ھېسابتا. بىزنىڭ سېتىۋالغانلىرىمىز مۇئەييەن چەكتىكى شارائىت ۋە مۆھلەت، بۇلارنىڭ ھوقۇققا ئايلىنىش كاپالىتىگە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

دەل-دەرەخلەرنىڭ كۆكۈرۈشى قاسراقتىن، ئادەمنىڭ تىرىكچىلىكى ئۆي-ماكاندىن ئايرىلالمايدۇ. سارترىينىڭ سۈپەتلىشى بويىچە ئۆينى بىرخىل قاسراق دېگىنىمىزدە، بىزدەك خادىملار بىر ئۆمۈر قاسراق ئۈچۈن ئىشلىگەن بولىمىز، قاسرىقىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىش ئۈچۈن مېۋە بېرىش رولىمىزنى قاسراققا بۇرايمىز. بەزىدە مەن ئۆينى ئىشتانغا ئوخشىتىپ قالىمەن. مەن بۇ ئىشتاننى تا ھازىرغا قەدەر ياسىنىش ئۈچۈن ئەمەس، ساغرامنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا كىيىپ كەلگەن بولدۇم. مەن ئۆي تەلەپ قىلدىم، ئۆي بولسا مەندىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى تۈزۈلمىگە بولغان ماداراچىلىقنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئۆيدىن پاناھ ۋە ئىللىقلىق تەلەپ قىلدىم، لېكىن بۇ ئۆينىڭ سوغۇق تاملىرى مېنىڭ پوستۇمنى شىلىۋېلىپ،ئۆزىگە يېپىنچا قىلدى.

## 4

شەھەرلىشىش بىزدىكى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ۋە بېزەكچىلىكنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى تارايتىۋەتتى. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىكى ئاقما نوپۇسلار شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ھەم يېڭى گۈللەنگەن شەھەرلەرنى پەيدا قىلدى. ئولتۇراق رايونلاردىكى مىللىي تەركىبلەرنىڭ ئارىلاش بولۇشى، سودىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى خۇسۇسىيلىشىشى، ئۆينىڭ تاۋارلىشىشى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ئارقىسىدا مۇئەييەن مەدەنىيەتنى بەلگە قىلغان ئاھالە تۈركۈمىنىڭ مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى تەسىرگە ئۇچرىدى. ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەت ئاساسىدىكى ئاھالە تۈركۈمى بولۇپمۇ ئۈرۈمچى رايونىدا ئىستىخىيىلىك چېچىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردىكى مىللىي تۈركۈم ماكان بىرلىكىدە ئەمەس، بەلكى تىل، مەدەنىيەت، ئېتىقاد بىرلىكىدە داۋام قىلىدىغان باسقۇچقا كىردى. ئەگەر تىل، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقادتىكى ساپلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىسا، كېيىنكى بىرلىكنىڭ ئاساسىمۇ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال شەھەر رايونىدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆي-ماكانىنى ئەجداد روھى بىلەن باغلايدىغان ئەقىدىسىنى تەدرىجىي يېمىرىپ تاشلىدى. چۈنكى ئورۇن ۋە بوشلۇقنىڭ كۆلەملىشىكەن ھالدىكى پىلانلىق تەقسىملىنىشى ۋە شەخسلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان بېقىندىلىق ھالىتى مىللىيچە گۈزەل سەنئەت قارىشى ھەم مۇھىت قارىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس ئىقلىمى ئۇلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئۆزگىچىلىك كۆپ قاتلاملىق دىنىي مەدەنىيەتنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ۋە ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇستەقىل ئېستېتىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرگەندى. ئەلۋەتتە، ئۆي-ئىمارەتتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم بىر قاتار گېئومېترىيىلىك،ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى، باغۋەنچىلىكنى بەرپا قىلغان بوتانىكىلىق بىلىملەر ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ،سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىلىرىنى ياندىش بىشارەتلەيدۇ. بىز تارىختىن مىراس قالغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىزنالىرىمىزغا ئاساسەن دىيارىمىزنىڭ يەن تارىخىنى، خەلقىمىزنىڭ بىلىش تارىخىنى ۋە تەپەككۇر ئۇسلۇبىنى يېزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى تاپالايمىز. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قەدىمىي شەھەرلىرىمىزدىكى ئەنئەنىۋىلىك زامانىۋىلىككە ئورۇن بېرىشكە باشلىدى. قوشنا ئىقلىملاردىن كەلگەن تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە مەھسۇلاتلار، ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ۋە ئەندىزىلىرى تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ قاتمۇ قات لاتقىلىرى ئۈستىدە كۆزلەرنى ئۆزگىچە رەۋىشتە چاقنىتىشقا باشلىدى. لاتقىلاردىكى قىممەتلىك تەركىبلەر تىرىكچىلىك غېمىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن مۇستەسنا بولۇشقا باشلىدى. ئېكولوگىيىلىك بۇلغىنىش ئالدى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇلغىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرى بېرىپ مەنىۋىيىتى تېخىمۇ ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ كوھقاپىغا ئايلىنىدۇ. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭى ئىستېمالنى مەزمۇن قىلغان شەھەر مۇھىتى ئىمارەتتىكى بوشلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ بوشلۇق ئەلۋەتتە ئىستېمال ئېھتىياجىغا، زامانغا لايىق ھالدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۆيلەردىكى بوشلۇقلارنىڭ ئەنئەنىگە يات رەۋىشتە ئۆزگىرىپ بېرىشى، كوچا-رەستىلەرنىڭ بازار مەنتىقىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇشى قىشلاق ۋە يايلاق مۇھىتىدىكى ئىككىلىك ۋە كەڭتاشاچىلىققائادەتلەنگەن ساددا،مەرد،سېخىي كىشىلەرنىڭ پائالىيەت شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ تاشلىدى. بىز ئادەتتە ئاسمىنى كەڭ دالىدا قىيغىتىپ چوڭ بولغان ئادەمنىڭ مېڭىشى بىلەن شەھەرلەردىكى تۈز ئاسفالىت كوچىلاردا ئىنتىزام ۋە تەرتىپلەرگە دىققەت قىلىپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ مېڭىشىنى سېلىشتۇرساق، روشەن پەرقىنى بايقايمىز، بىرىسىنىڭ مېڭىشى مەردانە ۋە قوپال، يەنە بىرىسىنىڭ مېڭىشى سىپايە ۋە نازۇك بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسىدىمۇ بەزى پەرقلەر شەكىللەنگەن بولىدۇ. پائالىيەتتە مەنپەئەت نىگىز بولسا، ۋاستە سۈرئەت دېمەكتۇر. ۋاستىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى مەنپەئەت كۈرىشىدىكى جىددىيلىكنى ۋە ماكان جەھەتتىكى تارىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۆرەلمە تىپلىق بىرقىسىم ئۆرپ-ئادەتلەر يېڭى سۈرئەتكە ماسلىشالمايدۇ-دە، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئەخلاق قارىشىغا ياتىدىغان ئامىللار يات مەدەنىيەتكە پاسسىپ ماسلىشىش بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەخلاقمۇ پەيدىنپەي شالغۇتلىشىپ بارىدۇ. شەھەرلەردىكى

ئۆيلەرنىڭ لايىھىلىنىشى مىللىي ئەخلاق مەزمۇنلىرىنى ئويلاشمىغاچقا، ئەخلاق ئۆيىنىڭ قۇرۇلمىسىغا بېقىپ ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئادەم مۇھىتقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزگەرتكەنىكەن، ياتلاشقان ئەخلاقمۇ ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇ، ئاددىي كىشىلەر بايقىيالمايدىغان مەجھۇل ھالەتتە يۈز بېرىدۇ. بۇنداق چاغدىكى سىقىلىش ئاز-ئاز، گاھ - گاھ بولغاچقا، ئىنسان تەبىئىيىتىنى ئۆزىگە ئاسان كۆندۈرەلەيدۇ.

بىناكارلىق ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەتنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇجەسسەم سەمەرىسى. خۇددى ئادەمنىڭ بەدىنىدە مىندىلىبفنىڭ ئېلېمېنتلار دەۋرىي قانۇنىي جەدۋىلىدىكى ئېلېمېنتلار گارمونىك مەۋجۇد بولغاندەك، بىر ئۆيدە بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تومۇرلىرى ئۇچراشقان بولىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى ھەر قېتىم ئۆي كۆچكەندە «خۇالىك» سودا شەھەرچىسىگە تالاي رەت قاترايدۇ، ئۇلار تۇرمۇشقا كېتەرلىك ئۆي ئەسلىھەلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئەنە شۇ يەردىن سېتىۋالىدۇ. بۇ يەردە مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىمىز ۋە سانائەت بۇيۇملىرىمىزنى ساتىدىغان بىرمۇ دۇكان يوق. ئالدىراش تارچۇقلاردا ھارۋا تارتىپ قاق سېتىپ يۈرگەن بىرقانچە دېھقان كىشىگە كۆلكىلىك بىر قىستۇرما بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇرۇن قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەردە ئىشلەنگەن ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ھىندىستان، چاڭئەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا بازارلىرىدا شۆھرەت تاپقان بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەشقەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تىپىك مىللىي قول ھۈنەر يۇرتى سۈپىتىدە تارىختىكى گۈللەنگەن دەۋرلەرنىڭ ھارغىن مىراسخورى بوپقالدى. قەشقەر كوچىلىرى ۋە بازارلىرىنىڭ نامى ئەينى دەۋردىكى مۇكەممەل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى قەشقەر باشقا ئىقلىملاردىن كەلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قاششاق ئىستېمالچىسىغا ئايلىنىپ بولدى. تۈرلۈك ھۈنەر - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىدىغان ئۈستەڭبويى كوچىسىدا تاقا سوقۇۋاتقان ۋە ئەگرى كاناي ياساۋاتقان ئۇستىلارنىڭ بولقىسىدىن كەلگەن سادالا ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا قەشقەر بىلەن خۇالىكنى سودا - سانائەت جەھەتتىن قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ بىر خەلقنىڭ نوقۇل ئىستېمالچى قىياپەتتە ئىجادكارلىق تەلەپ قىلىنىدىغان يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇشى ساغلام بولمىغان ئىجتىمائىي ھالەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 5

ئادەم نېمىشقا ئۆيگە موھتاج بولىدۇ؟

مۇقەددەس كىتابلاردا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ قانداق قەسىردە تۇرغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە يوقتەك تۇرىدۇ. بەلكىم ئىنسان شەرتپىگە شەرتلىك ھالدا تارتۇق قىلىنغان جەننەت ئۆزىنىڭ تەللىكى بىلەن گۈزەل بولغاچقا، ئۆي ھەققىدە ئويلاش ھاجەتسىزدۇ. بىراق ئۇلار پانىي ئالەمگە سۈرگۈن قىلىندى، ئۇلار ئەمدى جەننەتنى ئىلاھ كۆرسەتكەن يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ زاتىدىكى ئۇرۇقىدىن بەرپا قىلىشى كېرەك بولدى. ئۇلارنىڭ پېشىدا ئىبلىسمۇ بار بولدى. ئىنسان خىرىس ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ چېكى يوق سۇلالىسىگە قەدەم قويدى. ئىنسان مۇشەققەت، ۋەھىمە، كەمكۈتە بىلەن تولۇپ-تاشقان پانىيەتتە ئۆزىگە پاناھلىق تېپىپ قوغدىنىشنى ئىنتايىن زۆرۈر بىلدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كەم بولغان نەرسىلەرنى جاپالىق مېھنەت ئارقىلىق تولۇقلاشقا باشلىدى. ئىنسان ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان يەردە ياشاشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ماكان يارىتىش ئۈچۈن ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلدى. چۈنكى ئۆي ئىنسان جىسمىنىڭ كېڭەيگەن شەكلى، ئۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە لايىق روھ بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئۆيىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىگە خاس مەنىۋى دۇنيانىمۇ قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۆيدىكى نەقىش، لىم، بىرەر ئاسار-ئەتىقە، تەكچىدىكى ھەرخىل بۇيۇملار، ھەتتا تامدىكى بىرەر داغمۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىخلاسى ھەم ئېتىقادى بىلەن تەبىئىي ئۇيغۇنلۇقنى، ئۈن-تىنسىز دىئالوگنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، ماھىيەتتە بىرخىل ئارامبەخش روھىي گىمناستىكا بولۇپ، روھ ئاشۇ خىل يول بىلەن راھەتلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىدىكى «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن ماقال مۇشۇنداق ئىچكى كەچۈرمىشتىن كەلگەن. ھەركەت بىر خىل بەدەن تىلى سۈپىتىدە ئىپادىلەشكە كىرىدۇ، ئىنسان ئۆزىنى يېتەرلىك ئىپادىلىگەندە ئەركىنلىك ھېس قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆي-ماكان ھەققىدىكى سەزگۈمىز روھىمىز ھەم بەدىنىمىز ھەققىدىكى سېزىمىمىز بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. كىشىلەردىكى ۋەتەن سېزىمى مۇشۇنداق ئۆزلۈك ھالىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بولۇپ، ۋەتەندىكى ھەربىر شەيئىي مەنىۋى ھاياتنىڭ ئىشارىسىدۇر. ۋەتەندە ئۆزلۈك بىلەن مۇھىتنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يېقىن بولىدۇ ياكى بىر تۇتاش بولىدۇ، بۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئازادىلىك تۇيغۇسى سىنىڭ ئىنسانىي قەدرىيىتىڭنى تاۋلايدۇ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئىلھام بېرىدۇ. ۋەتەننىڭ بىر تال تېشىمۇ كىشىگە تارىخىي تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇ تۇيغۇ بىزنى نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى ئەجدادلارنىڭ روھىغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇيەردە سېنىڭ تارىخ بىلەن تۇتاش روھىڭغا مەنسۇپ نەرسىلەر بولمايدىكەن، بىگانىلىقنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ قاتتىق ئازابى سېنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. ۋەھىمە بىر ھېسابتا ئۆزاققا سوزۇلغان ئۆلۈمدۇر.

ئىنسان ئىزدەيدۇ، ئۇ ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەرنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان ئۆزىگە خاس دۇنيانى ئاپىرىدە قىلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئۇ ئۆزىگە يات نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا كۆنۈپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتلىق ئەۋزەل، پەقەت ھاياتلىق بولغاندىلا مەقسەت كۆرۈشى بولىدۇ. ئىنسان ئاۋۋال روھى بىلەن ئىزدەيدۇ، ئاندىن كۆزى ۋە باشقا جىمى ئەزايى بىلەن ئىزدەيدۇ. ھاياتنىڭ ھەر بىر نۇقتىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆتەڭ، ئۇ، چەكلىك شارائىت ئىچىدە چەكسىزلىكنىڭ چاقىرىقىنى غۇۋا ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

ئىنسان قوغلايدۇ، ئىنسان چېكىنىدۇ. مەشرەپ ۋە ئىبراھىم ئەدھەملەر نەگە بارماقچى؟ كافكا ئۆزىنىڭ «قەلئە» ئەسىرىدە نېمە ئىزدىمەكچى؟ ئىنسانىيەتنىڭ ئېرالىق مەدەنىيىتى ئىزدەش ۋە كۆچۈش بىلەن تولغان. چىڭ يازغۇچىسى مىلان كونديرانىڭ دۇنياسىدىكى مۇنۇ قۇرلار

www.uyghurkitap.com

ئادەمنى ئۆيىگە سالدى:

بىر چېنە كىشىنى كۆچمەنلىككە تەستىق سېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. باشقۇرغۇچى خادىم ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن قايەرگە بارماقچى؟

— قايەر بولسا بولۇۋېرىدۇ.

باشقۇرغۇچى خادىم ئۇنىڭغا يەرشارى خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ:

— ئۆزۈڭ تاللا، — دەپتۇ.

ئۇ قاراپتۇ، قاراپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ.

— سىزدە باشقا بىر يەرشارى خەرىتىسى يوقمۇ؟

ئادەم ئۆزى تۇرغان مۇھىتقا نىسبەتەن مەلۇم ئېلاستىكلىق ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. لېكىن ئادەمدىكى ئېلاستىكلىقنى مۇتلەق ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش تەس. ئېلاستىكلىقنىڭ ئوخشىمىغان مەيداندا ئوخشىمىغان نىشانى بولىدۇ، ئۇ شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ ھەم قىسقىرايدۇ.

# ئوغلۇم بابۇر

(بەگۋاش خاتىرە)

ئىسىم بىر ئادەمگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ ياكى بىراۋنىڭ پەزىلىتى ھەم سۈپىتىدىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئەجدادلاردىن مىراس بىرەر ئارزۇنى ئىزھار قىلالايدۇ. زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆز قەلىمىدىكى يېتۈكلۈك، ئەلىمى ئىشلاردىكى دانالىق ۋە جەسۇرلۇقى بىلەن مەندە قايىللىق قوزغىغان مەنىۋى يۇلتۇزلارنىڭ بىرى. ئەلەم بىلەن قەلەم ئانچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمىگەن بۇ باھادىرنىڭ سىماسىدا شۇنداق قاملىشىپ ئىپادە تاپقانكى، ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلىتىدىكى سۇخەنساز مۇتەپەككۇرلارنىڭ دۆلەت بېشى بولۇشىدەك يۈكسەك پەللىنىڭ تارىخىي رېئاللىقى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولمىش مەزكۇر شەخستە تولۇق جۇلا تاپقانىدى. تارىختا بۇنداق مىساللار بولغانۇ، لېكىن بۇ قەدەر تەبىئىي ھەم زوقلىنىشلىق ئەمەس. ئەلەم ۋە قەلەمگە ئائىت دانالىق ئىزنالىرى زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ باللىق مەزگىللىرىدىلا روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. شائىرانە لاتاپەت ۋە ئەمىرانە جاسارەتنىڭ بىرىكمىسىدىن ئۆرە بولۇپ، تارىخ مۇنبىرىدە ھەيۋەت بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ گىگانت ئوبراز مەندە ھەۋەس ئويغاتقاندا، ئەلگە ئاسايىش تىلەيدىغان قەلبىم ئۇنىڭ ئەيمىنىشلىك نامىنى پات-پات زىكىر قىلىپ سالاتتى. يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجى ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك تاناسىپلىق ئايلىنىشلىرىدىن ئىزگۈ نىشان بەردى: 1996-يىلى 20-نويابىردا ئوغلۇم دۇنياغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا «بابۇر» دەپ ئىسىم قويدۇم.

مېنىڭ بۇ ئىشىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئالدىدىكى پەيۋەندىلىكمۇ ئەمەس، ئەجدادلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەشمۇ ئەمەس، ئىسىملارنىڭ تىلسىملىق رولىغا ئىشىنىشمۇ ئەمەس، پەقەتلا بىر زوقلىنىش، پەقەتلا بىر ئارزۇ. ئادەمدىكى پەزىلەت ئىسمىغا مەنا بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىسىم ئادەمنىڭ ئۆمرىگە مەنا بېرەلمەيدۇ. مەنا توغرا يول ئۈستىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشتا كامال تاپىدۇ.

ئوغلۇم ھاياتىمنىڭ داۋامى، ئۇنىڭ يۇمران تېنىدە ئەجدادلىرىمنىڭ گىگانت تارىخى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئۇنىڭدا ئەر-ئايال ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى مۇجەسسەم، ئۇنىڭدا يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ كېلىماتى بار، ئۇنىڭدا بىز ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپراقنىڭ تەمى بار، ئۇنىڭدا سەلتەنەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك تارىخنىڭ نەپەسلىرى بار. ئۇ، كەلگۈسىدىكى تارىخىمىزنىڭ رول ئالغۇچىسى ياكى رېژىسسورى. ئوغلۇم چەكسىز ۋاقىت ھەرىكىتىنىڭ ئاشكارا دولقۇنى. بۇ دولقۇندىن يېڭى بىر دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ مەن ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىگە تارايمەن. ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىدە مېنىڭ ھالال قېنىم يالتىراپ تۇرىدۇ. بۇ قاندا مېنىڭ ئۆز تارىخىم جۇش ئۇرىدۇ. تارىخ ساپ قاننىڭ تۆرەلمىسىدىن ئۆز كامالىتىنى يارىتىدۇ.

روشەنكى، پەرزەنتلىرىمىز تىرىك تارىختۇر. مەن ئوغلۇمدىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى سەزگەنىدىم، لېكىن بۇ ئىلھاملار تىرىكچىلىكنىڭ غەۋغالىرىدا يوقىلىپ كەتتى. بۈگۈنكى تىرىكچىلىك ئىنساندىن مېھنەت ۋە ئەقىل تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىنساننىڭ تەبىئىي شەخسىيىتىگە ياتىدىغان ھەممە ئېلېمېنتلارنى — تۇيغۇ، خىيال، چۈش، جۆيلۈش، سۈكۈت قىلىش كەبى ئارامىي دەقىقىلىرىمىزنى دوتكىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، مەن ياشىغانسېرى ئىنسانلىقىمدىن گۇمانلىنىدىغان بوپقالىمەن، ھەتتا ئىنسانىيلىقىمنى يوقىتىپ قويىمەن. شۇنداق ئىكەن، ئوغلۇمنىڭ سەبىي جىسمىدىن كەلگەن تاتلىق تۇيغۇلا كىشىنىڭ نېرۋىسىنى تالان-تاراج قىلىدىغان جاھانسازلىق ھاۋاسىدا يىگىلەپ ئۆلدى. ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن بېرى تالاي قېتىم قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا تەمشەلدىم، چۈنكى مەن ئۇنى كۆزىتىكەنسېرى ئۆزۈمنى ئەقىلسىز، ناپاك، گاداي، تومپاي، رەھىمسىز ھېس قىلاتتىم. خۇسۇسىي كۇتۇپخانامغا يىغىۋالغان دۇنياۋى شېئىرىيەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاراۋاتقان ساپ ئىنسانىي پۇراق ئالدىدا ئەرزىمەس ئىدى. مەن ئەنە شۇ چاغدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى خاتىرىلەشكە ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى بەلكى نۆۋەتتىكى جەمئىيەتنىڭ تالاي نازۇك نەپىسلىك شېئىرلارغا موھتاج ئىكەنلىكىنى سېزەتتىم. شۇ چاغدا ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دەيتتىم: «بەلكىم نۆۋەتتىكى پۈلپەز دۇنيا شائىرلارنى مامات گىردابىغا ئىتتىرىپ يېقىن قىستاپ بارىدۇ. لېكىن شېئىر يازمايدىغان شائىرلار باغرى قېتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ غولىنى ئانچە-مۇنچە ياشارتىپ تۇرىدىغان شەبنەم بولالايدۇ، بۇ شائىرلار دەل بالىلار». چىڭگىز ئايتماتوفنىڭ «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» ناملىق پوۋېستىدىكى چىڭگىزخان دەل ئۆزى باسقۇن قىلغان ئەلنىڭ بىر بوۋىقىنى قەتلە قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىگە خاسىيەتلىك سايە تاشلاۋاتقان ئاق بۇلۇتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چىڭگىزخان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ. بۇيەردىكى ئاق بۇلۇت ئىنسانىي خۇسۇسىيەتكە ۋە ھەققانىيلىق تۇيغۇسىغا ئىگە لەشكىرىي ئىستىقامەتنىڭ نۇسرەت كاپالىتى ئىدى. بالىلارغا قىلىنغان رەھىمسىزلىك بۇ خىل نۇسرەتنى بەربات قىلدى. ئەسەردىكى ئاق بۇلۇت بالىلار ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي ئاۋاتلىقنىڭ كۆرۈنۈشى ياكى بالىلارچە روھىي مەنىشەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىشارىتى ئىدى. تارىخىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىك دەرىجىسى شۇ ھەرىكەتنى ئىجرا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەبىئىيىتىدىكى باللارچە ھالاللىق ۋە ساپلىقنى قۇرۇتۇپ تاشلىغاندا توسقىلى بولمايدىغان ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ھەرقانچە ئاقىل بولغاندىمۇ، سەبىيلىك ۋە گۈزەللىككە ھامان سېزىك بولىدۇ. بۇنداق سېزىكلىكنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا يول قالمىغان جەمئىيەت ئۆزىنىڭ داۋام ئېتىش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. تەرەققىيات ئىنسانىيلىق ۋە ئادىمىگەرچىلىكنى خاراب قىلىش بەدىلىگە پەيدا قىلىنغان ماددىي مەئىشەت ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ئېلېمېنتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ھالدا ھۆرمەتكە ئېرىشىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئىنسان ۋە ئىنسانىي روھ چەتكە قېقىلغان جەمئىيەتنى قىياس قىلىش مۇمكىن دېيىلسە، بۇ دەل مۇئەييەن سىياسىي پروگراممىنى ئوق قىلىپ دەۋر قىلىۋاتقان ماشىنىلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئايتماتوف «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» پوۋېستى ئارقىلىق ئۆز پۇقرالىرىنى سىياسىي ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان سوۋېت بيۇروكراتىزمىنىڭ ھالاكىتىدىن بىشارەت بەرگەن.

ئوغلۇمنىڭ سۈپسۈزۈك دۇنياسى جەمئىيەتتە كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ياسىۋالغان ئەقىل قالقىنىم ئۈچۈن لىللا تەنقىد ئىدى. مەن تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلىشىم كېرەك، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىم كېرەك، ئۇششاق-چۈششەك ئۆرپ-ئادەتلەرگە مۇراسىم قىلىشىم كېرەك، نۇرغۇن يالغان گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىشىم كېرەك، بەزىلەرگە ئەتەي ھىجىيىشىم كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا يىغلىشىم كېرەك، چىڭقىلىپ توۋلىشىم كېرەك، سالام بېرىشىم كېرەك. جەمئىيەت دېگەن ئۆز نەپسىنىڭ كويىدا يۈرگەن ھەرخىل كىشىلەرنىڭ توقۇغان يوسۇن تورلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بىرخىل رەڭگا رەڭ تور. بۇ تورنىڭ بىر يىپى بىلەن يەنە بىر يىپىنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ. مەنمۇ ئەشۇ تورنىڭ ئاراچىلىرىدىن ئۆز رىسقىمنى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئىنسان بۇ تورنىڭ يىپلىرىنى كۈچلۈك نەپسىنىڭ شۆلگەيلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەن بىر كۈن دېگۈدەك ئۆز خاھىشىمنىڭ سىرتىدا يۈرۈپ، نېرۋام كاردىن چىققاندا ئۆيۈمگە قايتىمەن،مېنى سەمىمىي، ساپ بىر دۇنيا قارشى ئالىدۇ. بۇ دۇنيا مېھىر تامچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان ئىللىق ئائىلىنى قاپ قىلىپ بارغانسېرى چوڭايماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ گۈگۈراشلىرىدىن ،تېپىرلاشلىرىدىن، تۇرۇپ-تۇرۇپ يىغلاشلىرىدىن،جىددىي قىياپەتتە ئۆمىلەشلىرىدىن،نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلىشلىرىدىن،ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن لەززەتلىنىپ، ئاستا-ئاستا ماشىنا ھالىتىمدىن ئادەم ھالىتىمگە قايتىمەن. مەن ئەتراپىمدىكى چىنلىقنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمنى قايتا كەشىپ قىلىمەن. مەن بىر كۈن تالادا يۈرۈپ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قېلىپلىرىغا ماسلىشىمەن ۋە ئۆزۈممۇ قېلىپقا ئوخشاپ قالىمەن، بەزىدە يۈرىكىمنىمۇ سۇلياۋدىن ياساپ قويغاندەك سېزىمەن.ئۆيگە كىرگىنىمدە بىر چىن ئىنسان بارچە سۈنئىي يەرلىرىمنى ماڭا كۆرسىتىپ قويىدۇ. بىر ئىجتىمائىي ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىگە قايتىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق چاغدا خۇددى گىرىمسەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھايات ھەققىدە ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان ياكى بىرەر كىتابتىن كۆرۈپ باقمىغان پىكىرلەر سۈبھىي ئاسمىنىدىكى چولپاندەك چىراي ئېچىشقا باشلايدۇ، يازغۇچىلىق بۇرچۇم قوزغالغاندەك بولىدۇيۇ، ئەمما بۇنداق

قوزغىلىش سۈپەتلىك، ئۇزاق قەلەم مۇساپىسىغا يارىمەيتتى. چۈنكى بەزى پىكىرلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئارامخۇدا تۇرمۇش كېرەك بولىدۇ.سېنىڭ پىكىر تەختىكامىڭغا تەسىر قىلىدىغان،كۆڭۈل كۆزۈڭگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولماسلىقى كېرەك. بىراق يېقىندىن بۇيانقى تۇرمۇشۇم كۆڭۈل رايىمنى تېرە-پىرە قىلىدىغان ئالدىراشلىق بىلەن توشۇپ كەتتى، بارغانسېرى ئۆزۈمنىڭ ئەس-ھۇشۇمغا ئىگە بولالمايدىغان بوپكەتتىم. تۇرمۇش تەشۋىشلىرى مەن كونترول قىلالايدىغان دەرىجىدىن ھالقىپ، روھىي دۇنيايىمنىڭ ئاران تۇرغان مۇۋازىنەتلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈزۈككىنە بىر نەرسە يېزىش خىيالى كۆپۈككە ئايلىنىپلا كەلدى. ئويلاپ باقسام، تاھازىرغا قەدەر يازغانلىرىم زاكاسىنىڭ مەھسۇللىرى بولۇپ چىقتى، ئۆزۈم پىلانغا ئالغان چوڭ پىلانلار پەقەت بىر ئارزۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

ئوغلۇم بارغانسېرى مەنىسىز ھەم كۆڭۈلسىز تۇرمۇشۇمدىكى بىردىنبىر ئەرمەك بوپقالغانىدى.مەن ئۇنىڭدىن شائىرانە تەبىئىيتىم ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى تاپالايتتىم. سىرتتىن ھارغىن كىرگەن چاغلىرىمدا، ئۇ ئىشتانسىز ھالدا قوڭغۇرىقىنى ساڭگىلىتىپ ئالدىمغا يۈگرۈپ چىقىدۇ-دە، ماڭا يامىشىشقا باشلايدۇ.بۇرنۇم ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىدىن تارالىۋاتقان ئادىمىي پۇراقنى سەزگىنىدە تېنىم راھەتلىنىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەڭ سەمىمىي ئالاقىلار باشلىنىدۇ. يىللار ئوغلۇمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۇراقنى ئاستا-ئاستا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بوۋاق چاغلىرىدىكى تاتلىق سۈت ھىدى ئۆزگىچە بىر ھارارەتكە ئىگە ئىدى،بۇ ھارارەتتە ئانىسىنىڭ مېھرى ۋە ئۆزىدىكى ھاياتىي كۈچنىڭ تەپتى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئوغلۇمدىكى مەسۇملۇق ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان ئىشقىمنى مەسئۇلىيەتچان دادىنىڭ ئالىيجاناب تۇيغۇسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ گويا ھاياتلىق ھالقىسى بولۇپ ئانىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىنى، بۇرچىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى،ئۆزىمىز بىلەن تەبىئىيتىمىزنى ھەققىي رەۋىشتە چىڭ باغلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق دەقىقىلەردە گۈزەل بىر تۇيغۇنىڭ كۈچى بىلەن خىتاب قىلىمەن:

جەمئىيەت قانچىلىك جىنايەت بىلەن تولمىسۇن، باللارلا بولىدىكەن،ئۈمىد نۇرى ئاقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانىيەت قانچىلىك ئەقلىيلەشمىسۇن، ئۇ، مۇھەببەتتىن كېلىدىغان بەگۋاشلىقتىن ھوزۇرلانماي تۇرالمايدۇ.

پۇل ئىنسان ئۈستىدىن قانچىلىك ھاكىم بولمىسۇن، باللار غەرەزسىز ئەركىلەشلىرى بىلەن پۇل سېھرىگە مەھكۇم چوڭلارنى مەسخىرە قىلىپ تۇرىدۇ.

جاھان پارىژدا ئىشلەنگەن قىممەت باھالىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى بىلەن توشۇپ كەتكەندىمۇ، يەنىلا باللارنىڭ يۇمران جىسمىدىن كەلگەن تەرھىدى مۇكەممەل تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

ھەممە يەر ئاتوم بومبىسىنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن قاپلانسىمۇ، ھەممە يەر تانكا ۋە زەمبىرەك ئىستىۋولى بىلەن ئورمانغا ئايلانسىمۇ،باللار مىسلىسىز تەبىئىيلىكتە ۋىلىقلاپ كۈلەلەيدۇ.

باللار زېمىن قەرىگە ياكى ئىنسان نەپسىگە غەرق بوپكېتىۋاتقان ھايۋانلارنىڭ كۆزىدىكى نۇرانە يۇلتۇز.

باللارنىڭ چىلە پۇراپ تۇرغان زاكىسى

سىياسىيونلارنىڭ سۆھبەت ئۈستىلىگە سېلىنغان داستىخاندىن كۆپ پاكىز.

باللار ئەسەبىي شوئار كېسىلىگە گىرىپتار بولغان چوڭلار دۇنياسىدىكى ساغلام تەسەللىي.

باللارنىڭ كۆزى تەمەخورلۇق تۈپەيلىدىن تەرەپ ئېگىنى يوقىتىپ قويغان كارۋانلارنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى.

باللار قىيامەتنىڭ قەدىمىگە قويغان توختاش بەلگىسى.

ئوغلۇم بابۇر چەكسىز سىزىقنى ئۆتكۈزسە بولۇدىغان بىر نۇقتا ئىدى، خىيالىم مۇشۇ نۇقتىدىن قاناتلىنىپ پىكىرنىڭ ھەرتەرەپلىرىگە يول ئالاتتى.لېكىن مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ پىكىرلەرنى خاتىرىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەي ئاسىيلىق جىنايىتى ئۆتكۈزەتتىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بەش ياشتىن ئاشتى. مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك يوقىتىشلارنىڭ بىرى شۇكى، مەن ئۇنىڭ بوۋاقلىق مەزگىللىرىدىكى نۇرغۇن گۈزەل تەسىراتلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەزىدە مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە بەدىنىگە پاراللېل بولۇپ يېتىپ باقاتتىم، مەقسەت ئۇنىڭ بىلەن بولغان تەڭتۇشلۇقنىڭ مەززىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. ئۇ تورۇسقا قاراپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تېپىشلىگەندە ئۇنى چۈشىنىدىغان نازۇك تىلىنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشكەندەك خۇشھال بوپكېتەتتىم. بەزىدە مەڭزىگە مەڭزىمنى تەككۈزەتتىم. ئۇنىڭ نەپىسلىكى ئالدىدا قوپال كەركىدانغا ئوخشاپ قالاتتىم. كېيىنچە ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يېرىك ساقاللىرىمنى تەككۈزۈپ غىدىقلاپ ئويناشنى ياخشى كۆرۈدىغان بوپقالدىم، ئۇ بەزىدە كۈلەتتى، بەزىدە تېرىكىپ يىغلايتتى، ھەر ئىككى ئەھۋال مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىدى.يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى چىشلەپ تېرىكتۈرۈدىغان بولۇۋالدىم. ئۇنىڭ تېرىكىشلىرى نەپرەتسىز، غەرەزسىز ھەم ساپ بولۇپ، گويا مېنىڭ مۇھەببەت تۈپەيلى قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەنگەندەك ئاداۋەت ساقلىمايتتى، ئەكسىچە ماڭا تېخىمۇ ئىچەكەپ، مەن ئۆيدە بولماي قالسام، خۇماردايدىغان بوپكېتەتتى.

ئۇ بەزىدە شۇنداق جىمىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇنى ھېچنېمە قىزىقتۇرالمايتتى.ئۇنىڭ سۈكۈتىدە قانداق مەزمۇنلار باردۇ؟ تالاي شائىرلار ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى باللارنىڭ دۇنياسىغا يېقىنلاشتۇرالماي ھەسرەت چېكىشتى. ھەي، بىردەم بولسىمۇ ئوغلۇمغا ئايلىنىپ باققۇم كېلەتتى، ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئاسمانغا،ھايۋاناتلارغا، ماشىنىلارغا، ھەتتا ئايالىمغا قاراپ باققۇم كېلەتتى، ئۇلار ماڭا قانداق كۆرۈنەر بولغىيتتى!؟ تەبىئەتكە بولغان مەھلىيالىق نۇرغۇن كىشىلەرنى سەنئەتكارلىق يولىغا باشلىغانىدى.«بىز ھەممىمىز تەبىئەتنى ياخشى كۆرىمىز» دەيدۇ گومبرىچ «سەنئەت ھەققىدە قىسسە» دېگەن ئەسىرىدە:«تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قالدۇرغان سەنئەتكارلارغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز» . ئۇ ئارقىدىنلا روبىنس دېگەن رەسسامنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئاتاپ سىزغان سىدام سىزمىسىنى مىسال قىلىدۇ.كىتابتا«رەسسامنىڭ ئوغلى» دېگەن رەسىم رەڭلىك بېرىلگەن بولۇپ، قوڭۇر چاچلىق، دۆگىلەك يۈز بىر گۆدەك بالا كۆز ئالدىمىزدا نامايان ئىدى.«ئۇ، بۇ بالىغا بىزنىڭمۇ تەھسىن ئوقۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ بايان قىلىدۇ گومبرىچ.بالىغا تامامەن دېگۈدەك روبىنسنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆزى بىلەن نەزەر سېلىش تەس. لېكىن رەسسامنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان رازىمەنلىكىنى بايقاش ئانچە تەس ئەمەس. رەسىم سەنئىتى تىل سەنئىتىگە قارىغاندا ستېرېئولۇققائىگە. رەسسامنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ تېپىك، ئەڭ تەسىرلىك دەقىقىلەر گويا بالىنىڭ جىسمىدا تىرىك گەۋدىگە ئايلانغاندەك ياكى بالىنىڭ ئۆزى كائىناتتىكى دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلانغاندەك بىر ھالەتتە كونكرېت بىر تەسۋىر ئالدىمىزدا تۇرىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق رەسسامغا يېقىن بىر ھېس بىلەن ئورتاقلىق يارىتالايمىز. لېكىن مەن ئوغلۇم بابۇر ھەققىدىكى ئىنسانىي تۇيغۇلىرىمنى مۇھاكىملىك تىل بىلەن ئىزھار قىلىۋاتىمەن. ئوقۇرمەنلەردە ماڭا نىسبەتەن ئىدراكىي ئورتاقلىق بولمىسا، ئارىمىزدا قېلىن پاسىل ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا بۇرچكارلىق خىسلىتىگە ئىگە بولمىسا، ئۇ دەل شەيدالىقى تۈپەيلى،ئۆز پەرزەنتىنى سەنئەت بويۇمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.ئۇ، پەرزەنتلىك بولۇشنى، پەرزەنتىدىن زوقلىنىشنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن مۇھىم بولغان مۇھىتنى ياددىن چىقىرىپ قويسا، بۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىنسان كۆپىيىشىنىڭ ئالامىتى ئەمەس. بىر ئاتا پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىلگىرى ماددىي ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلغان بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنىڭ مەنىسىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئېتىقادىي رەۋىشتە ئازاد قىلالىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ شۇ چاغدىلا پەرزەنتلىك بولۇشنى ھايۋانىي كۆپىيىشتىن شەرەپلىك ئىنسانىي كۆپىيىش دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشىدە مۇھىت ياكى ۋەزىيەت قارشى بولمايدۇ. ئۇ، پەسىللەرنىڭ ئەركىلىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدىدا ئويغانغان ئىپتىدائىي چاقىرىقنىڭ زىلزىلىسى بىلەن كۆپىيىۋېرىدۇ.ئۇلاردا نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلدى دېسە، بۇ دەل ئىنسانلارنىڭ ئەقلى تۈپەيلىدىن بولدى. لېكىن ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئەخلاقىي فورمىلار، سىياسىي ئىسلاھاتلار ۋە بۇلار تۈپەيلى كېلىپ چىققان قانلىق نىزالار مەۋجۇد ئەمەس. ئۇلار تەبىئەت تۈزۈپ بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى پروگراممىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي ئىجرا قىلىپ كەلدى. لېكىن ئىنسانلار ئۇنداق ئەمەس. ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئىرققا،مىللەتكە، مەدەنىيەتكە شۇنداقلا قانداقتۇ مۇتەپەككۇرلارنى ياكى داھىيلارنى مەركەز قىلغان مەسلەكلەرگە پارچىلىدى،ئاندىن تېنىمسىز زوراۋانلىقنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. نەتىجىدە،ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر - قىسمىتىكى ھەرخىل تەبىقىلىرى ئۆزىنىڭ رەڭگىنى يەڭگۈشلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇردى. ھاياجانلىق، گۈزەل غايىلەر يەرشارىنىڭ رۇخسارىدىكى ئەلەملىك داغنى كۆپەيتتىكى، ھەرگىز ئازايتالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلىك بولۇش ۋە پەرزەنت تەربىيلەش ئىنسانلارنىڭ ناتۇرال ھاياتىدىن ھالقىپ سىياسىي،ئىجتىمائىي تۈس ئالغان پىلانلىق پائالىيەتكە ئۆزگىرىپ كەتتى.دۇنيادا بۇ ھەقتە تۈرلۈك قانۇن، سىياسەتلەر تۈزۈلدى.بۇ ئامىللار دەل پەرزەنتلەر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان بولىدۇ.

بىر بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىككى خىل يۆگەككە يۆگەلگەن بولىدۇ، بىرى، ئۇنىڭ ئانىسى تەييارلىغان يۆگەك، يەنە بىرى، جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقى تەييارلىغان يۆگەك. بۇ يۆگەكلەرنىڭ ئالدىنقىسى باللارغا ئىسسىقلىق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى چوڭ قىلىدۇ-دە، يېشىلىدۇ. كېيىنكىسى باللار چوڭ بولغانسېرى يېشىلمەك تۈگۈل،تېخىمۇ قېلىنلاپ بارىدۇ. يۆگەكنىڭ رەختلىرى يېتەرلىك ھەم ساپ بولسا، ئۇ، بەدەننى قورۇيدىغان يۆگەك بولماستىن، بەلكى پەرۋىش قىلىدىغان

قاسراقتا ئايلىنىدۇ. رەختىنىڭ كۆلىمى ئادەم بەدىنىگە توغرا تاناسىپ بولمايدىكەن ئەھۋال بىز دېگەننىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ياخشى، غۇرۇرلۇق ئاتىلار ئەزەلدىن بېرى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەركىن-ئازادە، ئىللىق،پەرۋىشكار يۆلەك تەييارلاشنىڭ غېمىنى يەپ كەلگەن ۋە قولىدىن كېلىشىچە ئەجىر قىلغان. مەن ئوغلۇم بابۇر ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ياخشى ئاتا بولالامدىم-يوق؟ بۇ بىر تارىخىي تېپىشماق.

بابۇر ئىككى ياشقا كىرگەندە يەسلىگە بەردۇق. ناھايىتى ئەپسۇس،21-ئەسىردىكى ئۈرۈمچىدە سىستېمىلىق يەسلى مائارىپى يولغا قويۇلۇپ بولالمىدى.بىزدە يەسلى ئاتلىق( «باللار باغچىسى» دەپمۇ قويىمىز) يىغىۋېلىش ئورۇنلىرى بار. ئۇ يەر باللارنى ئۈچ ۋاق ھەقلىق تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان كوممۇنادىن ئىبارەت. ئۇلار باللارنىڭ يېتىپ كەتمەسلىكىگە، ئاچ قالماسلىقىغا، بىر-بىرىگە چېقىلماسلىقىغا كېپىل، ئاز-تولا تەربىيە ئامىللىرىنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ،لېكىن بۇ تەربىيە باللارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دەۋرنىڭ تەلپىگە ئومۇمەن ماسلاشمايدۇ. مەن يېرىم ھەربىي تۈزۈم ئىچىدە ياشاۋاتقان ئوغلۇمنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇندۇقتا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغىنىنى كۆرگىنىمدە ،ئىچىمگە تىنىپ كېتەتتىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىچىنىڭ بىر قاراپ قويۇشى كەسكىن كوماندىدىن دېرەك بېرەتتى. تۆت ياشقا كىرگەندە ئوغلۇم يەسلىگە كېرىۋېرىشكە زادى كۆنمىدى، ئۆزۈممۇ ئويلىنىپ قالدىم: تۈزۈك بىر نەرسە ئۆگىتەلمىگەن يەسلىگە بەرگەندىن كۆرە باللىنى قىينىماسلىق كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەسلى ھەققى ئاساسلىق مائاشىمنىڭ يېرىمىگە دېگۈدەك توغرا كېلەتتى،دۆلەت ھېچنېمىنى ئۈستىگە ئالمايتتى. بالام ھېچ بولمىغاندا ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەتكە قېنىشى كېرەك. ئوغلۇم ھازىرغا قەدەر ئائىلىدە. پىلانلىق تېپىلغان باللارنى باقماق ۋە تەربىيىلىمەك باشتا ئويلىغاندەك كەڭتاشا ئەمەستەك تۇراتتى.

ئۈرۈمچى تەرەققىي قىلىپ، ئېگىز بىنالار يىلسېرى ناھايىتى تېز كۆپەيمەكتە.ئاسمان ۋە كۈن نۇرى بارغانسېرى قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. راسا قېيغىتىپ يۈگۈرگىدەك كەڭ مەيدانلارنى تېپىش ئاسان ئەمەس. قول سېلىپ شاپاشلاپ ماڭغىلى بولىدىغان ئازادە كوچىلار يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى قىش پەسلى ئۇزۇن بىر شەھەر، تۇتۇق ئاسمان ۋە نەشتەرلىك سوغۇق باللارنى يېرىم يىللىق ئۆچەككە سۈرگۈن قىلىدۇ، ئۇلار كۈنلىرىنى تار ئۆيلەردە تېلېۋىزور كۆرۈش ياكى ئويۇنچۇق ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. غۇر-غۇر شامال، چەكسىز دالا، تۇرنىلار سېپى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، پاقىلار ھەم بېلىجانلار ئۈزۈپ يۈرگەن كۆل سۈيى، يېشىل مايسىلار دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان سالا ئېتىزلار ،يېقىملىق ئايدىڭ ناخشىلىرى، ئاپپاق تاۋلىنىپ تۇرغان شۇدىگەرلىكلەر ئەزىز ئوغلۇم بابۇر ئۈچۈن تامامەن يات. بۇ، ئۈرۈمچىدىكى تالايلىغان بابۇرلار ئۈچۈن ئورتاق قىسمەت.

بابۇر ئەللەي ئاڭلىماي چوڭ بولدى، ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرى تاۋارلاشقان لېنتا ۋە پلاستىنكىلار.بۇلاردا تەبىئەت ئانىنىڭ ئىسسىق مېھرى يوق. ئۈرۈمچىدە ئەللەي ئېيتالايدىغان، ئۆز ئانا تىلىدا سېھرىگە باي مۇڭلۇق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان ئانىلار يوق ھېسابتا، بەلكى يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ھازىر ئاتايىتەن تاھارەت ئېلىپ، ھالال ئىخلاستا بالا ئېمىتىدىغان ئانىلارنىڭ ئورنىنى نوقۇل سوپۇن، ئەتىر ۋە ۋىنو پۇرايدىغان ئانىلار ئىگىلىدى. شەھەر باللىرى زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن،توك ياكى باتارېيىدە ھەرىكەتلىنىدىغان قانۇنىيەتلىك ئويۇنچۇقلارنى تولا ئويناپ، مېخانىك ھەرىكەت سېزىمىگە باي بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ھاياتتىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ پروگراممىسى ۋە ئىنسانلار تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى بار،دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھاياتتا قانۇنىيەتسىز نەرسىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. سەھرا باللىرى ئۆزىنىڭ پسىخىك دۇنياسىنى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان ئويۇنچۇقلىرى ئارقىلىق ساغلام چېنىقتۇرۇپ تۇرىدۇ.

شەھەر باللىرى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىدا مىلتىق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئويۇنىنى مەشىق قىلىدۇ،ھەتتا بۇ مەشىقتىكى چەۋەرلىكى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. يېزا باللىرى قوي-كالىلارنى باقىدۇ، كەپتەر،توخۇلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ، ئوت ئوتايدۇ، زېمىنغا بىۋاستە ئۆز تاپىنى بىلەن دەسسەيدۇ. بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىز نېمە ئۈچۈن باللارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئاشۇنداق نەرسىلەرگە باغلاپ قويغاندۇ؟

تەبىئەت بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ ئارقا تېرىكى. باللار شەھەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدا قانچىلىك سۈپەتلىك مەكتەپ تەربىيىسى قوبۇل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر،شارائىتى ياخشى تەجرىبىخانىلارنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغىنى بەرىبىر چەكلىك. ئۇلار نوقۇل پەننىي ئۇقۇملارۋە قائىدىلەرگە تايىنىپلا يېڭىلىق يارىتىش ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، بەلكى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئانا تەبىئەت دەل مول تەسەۋۋۇرنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ.

بابۇرنىڭ تۇرمۇشى ئەنسىزلىكلەر بىلەن تولغان، ئۇنىڭدا خاتىرجەم بەگۋاشلىق ۋە كەپسىزلىك قىلىپ باقىدىغان ئىمكانىيەت يوق. ئۇنى سىرتلاردا ئوينىغىلى خاتىرجەم رۇخسەت قىلالمايمىز. ئۇ تولا ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ئىشلار ئۈستىدە ئۆزى ھۆكۈم قىلماي بىرسىگە قاراپ تۇرىدىغان بوپقېلىشى مۇمكىن.

سېمونت تاملاردا ياكى قاڭالتىر ئۆگزىلەردە يامغۇرغا قەددىنى تەڭلەپ تۇرغان بىر قانچە تۈپ گىياھنى كۆرسەم، ئاتايىتەن ئورنۇمدا توختاپ تاماشا قىلىمەن. بۇ مېنىڭ نەزىرىمدە شەھەرلەردە ئاز ئۇچرايدىغان مۆجىزە. بىر چاغلاردا تومۇز ئاپتىپىدا پارقىراپ تۇرغان، پۈتنى ئالايىتەن قىزدۇرۇپ كۆيدۈرىدىغان رېلىسلارغىمۇ سەپسېلىپ باققانمەن. ئۇزۇنغا سوزۇلغان رېلىس ئۇپۇق سىزىقىدا ئاستا غايىب بولغانىدى. بېتون شىپاللار تېگىدىن بوي سوزغان يۇمران ياۋا گىياھلارنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ياش كەلگەنىدى. ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر رەت تونۇپ يەتكەنىدىم. بايىقى گىياھلار ئۆزىگە نىسبەتەن رۇخسەت يوق بوشلۇقلاردا پەرۋاسىز ھەم بىمالال ياشاشقا باشلىغانىدى.

ئەتە-ئۆگۈن بابۇرمۇ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر گەپلەرنى چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ.چوقۇم مەن ئۇنىڭغا شىپاللارنىڭ تېگىدىن ئۆسۈپ چىققان ياپيېشىل ياۋا گىياھلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاشۇ گىياھلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M2)

www.uyghurkitap.com



# تېلېۋىزورمۇ ياكى دىل بۇزۇر؟

**دۆلەتزادە**

تېلېۋىزور بىر تېخنىكىلىق مەھسۇلات، بىر بۇيۇم، دىلنىڭ بۇزۇلۇشى بىر مەنىۋى ھادىسە، ئەخلاقىي ئۇقۇم. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ ماددا (ياكى باشقىچە كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تېخنىكا) ئەخلاقىقا تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟ بۈگۈنكىدەك روھ ماددىغا، ئەخلاق مەنپەئەتكە سەجدە قىلىۋاتقان بىر دەۋردە يۇقىرىقى سوئاللار، مېنىڭچە، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى بىز ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي ماشىنىلاشقان، تېخنىكىلاشقان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. يېڭى ئىختىرا، كەشپىيات، تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار تۇرمۇش شەكلىمىز، ھاياتلىق مۇھىتىمىزنىلا ئەمەس، تۇرمۇش قارىشىمىز، قىممەت قارىشىمىز، بەزى ئەقىدە - ئېتىقادلىرىمىزنىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. بىز ئېرىشىۋاتقاچ يوقىتىۋاتىمىز. ئەمدى بىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىمىز يوقاتقانلىرىمىز بىلەن ئىزلىشالامدۇ؟ شۇنى ئوبدانراق دەڭسەپ بېقىشىمىز كېرەك. ئېرىشكەنلىرىمىز يوقىتىشىمىز مۇقەررەر. ئەمما مۇھىمى شۇكى، ئېرىشكەنلىرىمىز بىزنى يوقاتقانلىرىمىز تۈپەيلىدىن بولىدىغان پۇشايمان - نادامەتتىن ساقلاپ قالالىشى كېرەك. بولمىسا، ئېرىشكىنىمىزنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى... بولىدىغان ماددىي نەرسىلەرنىڭ ماددىي مەنىسىلا بوپقالماي، يەنە ئوخشىمىغان شارائىت، ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈش كونتېكىستىدا يەنە كۆرۈنمەس روھىي مەنىلەرگە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نەرسىلەر (شەيئىلەر) نوقۇل ماددىي جىسىملا بولماستىن، يەنە ھەم مەنىۋى جىسىمدۇر. گۈل تەشتەكتە تۇرغاندا پەقەتلا بىر ئۆسۈملۈك، ئوبيېكتىپ شەيئىي، ئەمما مەن ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ ئايالىمغا سوۋغا قىلسام، بۇيەردىكى گۈل ئېنىقكى، تەشتەكتىكى ھېلىقى ئۆسۈملۈك مەنىسىدىكى گۈل ئەمەس، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بەرمەك قىيىن بولغان نۇرغۇن مەنالار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ماددىلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ماددىلارنىڭ يوشۇرۇن - مەنىۋى مەنىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ماددا يەككە - يالغۇز ھالەتتە ماددا بولغان بىلەن، ئۇ، ئىنساننىڭ ئاڭ - چۈشەنچىسى ئىچىگە ئۆتكەندە ئاددىي مەنىدىكى ماددا بولماي قالىدۇ ھەمدە ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي ئالەمىگىلا ئەمەس، مەنىۋى - سۇبيېكتىپ ئالىمىگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

بىز ماتېرىياللاردىن مىلتىقنىڭ كەشپ قىلىنىشى ئەرلەرنى نامەردلەشتۈرۈۋەتتى، دۈشمىنىنى كەينىدىن ئېتىۋېتىدىغان بوپقالدى، تۇغۇت چەكلەش تېخنىكىسى، دورىلىرى كىشىلەرنى بۇزۇقچىلىقتا تېخىمۇ ئەركىن قىلىپ قويدى، دېگەن گەپلەرنى ئوقۇغىنىمىز ئېسىمىزدە بولسا كېرەك. بۇيەردە شۇنى يەكۈنلىمەك تەس ئەمەسكى، مىلتىقنىڭ يىراق ئارىلىقتىنلا دۈشمىنىگە يېقىنلاشماي ئېتىۋېتەلەيدىغان خۇسۇسىيىتى، كىشىلەرگە ھېلىقىدەك نامەردلىكنى سادىر قىلىشقا تېخنىكىلىق ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن. دېمەك بۇ يەردە مىلتىقتىن ئىبارەت بىر تېخنىكىۋى

www.uyghurkitap.com

بۇيۇم، مەردلىكتىن ئىبارەت ئەخلاقىي ئۇقۇمغا يېڭى بىر سوئال قويغان. يەنە تەھلىل قىلساق، ئىلگىرى كىشىلەر بۇزۇقچىلىق قىلىشنى نىيەت قىلسىمۇ، «ھامىلدار» بوپقېلىش غېمى ئۇلارنى بۇنىڭدىن خېلىلا توسالايتتى، مانا ئەمدىلىكتە ھېلىقى دورا، تېخنىكىلار بۇ خىل غەمنى پۈتۈنلەي يوقاتتى-دە، بۇزۇقچىلىقنىڭ قوۋۇقىمۇ چوڭ ئېچىلىپ، كىرىپ-چىققۇچىلار خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرىپ-چىققاندەك ئەركىن-ئازادە بوپكەتتى. بىزنىڭ بۇنىڭدىن ماددىمۇ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلمىكىمىز تەس ئەمەس.

گاز ئوچاق، تۇرۇبىلار بىلەن ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ قارىماققا، بۇ بىر قاملاشمىغان غەلىتە سوئال، ئەمما بۇ مەسىلىمۇ ماھىيەتتە يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. گاز ئوچاق، تۇرۇبىلار ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر بۇيۇم، ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن بىۋاستە،كونكرېت باغلىنىشى يوق. ئەمما بۇ بۇيۇملار ئەر-ئايال مۇھەببىتىنىڭ ئالمىشىشى، ئىپادىلىنىشىدە بەلگىلىك دەرىجىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ئىلگىرى گاز ئوچاق، تۇرۇبىلار يوق ۋاقىتتا ئەرلەر ئوچاقلارنى ئۆزلىرى سېلىپ، ئوتۇنلارنى يېرىپ، خوتۇنىنىڭ تاماق ئېتىشىنىڭ ماددىي شەرتىنى ھازىرلاپ بېرەتتى، ھازىر گاز ئەكېلىپ بەرسىلا ۋولىدىغان بولدى. قارىماققا بۇ ئىشلار نەتىجە نۇقتىسىدىن وخشاش، ئەمما جەريان نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئايالنىڭ بۇ ككى خىل جەرياندا ئېرىدىن ھېس قىلىدىغان ئىللىقلىقى، پقىنلىق تۇيغۇسى چوقۇم پەرقلىق بولىدۇ. سۇ ئەكېلىشمۇ ئوخشاش. ئۆيىگىزنىڭ ئىچىدىكى تۇرۇبىدىن شاررىدە بىر چېلەك سۇ ئۇسساق بەك قولاي، ئەمما ئەپكەشتە يىراقتىن سۇ ئەكېلىپ بېرىش يەنىلا باشقىچە.بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلىمەك سەل قىيىن. نىكاھ بىر گۈلدۈركى، ئۇ ھەر ئىككىيلەننىڭ سۇ قۇيۇشىغا موھتاج، بىرلا ئادەمنىڭ سۇ قۇيۇشىغا قاراپ قالغان گۈل ئەڭ بىچارە گۈل، ئۇ ئۇزاققا بارماي قۇرۇپ قالىدۇ. دېمەك، گاز ئوچاق، تۇرۇبىلار ئەرلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەمگەكلەردىن ئازاد قىلىش بىلەنبىرگە، تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننىڭ ئەر-ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇدىغان گارمونىك سورۇنى بولۇش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى.

ئەمدى بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۆز مېڭىمىزدە شەكىللەندۈرۈۋالغان خۇلاسىلىرىمىز بىلەن دىققىتىمىزنى ئۆيىمىزدىكى يەنە بىر بۇيۇم — تېلېۋىزور ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرەيلى.

تېلېۋىزور ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلارنىڭ بىرى، بەلكىم ئۇنىڭ رولى،ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مەتبەئە،قەغەزنىڭ تەسىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن. ئالدىنقىسى ئىنسانلارنى يېزىق مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بولسا، تېلېۋىزور ئىنسانلارنى بەلگە-سۈرەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە باشلاپ كىردى. ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلىشى تېخىمۇ بىۋاستىلەشتى.ئۇ، مەيدانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەملەر بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ،ئۇلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ياكى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئېيتقاندەك:ئىنسانلارنىڭ يەتتىنچى سەزگۈسىگە ئايلىنىپ قالدى.

تېلېۋىزور ئادەتتىكى باشقا بۇيۇملارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ھەم ماددىي بۇيۇم ۋە مەنىۋى بۇيۇم. تېلېۋىزورنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شۇنداق قوش بىسلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. ئىنسانلار كۆز-قۇلاق ئارقىلىق بىۋاستە،يېقىن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلىگەن بولسا، تېلېۋىزورئارقىلىق يىراق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ، ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ۋاقىت-مۇساپە-ماكان جەھەتتىكى تەبىئىي كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلىدى. گەرچە بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلار پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئىشلىگۈچىنىڭ غەرىزى سىڭگەن، چىنلىقتىن سەل يىراق بولسىمۇ، كىشىلەر تەرەپىدىن ئاڭلىق-ئاڭسىز قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ قۇرۇلمىسىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. كىشىلەر ئائىلىسىدىن، جەمئىيەتتىن،دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئالالمىغان تەسەللىي-پەپىلەشلەرنى تېلېۋىزوردىكى ساختا كۆرۈنۈشلەردىن ئالدى. تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتىدىغان، گاھىدا كۈلۈپ كېتىدىغان، گاھىدا چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كېتىدىغان بولدى. تېلېۋىزور ئاستا-ئاستا ئائىلىلەردىكى ھۆكۈمرانغا، نىسبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئائىلىدىكى كەيپىياتنىڭ تەڭشىگۈچىگە ئايلاندى. كىشىلەر ئىلگىرى دۇنيانى مەكتەپتىن، كىتابتىن،مۇئەللىمدىن چۈشەنگەن بولسا، ھازىر تېلېۋىزوردىن چۈشىنىدىغان بولدى. ھازىر ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدى،مېڭىسى، نېرۋىسى،قەلبى تېلېۋىزور توختىماي تارقىتىپ تۇرغان ئۇچۇر - سىگناللار بىلەن تىنىمسىز غىدىقلىنىپ،تېلېۋىزوردىن قەتئىي ئايرىلالمايدىغان ھالغا كەلدى. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تېلېۋىزور ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش دائىرىسى، مىقدارى، سۈرئىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىلغارلاشتۇردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئۇچۇرلارنى ئاۋازلىق،يېزىقلىق كۆرگەن بولسا، ئەمدى ئاۋاز،يېزىق،سۈرەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش ئۇسۇلىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەربىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك كەشپىيات ھەمىشە شۇنىڭغا ماس بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ھور ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوشۇرۇن بەلگىلىگەن،بولۇپمۇ ئۇنىڭ پويىز،پاراخوتقا تەدبىقلىنىشى بۇخىل ئالامەتنى تېزلا رېئاللىققا ئايلاندۇردى. 19-ئەسىردە پويىز گۈدۈكى ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى بوپقالدى. بۇخىل كەشپىياتلار ئىچىدە، بولۇپمۇ زامانىۋى قاتناش، ئۇچۇر، ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ياكى ئەسلىدىكى قالاق ۋاستىلارنىڭ ئىلغارلىششى ، بۇخىل سىياسىي،ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە تېخىمۇ بىۋاستە،تېز تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، پاراخوتنىڭ ياسىلىشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى يىپەك يولىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىستىقبالىنىمۇ بەلگىلەپ قويغان بولسا، مىلتىق — زەمبىرەكلەرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى دۇنيادىكى بارلىق قىلىچ-نەيزىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلىدى. زامانىۋى قاتناش، ئۇچۇر،ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سىياسىي،ئىجتىمائىي ھايات فورمىسىغا شۇنچىلىك بىۋاستە،ماھىيەتلىك ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىشىدىكى سەۋەب، ئىنسانلار بۇلارنىڭ ياردىمىدە كۆز-قۇلىقى ھەل قىلالمىغان ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ-دە، بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي سالاھىيىتىگە بولغان قارىشى، كۈچلۈك-ئاجىزلىق چۈشەنچىسى، ئەتراپىدىكى

دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلىغان بولسا، ئەمدى ئۇلار قوشنىسى ۋە دۈشمىنىگە قاراپ ئاندىن ئۆزىگە قانداق قاراشنى ئويلىشىدۇ. ئىلگىرى ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلىغان بولسا، ئەمدى رەقىبى ئۇنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ بىلىمى ئۇنىڭ كۆز-قۇلاق، مېڭىسىنى جايىدا ئىشلىتىشىدىن كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ شۇلارنى جايىدا ئىشلىتىش - ئىشلىتەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ بىلىملىك ياكى نادانلىقىنى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىگە ئىگە بولۇش - بولماسلىقى ياكى ئىگە بولغان ۋاستىلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش - پايدىلىنالماسلىقى، بىر قەۋمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويىدۇ. ئادەم قوشنىسىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ھالىنىڭ نېچۇكلىكى ھەققىدە توغرا خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن، بىر قەۋم، بىر دۆلەتمۇ شۇنداق. مۇۋاپىق-توغرا سېلىشتۇرما خۇلاسىلەرنى يەكۈنلىيەلمىگەن مىللەت ئۆزى ھەققىدە مەڭگۇ توغرا باھا-يەكۈنگە كېلەلمەيدۇ، ئۇنداقلار يا يۈزىگە شاپىلاقلاپ ئۆزىنى مەن سېمىز دەپ يۈرىشىدۇ ياكى ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئەتراپىدىكىلەر بەلگىلەيدۇ.

دېمەك، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بولغان تەسىرى شۇنچە زور ۋە چوڭقۇر. تېلېۋىزورمۇ بىر ئۇچۇر ۋاستىسى. ئوخشاشلا بۇمۇ ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان مەسىلىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە، تۇرمۇش مەزمۇنىمۇ خىلمۇ خىللىششقا، رەڭدارلىششقا قاراپ يۈزلەندى. مانا ھازىر پەلەستىندىكى مەسىلىلەر ئۈچۈن نيۇ-يورك، بېرلىن، پارىژلاردا نامايىش ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئىلگىرى ھېچكىم تونۇمايدىغان كىشىلەر ھازىر بىر كېچىدىلا دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان مەشھۇر شەخسلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. شاھرۇھخان، ليۇدېخۇا، جېكسونلارمۇ تېلېۋىزور ئارقىلىق نۇرغۇن قىزلارنىڭ مەبۇدىغا ئايلىنالىدى. ئىلگىرى كىشىلەر ئەتراپىدىكى، ئائىلىسىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان بولسا، ھازىر باشقا ئەل - دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرى كىشىلەر پاراڭ تېمىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى. ياشلار ئۆزىنىڭ بوۋا، مومىلىرىنىڭ ئىسمى، ھاياتىنى تولۇق بىلمىگەن بىلەن ، ئۆزى چوقۇنغان چولپانلارنىڭ يېشى، نەچچە بالىسى بارلىقى، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى، يېقىندا نېمە قىلماقچى بولغانلىقىغا... قەدەر تەپسىلىي بىلىدىغان بولدى.

كىشىلەر دېھقانلار كىرىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىلەن، بىل گايتىسنىڭ سېكونتىغا قانچىلىك پۇل تاپالايدىغانلىقىنى، پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىمۇ تولۇق تونۇمايدىغان كىشىلەر بۇش، پۇتىن، ماندېلالارنى تەپسىلىي بىلىدىغان بولدى. مانا مۇشۇ بىلىش - چۈشىنىشلەر ئادەملىرىمىزنىڭ دۇنيا - قىممەت قارىشى، ئىزدىنىش-ئىستەكلىرىگە مەيلى ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن زور تەسىر كۆرسەتتى.

بۇيەردە تېلېۋىزورنىڭ تەربىيىۋى رولىنى ،ئادەملەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، چۈنكى بۇ بەكمۇ ئەقەللىي ھادىسە. ئۇيغۇرلار تېلېۋىزور كۆرۈپ قانچىلىك نەپ، تەربىيە ئالدى؟ تېلېۋىزور ئارقىلىق قانچىلىك بىلىمگە ئىگە بولدى؟

قىسقىسى، تېلېۋىزور ئۇيغۇرلارغا قانداق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ مانا بۇلار بىز ھازىر قىسقىچە ئورتاقلىشىپ ئۆتمەكچى بولغان مەسىلىلەردۇر.

ئېھتىمال ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە تېلېۋىزور ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 1980-يىللاردىن كېيىن كىرىشكە باشلىغان بولسا كېرەك. ئەمما قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە تېلېۋىزور شۇنچىلىك تېز ئومۇملاشتىكى، بەلكىم ئۇيغۇرلار تارىخىدا ھېچقانداق بىر يېڭىلىق بۇنچىلىك تېز ئومۇملاشمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغا كەلگەندە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور بولۇش ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئىشلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر تېلېۋىزور بىلەن شۇنداق ئىجىل بولۇشۇپ كەتتىكى، كەچلەردە ناۋادا توك بولماي قالسا، كىشىلەر شام يورۇقىدا قالغىنىدىن ئەمەس، تېلېۋىزور كۆرەلمىگىنىدىن قاقشىشىدىغان بولدى. ھازىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ كەچلىك تۇرمۇشىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مىليون ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تېلېۋىزور بولۇشى مۇمكىن. بىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە تۆت ئادەم بار دېسەك، ھەر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ئىككىسى كۆرمەيدۇ دېگەندىمۇ، يەنە ئىككى مىليون ئۇيغۇرنىڭ كەچتە ئاز دېگەندە ئۈچ سائەت ۋاقتى تېلېۋىزورغا سەرپ بولىدۇ. ئۇنداقتا ھەر كۈنى (كۈندۈزنى ھېسابلىمىغاندا) ئۇيغۇرلار ئالتە مىليون سائەتنى تېلېۋىزور كۆرۈشكە سەرپ قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ھازىرقىدەك ۋاقىت - پۇل بولۇۋاتقان بىر دەۋردە شۇنچىلىك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ تېلېۋىزور كۆرگەنگە چۇشلۇق ئۇيغۇرلار تېلېۋىزوردىن لايىقىدا نەپ ئېلىۋاتامدۇ؟ مېنىڭچە بۇ، ھوش - كاللىسى جايىدا ھەربىر ئادەم ئويلىشى زۆرۈر مەسىلە.

تېلېۋىزور پەقەتلا بىر ۋاستە، سىز ئۇنى قايسى مەقسەتتە ئىشلەتسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇنىڭغا لايىق نەتىجە ئالالايسىز. تېلېۋىزورنىڭ ئۈنۈمىنى ئۇنىڭدا قويۇلۇۋاتقان فىلىملەر، فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ۋە تارقاتقۇچىلار بەلگىلەيدۇ. كۆرگۈچىلەر بۇنىڭغا نىسبەتەن نىسبىي پاسسىپ ئىستېمالچى ئورنىدا.

ھازىر رايونىمىزدا تارقىتىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە مەزمۇنلىرىنىڭ تەربىيىۋى خاراكتېرىدىن ئويۇن - كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى كۈچلۈك، كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمۇ دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش. تېلېۋىزورنى بىلىم - نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە كۆرىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مائارىپ دائىرىلىرى تېخى تېلېۋىزوردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، تېلېۋىزورمۇ بىر مەكتەپ. ھازىرقى ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەنىسىگە كەسكىن ئىنقىلاب ئەكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىزدە قىلچە ئەكس ئەتمىدى.

ئەلۋەتتە، مەن تېلېۋىزور ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ياخشى نەتىجە ئەكەلمىدى دېمەكچى ئەمەس. ئۇزاق مۇددەت بېكىك، غاپىل ياشىغان بۇ خەلققە تېلېۋىزور شۈبھىسىزكى، بىر ئاجايىپ ياخشى ئاقارتىش ۋاستىسى. خەلقىمىزنىڭ تېلېۋىزور ئارقىلىق جاھاننى ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق چۈشەنگىنىنى، دۆلەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئاڭلىغىنىنى... ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە مەن پەقەت قىلغىلى بولىدىغان ھەم زۆرۈر بولغان ،بىراق قىلىنمايۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

بۇيەردە تېلېۋىزىيە خادىملىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە، خەلقنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقاش.

خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى چۆشەنمەي تۇرۇپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلغىلى بولمىسا كېرەك. ئۇنداقتا ھازىر خەلقىمىز ھازىرقى ئەھۋالى، ئەخلاق ئېڭى،تەرەققىيات سەۋىيىسى ،پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن ئويۇن - كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى فىلىملەرگە بەكرەك موھتاجمۇ ياكى تەربىيىۋى فىلىملەرگىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ جاۋابىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ھازىر كىنو، سەنئەت نومۇرلىرى، كارتون قاتارلىقلار تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ ئاز دېگەندە يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ، قالغىنى خەۋەر،ئېلان،بەزىبىر مەخسۇس فىلىم. گەرچە رايونىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئىلگىرىلەش قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېھتىياج - تەلەپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇخىل ئىلگىرىلەشلەر پەقەت كۆڭۈلنى خۇش قىلىشقا، ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى پەپىلەپ، ئالداشقىلا يارايدۇ.

ھازىر تېلېۋىزورنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىش رولىدىن مەدەنىيەتنى ئاغدۇرۇش رولى بەكرەك كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى ، مەشھۇر ئاپال سىياسىيئون برژىنىسكي تېلېۋىزورنى:«ھەممە قەبىھلىكنىڭ مەنبەسى» دېگەنىدى.ئەمما بىز ھازىرچە ئۇنداق دېيەلمەسەكمۇ ،شۇ نىشانغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلماي ئامالىمىز يوق. تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ ئادەملەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قەتئىي تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. كىچىك ۋاقتىمىزدا شياڭگاڭنىڭ «خۇيۇەنجيا» ، «چېن جېن» قاتارلىق مۇشتلاش فىلىملىرى قويۇلغاندىن كېيىن پۈتكۈل جەمئىيەتتە ياشلار ئارىسىدا چامباشچىلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنىدى. كېيىن شياڭگاڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە شۇنىڭغا ماس ھالدا توپلىشىپ جېدەل چىقىرىدىغان، بىرەر لۈكچەك يادرولۇقىدا ئۇيۇشقان لۈكچەكلەر شايكىلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تېلېۋىزورنىڭ تەسىرى يوق، دېيەلمەيمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىلدىكى مىساللار تېخى بۇلا ئەمەس. بۇيەردە بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

ھازىر تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ساھە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق-قىممەت سىستېمىسى بولۇۋاتىدۇ.بۇ جەھەتتە تېلېۋىزورنى مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ قاتىلى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ھازىر ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ خاتىرجەم بىرەر كىنو فىلىمى كۆرەلمەيدۇ. ھازىر قويۇلۇۋاتقان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئاز دېگەندە بىر-ئىككى يەردە شەھۋانىي كۆرۈنۈش بار(ئەگەر سۆيۈشۈش شەھۋانىي كۆرۈنۈش ھېسابلانمىسا، بۇ ماقالىنىڭ يېزىلىشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بولىدۇ). ئەمما ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چوڭلار بۇخىل كۆرۈنۈشلەردىن بالىلىرى بىلەن بىللە «ھوزۇرلىنىدۇ».

مانا ھازىر بەزى فىلىملەرنى كۆرسىڭىز، بولۇپمۇ ئېلىمىز ۋە ئېلىمىزنىڭ شياڭگاڭ،جۇملىدىن سىنگاپورلاردا ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تۇرمۇش فىلىملىرىنى كۆرسەڭ، خۇددى جاھاندا مۇھەببەت،ئەر-خوتۇن زىددىيىتىدىن باشقا ئىش يوقتەك تەسىراتقا كېلىمىز. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ ئاللىقاچان «ئاشنا» ... دېگەنەدەك ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ بولدى.ئۇلارھازىر بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن يېتىلىشتىن بالدۇرلا، پسىخىك جەھەتتە «رازكىسىدا جىگدە پۇراپ بولۇدىغان» بولدى. ئىلگىرى ئاممىۋى سورۇنلاردا دېگىلى بولمايدىغان گەپلەر ھازىر تېلېۋىزوردا دېيىلىۋېرىدىغان بولدى. ھازىر قارا سۆگەكلىك توخۇدىن ياسالغان خوپىرىن كوملىچىنىڭ رولىنى كىچىك قىزلارلا ئەمەس، ئوغۇلچاقلارمۇ چۈشىنىپ قالدى. كىچىككىنە سەبىي قىزلىرىمىز چىن گۈزەل فىگورا كېيىملىرىدىن ئاياللار ئۈچۈن بەدىنىنىڭ قايەرلىرىنىڭ ئېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشتى. يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەر ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماس بولدى. جەمئىيەتنىڭ يالىڭاچلىققا بولغان قارىشىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىكا - ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ بالىلىرىمىز تېلېۋىزورنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر بالىلارنىڭ كەچتە ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنكى ۋاقتى پۈتۈنلەي تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ئۆتىدۇ.تېلېۋىزور ئۇلارنىڭ كەچلىك ۋاقتىنى تارتىۋالدى. ئىلگىرىكى ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بالىلار ئويۇنلىرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئىلگىرى بالىلار ئويۇنلارنى، ئويۇنچۇقلارنى ئۆزلىرى ياسايتتى، ئىجاد قىلاتتى، ھازىر بۇنىڭدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ بالىلار تەربىيىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە ئالالمايدۇ. كىچىك چېغىمىزدا ئوينايدىغان «چالما جېڭى» ،«تېپىشمەك» ،«ھەربىي-دۈشمەن» ... دېگەندەك ئويۇنلارنى ھازىرقى بالىلار ئاساسەن ئوينىمايدۇ.شۇ چاغلاردا«تېپىشمەك» ئويناپ تېپىلىپ كەتسەكمۇ چىداپ كۆزىمىزدىن ياش چىقارمايتتۇق، ياش چىقىپ كەتسە«خېنىم» ،«يىغلاڭغۇ» دەپ مازاق قىلىناتتۇق ھەم تېپىلگۈچى تەپكۈچىگە ھەرگىز ئاداۋەت تۇتمايتتى. ئوغۇللارنىڭ مەردلىك، ئوغۇلبالىچىلىقىنى يېتىلدۈرۈشتە بەلكىم بۇلاردىنمۇ ياخشى چارە ئاز بولۇشى مۇمكىن. مانا ھازىر كىيىم-كېچەكلىرىگە توپا قوندۇرماي پاك-پاكىز كىيىدىغان رەتلىك بالىلار كۆپەيگەن بىلەن ئاغزى-بۇرنى قاسماق، كىيىملىرى كىر-يىرتىق ئەمما مەرد، قورقماس،قارام بالىلار بارغانسېرى قالمىغىلى تۇردى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى،ئوغۇل بالىنى ئۇنچىۋالا رەتلىك، يۇمشاق قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر ئوغۇلبالا دېگەن ئويناپ كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتالمىسا،ئاغزى-بۇرنىنى بەزىدە قاسماق، بەزىدە قان قىلالمىسا ئۇ قانداقمۇ ئوغۇلبالىغا ئوخشسۇن؟ ئەكسىچە، ئوغۇل بالا پاك-پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، توپا-چاڭلاردىن قېچىپ، كىيىملىرىنى قېقىپ-پۈۋلەپ يۈرسە، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەش كېرەك، بۇنداقلارنىڭ خېنىم مىجەزلىشىپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن تۇرىدۇ.

گېپىمىزگە كەلسەك، تېلېۋىزورنىڭ ھازىرچە بالىلىرىمىزغا بەرگىنى كارتون فىلىم ۋە بەزى بالىلار فىلىملىرى.ئۇلارئالغان نەپ بىلەن تارتقان زىيانىنى سېلىشتۇرساقلا نەتىجە مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. بۇيەردە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن«تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى» دېگەن بالىلار مەخسۇس فىلىمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.چۈنكى ئۇ ئادەمنى قىلچە رازى قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى مەزمۇن، كۆرۈنۈشلەر ھەرگىزمۇ رايونىمىزدىكى بارلىق بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇ ئۆز مەزمۇنىدىن پەقەت ئۈرۈمچىگىلا تەۋە فىلىم. ئۇ فىلىم ئادەمگە خۇددى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق بالىلار شۇنداق ئەقىللىق، پاكىز،ئوقۇش شارائىتلىرى شۇنداق

uyghurkitap.com

ياخشىدەك تەسىر بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال شۇنداقمۇ؟ بۇ ھەممىگە ئايدىڭ. تېلېۋىزورغا شەھەر باللىرىلا ئەمەس، يېزا باللىرىمۇ، قەۋەتلىك مەكتەپلەرلا ئەمەس، قىيسىق، ئۆرۈلۈپ كەتكىلى قوپقان مەكتەپلەرمۇ، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن باللارلا ئەمەس، يىرتىق ـ جۇندەك كىيىنگەن باللارمۇ چىقىشى كېرەك. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىكى ھەربىر كۆرۈنۈش ھەربىيلەردەك ئىنتىزاملاشتۇرۇلغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىمۇ يادلانغان، ھەتتا چالغان چاۋاكلىرى،توۋلايدىغان «يارايسىز!» لىرىمۇ يۇقىرىدەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئېسىمگە كەلگەندە شۇنى قىستۇرغۇم كەلدى. بۇلتۇر بىز تەتىل مەزگىلىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خاتىرە بولسۇن ئۈچۈن بىر ئائىلە يىغىلىشى ئۆتكۈزدۇق ھەم سىنئالغۇغا ئالدۇق. شۇ چاغدا ھەممىمىز ئازراقتىن سۆز قىلىدىغان،ئۇنى سىنئالغۇغا ئالىدىغان بولغاندۇق. چوڭلارمۇ، نەۋرىلەرمۇ سۆز قىلماقچى بولغان. باشلانغۇچنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىرنەۋرە ئىنىم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن تەتىلدە نېمە ئىش قىلماقچى؟ قانداق پىلانىڭ بار؟ دەپ سورىسام، ئۇ سەل جىددىيلىشىپ تۇرۇپ: «جاۋاب،مەن تەتىلدە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ، مەكتەپنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن» دېدى. ئاچچىقىم قالتىس كەپتىكەن: «ماڭە،ئۇ گېپىڭنى مۇئەللىمىڭگە دەپ بەر!» دەپ توۋلىۋەتتىم. قاراڭ، ئۇ شۇنچە ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپ يەنىلا ئۆز كۆڭلىدىكىنى دېيىشكە پېتىنالمىدى، يەنىلا مەكتەپتە يادلىۋالغان گەپلىرىنى دەپ بەردى. دېمەك، ئۇنىڭ مېڭىسىمۇ يۇقىرىدەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپتۇ.

تېلېۋىزور ناھايىتى ياخشى مائارىپ ۋاستىسىدۇر. ئۇ ئومۇمىي خەلققە بىۋاستە يۈزلىنەلەيدىغان، مەكتەپ، سىنىپتىن ھالقىغان بىر ۋاستە. ئەمما بىزنىڭ رايوندا مائارىپ تېخى بۇ ۋاستىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىنى يوق.

ھازىرغىچە بىزدە تېلېۋىزىيە قاناللىرى مەخسۇسلاشمىدى. مېنىڭچە، بىزدە مەخسۇس مائارىپ قانىلى،پەن ـ تېخنىكا قانىلى، باللار قانىلى، تەنتەربىيە قانىلى... دېگەندەك مەخسۇسلاشقان قاناللار بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ھازىرقى زامان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئەقەللىي بىر ئىش. بىزدە دېھقانلار 80%نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما دېھقانلارغا ئاتالغان مەخسۇس فىلىملەر يوقنىڭ ئورنىدا. بۇ يىل ھېيتتا يېزىدىكى تۇغقانلارنى ھېيتلاپ بارسام، تېلېۋىزوردا ھىندىستاننىڭ بىر كىنوسىنى قويۇۋاتقانىكەن، بىردەمدىن كېيىن ئۇ تۈگەپ، شياڭگاڭنىڭ بىر مۇشتلاش كىنوسىنى باشلىدى. ھەيران بولۇپ بۇ بىزنىڭ تېلېۋىزوردا چىقمايدىغۇ، دەپ سورىسام، تاغام: يېزىلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىۋاتقان فىلىمى، دېدى. ھازىر ئۆيەردىكىلەرگە ئامېرىكا، ھىندىستان،شياڭگاڭلارنىڭ فىلىمىنى كۆرۈش ئادەتتىكىچە ئىش ئىكەن. دېمەك «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» ھەققىدە دۆۋە ـ دۆۋە ماتېرىيال يېزىۋەتكەن بۇ كىشىلەر جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ سانلىق خەلق بولغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئەنە شۇنداق ۋەكىللىك قىلىۋېتىپتۇ.

دېمەك، تېلېۋىزورنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا قويۇلغان فىلىملەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىزدە تېخى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىمىز ھەققىدە تاللىغىدەك بوشلۇق يوق، نېمە قويۇلسا شۇنى كۆرىمىز، قويۇلمىغاننى كۆرىمىز دېيەلمەيمىز. قويۇلغاننى كۆرمەيمىز دەپ ھەم دېيەلمەيمىز. ئەمما بىر خەلققە شۇنچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆڭۈلگە يىغىلىپ قالغان گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئەقەللىي ھوقۇقىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز، دەپ قارايمىز.

## تۈگەنچە

ئىنسانلار ئىجاد قىلىشى، تەرەققىي قىلىشى كېرەك، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ۋە ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. نوبېل پارتلاتقۇچ دورىنى كان ئىشچىلىرىنىڭ تاغ تاشلىرىنى پارتلىتىپ،كان قېزىشىغا قولايلىق بولسۇن، دەپ كەشىپ قىلغان، ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. ئېينىشتېينمۇ ياپونىيىدە ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چەكسىز ئازابلانغان.


تېخنىكىنىڭ ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ بېرەلمەسلىكى ئۇنىڭ مۇقەررەر تەبىئىي كەمتۈكلىكى، بۇ خىل كەمتۈكلۈك پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئېتىقادى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. ناۋادا ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيە ـ مەپكۇرىلىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمىسە، ئۇنىڭغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ساغلام يۆنىلىش كۆرسىتىپ تۇرالمىسا، بۇخىل تېخنىكا ئامەتكە ئەمەس، ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

تېخنىكا ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەقىلنىڭ ماددىلىشىشىدۇر. ئۇ ئەينەن بىر نەق مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تېخنىكىۋى ئىمكانىيەتكە يول ئاچىدۇ. ئۇ، ئىنسانلارنى خىلمۇ خىل ئىمكانىيەت ،ئىقتىدار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىنسانلار بۇخىل ئىمكانىيەتلەرنى ياخشى ئىشقىمۇ، يامان ئىشقىمۇ تەدبىقلىيالايدۇ. ئىنسانلار ھەمىشە تېخنىكا تەمىنلىگەن ئىمكانىيەتلەر ئالدىدا، ئەقلى ۋە نەپسى ئارىسىدا جان تالىشىدۇ.

مەن تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ نەپسىدىن غالىب كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. تېلېۋىزور كۆرۈش قارىماققا ئاددى ئىش، ئەمما ئۇ ھازىر بىر قەۋمنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇدلۇقىغا ،ئاڭ ـ سەۋىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بوپقالدى.

تېلېۋىزور كۆرۈش خۇددى تاماق يېيىشكە ئوخشايدۇ. ئادەملەرمۇ ئالدىغا كەلگەننى تاماقكەن دەپ يەۋېرەمەيدۇ، ئۇنى تاللاپ يەيدۇ. تېلېۋىزور ئىستېمالى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئىستېمالىدۇر.

سىز بەلكىم بىر ئاتا ـ ئانا بولۇشىڭىز مۇمكىن ۋەياكى ئوقۇغۇچى ياكى سودىگەر، ياكى تىجارەتچى بولۇشىڭىز مۇمكىن... شۇڭلاشقا سىز چوقۇم ئىستېمال قىلىۋاتقان ئۇ نەرسىگە ئوبدان پەخەس بولۇڭ. سىز تېلېۋىزورنى ھەزىم قىلىۋاتامسىز ياكى تېلېۋىزور سىزنى ھەزىم قىلىۋاتامدۇ؟ قاراڭ، تېلېۋىزور ئىمپېرىيىنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ھازىر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ھاجەت ئەمەس، ھازىرقى زامان ئىمپېرىيىلىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مېڭىسى، قەلبىگە قۇرۇلۇدىغان بولدى، شۇلارنىڭكىنى يەيسىز، كىيىسىز، شۇلاردەك پىكىر قىلىسىز... پەقەت ئۆزگەرمىگەن كىملىكىڭىزلا قالدى. دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدە ئادەمنى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دېيىلەتتى. قارىغاندا، تېلېۋىزور بىزگە شۇنداق تەسىر كۆرسىتىۋەرسە،ئۇزاققا بارماي ئادەم مايمۇندىن ئەمەس،مايمۇن ئادەمدىن ئۆزگەرگەن دەيدىغان تەتۈرلۈك روياپقا چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.(M1)



# قىزىقاق پاراڭلار

مۇھەممەت مەتنىياز دانىش

## «ئۇنداق دېمە،خاتالىشىپ قالسەن»

توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. ھازىر تولا ئادەملەرنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئانچە كارى يوق. ھەق - ناھەققە ئىچى قاينايدۇ دەيدىغانلارنىڭ خېلى كۆپلىرىنىڭ توغرا بىلەن خاتانى پەرق ئەتكۈدەك ئىقتىدارى يوق. يەنە بەزىلەر تېخى خاتا نەرسىلەرنى توغرا دەپ بازارغا سېلىپ خېلى-خېلى ئادەملەرنى كولدۇرلىتالايدۇ. بۇنىڭغا ۋىجدانىنىڭ چىدىماي ئوتتۇرىغا چىقساڭ، يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپنىڭ قورشاۋىدا قالىسەن. قورشاۋغا قارشى ئېتىلساڭ، جېنىڭ چىقىپ ئىزىڭ قالىدۇ، قورشاۋغا قوشۇلساڭ جېنىڭ قېلىپ ئىزىڭ ئۆچىدۇ.

بۇ پىكرىمنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مەن ساڭا دۇنيا تارىخىدىنمۇ، جۇڭگو تارىخىدىنمۇ ئەمەس، پەقەت ئائىلەمنىڭ تارىخىدىنلا مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي:

باشقىلار ئۇلۇغ داھىي ماۋزېدۇڭنى «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن» دېسە، بوۋام: «يۈز يىل ياشىسۇن» دەپ «خاتالىشىپ» تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان ئاتام باشقىلار قارىنى كۆرسىتىپ: «بۇ قانداقكەن؟» دېسە، «سىزچە قانداق بولسا شۇنداقكەن» دەپ ئۆمرىنى تىنچ-ئامان ئۆتكۈزدى.

بوۋام مىجەزىنى ئاتامغا ئەمەس، ماڭا مىراس قالدۇرغان بولسا كېرەك. ئېسىمنى تېپىپلا ئاقنى ئاق دەپ، قارىنى قارا، دەپ جاھىللىق قىلدىم. ئاتام بىلەن ئىككى ئاكام بۇ جاھىل مىجەزىمنى ئۆزگەرتىپ، مېنى قۇلىقى يۇمشاق - رايىش قىلىش ئۈچۈن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قاپسىۋېلىپ پات-پات دۇمبالاشتى. قان تامچىغان كالپۇكۇم يەنىلا ئاقنى ئاق، قارىنى قارا، دەپ مىدىرلىدى.

ئاتام بىلەن ئاكىلىرىم مېنىڭ كاساپىتىمدىن بىرەر ئاۋارىچىلىققا قېلىشتىن قورقۇپ، مېنى ئالدىغا سالغىنىچە بازار باشلىقىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپاردى.

- ھە، چىرايىڭلار ئەپئەمەس تۇرىدۇ، نېمىگە كەلدىڭلار؟- دېدى بازار باشلىقى.

- بۇ مېنىڭ بالام. ئۇ، «قورقۇنچلۇق گەپلەرنى دېمە» دېسەم، دەپلا تۇرۇۋېدى، ئالدىڭىزغا ئەكەلدىم.

- ھە، ئۇ نېمە دېدى؟

- ئۇنىڭ دەيدىغىنى جىق، ئۆزىدىن سوراڭ.

- ھە، ئېيتە، سەن نېمىلەرنى دېدىڭ؟

- بازار باشلىقى، سىزمۇ بىلىشىڭىز مۇمكىن، 1970-يىللاردا چەت ئەللىك مۇخبىرلار قەدىردان زۇڭلى جۇئېنلەيدىن «جۇڭگودا پاھىشىخانا بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا جۇزۇڭلى: «جۇڭگونىڭ پەقەت تەيۋەن ئۆلكىسىدىلا پاھىشىخانا بار، باشقا يېرىدە يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھازىر بۇ كىچىككىنە بازىرىڭىزدىمۇ پاھىشىخانا بار بوپقالدى، نېمىشقا توسمايسىز؟

- سەن. . . سەن نېمە دېمەكچى، جۇڭگو ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە پاكىز ئىدى، ھازىر چىركىنلەشتى، دېمەكچىمۇ؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇ، كاللا كېتىدىغان ئېغىز خاتالىقى جۇمۇ!

بازار باشلىقىنىڭ ۋارقىراپ ئېيتقان سۆزىدىن قورقۇپ كەتكەن ئاتام بىلەن ئاكىلىرىم غال - غال تىترەپ:

- بۇنى سىزگە تاپشۇردۇق، مەسىلە چىقسا بىز ئىگە ئەمەس،-دېيىشىپ، ئىشىكنى يېپىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېچىپ كېتىشتى.

بازار باشلىقى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئېغىزىنى خېلى ئۇپراتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىقىنى چۈشەندى-دە، ئامانلىق ساقلىغۇچىنى چاقىردى.

- بازار باشلىقى، بۇنى نېمە قىلىمىز؟

- ۋاي ، سولاڭلار!

زەي ھەم سوغۇق كامىردا يېتىپ «پارنىك» دېگەن سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن يادىمغا كەپقالغانلىقىنى ئويلاپ

مۇكەممەل ئاشقلىقنىڭ ئىنسانى بارمۇ؟

ئاپتىم: خاتانى خاتا دېسە كاللا كېتىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتكىلى خېلى بولدى، لېكىن بازار باشلىقىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدا بۇخىل مۇستەبىت ئاڭنىڭ قالدۇق ھېسلىرى خۇددى پارنىكتىكى مايسىدەك يۇمران ئۆسۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

مەن ساقچىخانىدىن چىقىپ «خاتانى خاتا دە، توغرىنى توغرا دە» دەپ ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىمنىڭ يېنىغا باردىم.

— ئۇستازلار، بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دۆلەت شېئىرىدا خاتالىق بارمۇ نېمە؟ تۈزەتسەك بولغىدەك، — دېدىم.

— بۇ شېئىرنىڭ قەيىرى خاتاكەن، — دەپ سوراشتى ھەيران قالغان مۇئەللىملەر.

— بۇرۇن قوزغىلىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانىدۇق، ئەمدى قوزغىلىپ نېمە قىلىمىز؟ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ جۇڭگودا قۇل قالمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە: «قوزغال قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار!» دەپ سۈرەن سېلىپ نېمە قىلىمىز؟ قېنى ئېيتىڭلارچۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، خەلق خۇشاللاندىمۇ ياكى بۇنىڭغا (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىنىغا) خەلقنىڭ غەزىپى تاشتىمۇ؟

— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، خەلق ئەلۋەتتە شادلىققا چۆمدى.

— ئەمىسە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ دۆلەت شېئىرى قىلىنغان بۇ شېئىردا: «جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەڭ خەتەرلىك ھالدا، ھەركىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەزىپى تاشماقتا» دېيىلگەن، بۇ خاتا بولماي توغرىمۇ ئەمىسە؟

— قارىغاندىغۇ تازا توغرا ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنداق دېسەڭ خاتالىشىپ قالارسەنمىكىن.

— ئەمدى بۇ شېئىرنى ئېيتمايلى، بۇ شېئىرنى يەنە تۇۋلاۋەرسەك خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنى چوڭ بىر دەسمايىگە ئىگە قىلىپ قويىمىز.

— قانداق دەسمايە؟

— «جۇڭگودا كىشىلەر قۇلدەك ئېزىلمىسە، غەزىپى قايناپ-تاشمىسا، شۇنچە نۇرغۇن كىشى ‹قوزغال› دەپ ۋارقىرارمىدى؟» دېگەن دەسمايە.

— راست، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى بۇنداق پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ شېئىر يېرىم ئەسىردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ شېئىر تۇرسا، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگىلى بولماسمىكى.

سەبىي قەلبىمگە «خاتانى خاتا دېيىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك، توغرىنى باش كەتسىمۇ قوللاش كېرەك» دېگەن مۇھۇرنى باسقان بۇ ئۇستازلارنىڭ شۇ مۇھۇرنى كىم ياكى نېمە تارتىۋالغاندۇ؟ مەن ھەيران بولۇپ ئۇستازلىرىمغا ئۆزۈم تەربىيە بېرىشكە باشلىدىم:

— 2000 يىل دەۋر سۈرگەن فېئودالىزمغا تىل ئەمەس، تىغ تەگكۈزدۇق. بۇ شېئىر خاتا بولسا، تىل تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەكتە.

ئۇستازلىرىم: «ئۇغۇ شۇ» دېيىشىپ، بىر-بىرلەپ سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان، ماڭا ئۇزۇن يىل سىنىپ مەسئۇلى بولغان بىرى يېنىمغا كېلىپ:

— جۇڭگودا بۇنداق ئىشلارنى تەتقىق قىلىدىغانلار ساماندەك تۇرسا، سەن باش قاتۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ يۈرە، قايتايلى، -دېدى.

خاتانى خاتا، دەپ كۆڭلۈمنى ياسايدىغان مۇگداش تاپالماي، ئاخىرى گېزىت-ژۇرنال يۈزىدە مۇگداش ئىزدىمەكچى بولۇپ قەلەم تەۋرەتتىم. گېزىت - ژۇرناللار مېنىڭ مۇگداش تېپىشىمغا ياردەم قىلارمۇ؟

## ئاپرېلدىكى خەۋەرلەر

● 4-ئاپرېل تۇغۇلغان مۇخبىرىمىزنىڭ قەبرىستانلىقتىن ئەۋەتكەن خەۋىرى: ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ روھى 4-ئاپرېل رەسمىي ئۇچرىشىپ، ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىلىق قىزغىن مۇلاھىزە ئېلىپ باردى. مۇلاھىزە ئاخىرىدا ماركسنىڭ روھى:

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۆلۈپ بوپتىكەنمىز. ھايات بولغان بولساق بۇش ساقلىمىزغا قاراپلا بىزنى: «بىن لادىن بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ جازالاپ كېتەركەن، — دېدى.

● 4-ئاپرېل تۇغۇلغان مۇخبىرىمىزنىڭ ئامېرىكىدىن ئەۋەتكەن خەۋىرى: كىچىك بۇش 4-ئاپرېل ئاتىسى چوڭ بۇشنى يوقلاپ باردى. تاماقتىن كېيىن چوڭ بۇش كىچىك بۇشتىن:

— سېنىڭ دۇنيانىڭ ساقچىسى بولۇشتىكى خىزمەت ئۇسۇلىڭنى ئاڭلاپ باققۇم بار، - دېدى.

—مەن ئالدى بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىنى «بىن لادىننى يوشۇرغان» دېگەن باھانە بىلەن ۋەيران قىلىپ جىمىقتۇرىمەن.

— ئۇنداق قىلساڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر جىم تۇرارمۇ؟

— ھازىر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئەزەلدىن تۈرگۈزۈپ باقمىغان چېگرىلارغا بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ چېگرا ئەتراپلىرىغا قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم. ئەگەر ئۇلار ئىشىمغا ئۆكتە قوپۇدىغان بولسا، ئۇلارغا «تېررورلۇقنى قوللىدى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرىمەن-دە، ئۇلارنىمۇ ۋەيران قىلىمەن.

— بىرىنى دىنى ئوخشاش ئەمەس دەپ، يەنە بىرىنى تۈزۈمى ئوخشاش ئەمەس دەپ ۋەيران قىلىش ساقچىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلىۋەرسەڭ دۈشمىنىڭنى كۆپەيتىۋېلىپ، خەقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش تۇگۇل ئۆزۈڭنىڭ ئامانلىقىنىمۇ قوغدىيالمايسەن.


كىچىك بۇش چوڭ بۇشنىڭ سۆزىدىن سەل چۆچۈگەندەك بولدى-دە، ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى داغلار ئۇنىڭغا چوكىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

---

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M1)

www.uyghurkitap.com



# «ئىشەك ئۇچامدۇ؟ ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ»

—نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھېكايە ماۋزۇسى

## —«ئۇنداق دېمە، خاتالىشىپ قالسەن»گە تەقرىز

دۆلەتزادە

(ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك تەقرىزچىسى)

ئەلۋەتتە، نۇرمۇھەممەت توختى ئېشەكنى قانات چىقىرىپ ئۇچالايدۇ دېمەكچى ئەمەس، لېكىن شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، بۇ كىشىلەر ئېغىزىدا، قەلەملىرىدە ئېشەكنىلا ئەمەس، ئىت-مۈشۈكلەرنىمۇ ئۇچۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ ئېڭىدا شۇلار ئۇچىدۇ دېگەندىكىن، راست ئۇچقىدەك دەيدىغان قاراشمۇ پەيدا بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئېشەك ئۇچىدۇ دەۋاتسا، سىز ۋە مەنمۇ راست ئۇچىدىغان ئوخشىمامدۇ-نېمە؟ دەپمۇ قالىمىز. بولۇپمۇ ناھەق-خاتا ئىشلارغا تولىمۇ سەۋر-تاقەتلىك جەمئىيەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ناۋادا بۇ جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئادەتكە ئايلانغاندا، شۇنداق بىر ئەۋلاد يېتىشىپ چىقىدۇكى، ئۇلار ئىشلارنىڭ ھەق-ناھەقلىقىنى شۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا-زىيىنىغا ئاساسەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلار كۆلۈش ۋە يىغلاشتىمۇ مۇستەقىل ئەمەس. ئۇلار ئەنداز ئېلىشنىلا بىلىدۇ، ئىختىرادىن پەقەت خەۋىرى يوق. مانا بۇ ئىلىم ھوقۇققا مۇرەسسە قىلغان جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسى. بۇ جەمئىيەتنىڭ چوڭلىرى سولۇشۇپ كەتكەن تېرىلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ يالىڭاچ يۈرسىمۇ، ئاۋام ئۇلارغا «كىيىملىرى ئاجايىپ

يارىشىپتۇ» دەپ مەدھىيە ئوقۇشىدۇ. بۇنداق يەردىن ئاندىرسوننىڭ چۆچىكىدىكى ھېلىقى بالىدىكىدەك جۈرئەت تېپىلمايدۇ.

ئارستوتېلنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق قاراشلىرى غەرب تارىخىدا تاكى گالىلىي، بېكون دەۋرىگە قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. گەرچە ئۇ نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بەلگىلىك ئېگىزلىكتىن تەڭ قويۇپ بېرىلگەن بىرى ئېغىر، بىرى يەڭگىل جىسىمدىن ئېغىرى بالدۇر يەرگە چۈشىدۇ، دېگەندەك خاتا قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەلۋەتتە بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى ئەمەس. ھەقىقەت ئىزدەپ خاتالىششىمۇ ياخشى ئىش. ئەمما خاتالىق، قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى دەلىللەپ باقماي قارىغۇلارچە قوبۇل قىلغانلىقىدا. ھەقىقەت دەپ قارالغان نەرسىلەردىن گۇمان قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتتى ئۆزىگە تەۋە ھەقىقەت بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەممىلا نەرسىدىن گۇمان قىلىۋېرىدىغان ئادەمدە بولسا پەقەت ھەقىقەت بولمايدۇ.

تۇرمۇش ئادەمگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ، ئەمما تۇرمۇش ئۆگەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەق ساناپ قوبۇل قىلىش ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك. چۈنكى تۇرمۇش بەزىدە سىزگە نومۇسسىزلىق، مۇناپىقلىقنىمۇ ئۆگىتىدۇ، سىزنى نۇرغۇن رەزىللىكلەرنى قىلىشقا كۆندۈرىدۇ. تولا ئادەملەر ھاياتلىقتا ئېرىشكەن تەجرىبە — ساۋاق،

بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق-سوغۇقتا ئاساسەن بىرنى بىر دېيىش ئەخمەقلىق دېگەن يەكۈنگە كېلىشىدۇ. بەلكىم بىرنى بىر دېمەيدىغانلارغا قارىغاندا، بىرنى بىر دەيدىغانلارنىڭ ئىزچىل ئاز بولۇشى مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت بولسا كېرەك. قارالڭ، سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزمۇ شۇنچىلىك ئاددىي بىر ئىشتا بىرنى بىر دەپ سىزگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش بېرەلمەپتۇ. دۆلەت شېئىرىنىڭ مەزمۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن ئەللەرنىڭ دۆلەت شېئىرلىرىمۇ نەچچە ئون، نەچچە يۈز يىللىق تارىختا ئىگە. بۇ شېئىرلار ئۆز دۆلىتىنىڭ شۇ چاغدىكى كونكرېت تارىخىي شارائىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولغاچقا، ئادەمگە ئۆتمۈشكە پەقەت ئوخشىمايدىغان بۈگۈنگە نىسبەتەن ماس كەلمىگەندەك تۇيغۇ بېرىپ سېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما مېنىڭچە، بۇنى شۇنچىلىق بىلەنلا ئۆزگەرتىپ قويۇش ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ تارىخىي ئاڭ - تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى، دۆلەتنىڭ قانداق جاپالار بەدىلىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى كۈنلەرنى چۈشەنمەي قېلىشىغا سەۋەب بوپقېلىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ رېئاللىقنى چۈشىنىشى، تارىخنى چۈشىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلسا كېرەك. قارىغاندا، مۇئەللىملىرىڭىزمۇ نۇرغۇن «ئىسسىق-سوغۇقلار»نى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، «تەجرىبە-ساۋاق» يەكۈنلىگەن بولسا كېرەك. دەپ قويۇڭ، تەجرىبە - ساۋاقلار-نىڭ ھەممىسىلا ھەقىقەت بوپكېتىشى ناتايىن.

نۇرغۇن ئىشلار ئەسلى ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، ئىزاھلىنىشى تولىمۇ بىمەنە، مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسلى شۇنداق ئاددىي ئىشلارمۇ ئاجايىپ بالايىئاپەتلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. ئاۋامنىڭ غاپىللىقى مۇقەررەر ھادىسىدۇر. ئۇلارنىڭ قانداق بولمىقى كۆپىنچە ھاللاردا شۇلارنىڭ ئالىم-سەردارلىرىغا باغلىق. ئۇلار مەسىلىلەرنى قانداق چۈشەندۈرسە، خەلق شۇنداق چۈشىنىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز ئەينى ۋاقىتتا ئافاق خوجا: «پەيغەمبىرىمىزگە ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھيى چۈشكەندە، مېنىڭ نۇرۇم شۇ غارنىڭ بۇلۇڭىدا بار ئىدى»، «ماڭا قول بەرمىگەنلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندىمۇ گەپ-سۆزسىز ئىشىنىشكەن. خەلقىمىز ساختا پەتىۋا قۇربانلىرىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. تالاق قىلىنغان خوتۇنلارنى خورازغا نىكاھ قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۆزى خوتۇن قىلغان موللىلارغىمۇ بەرھەق، دەپ سۈكۈت قىلىشقان. ئۇنىڭغۇ شۇچاغدىكى نادانلىقتىن دەيلى، ئەمما ھازىرمۇ ناۋادا مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىرى كېلىپ، ھاراقنىمۇ بەزىدە ئىچسە «ھالال» بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرسە ئىشىنىدىغانلار كۆرمىلىڭ. دېمەك، بۇ خەلق بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىماننى ھەقىقەتكە ئەمەس نوپۇزغا كەلتۈرىدۇ. ئالىملىرى مۇناپىقلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان خەلقنىڭ ئۆزى ماڭقۇرت بولىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بىر تەتۈرلۈك شۇكى، ئىلىم ھوقۇقتا ئەمەس، ھوقۇق ئىلىمگە ھۆكۈمران. ئىلىمنىڭ ھوقۇقنىڭ دېدىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ زور پاجىئەلىرىدىن بىرى. ئون ئالىمنىڭ مىڭ تەستە ئېرىشكەن نەتىجىسى بىرەر ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا، ئۇ ئۆزلىكىدىن بىكار بوپكېتىدۇ. جەمئىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ نوپۇزى ھامان ئالىمنىڭكىدىن يۇقىرى. مەسىلەن، بىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلسە، كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كىرگەن چوڭراق بىر ئەمەلدار سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھېچقانچە قىممىتى يوق بىرەر ئەسەرنى ناھايىتى ياخشى سىزىلىپتۇ، دەپ ماختىسا، شۇ ئەسەر دەرھال كۆرگەزمىدىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئېسىل ئەسەرگە ئايلىنىدۇ. ھەممىلا جايدا پالانى ئەمەلدارنىڭ ئۇنىڭغا «يۇقىرى باھا» بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. گەرچە ئۇ ئەمەلدارنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدە ئىقتىدارى بولغىنى بىلەن، رەسىم باھالاشتا شۇ كەسپنىڭ ئەھلىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما شۇنداقتىمۇ شۇنىڭغا ياققانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ، باشلىق «يۇقىرى باھا» بەرگەن نادىر ئەسەر بوپقالىدۇ. مانا بۇ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلە.

توغرا، خۇددى سىز ئېيتقاندەك، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش جاھاندىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. چۈنكى ھەرخىل ئادەم، مەزھەبلەر ئۆزى ھەق دەپ بىلگەننى توغرا دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئەمما مېنىڭچە، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشقا قارىغاندا، ئايرىلىپ بولغان توغرىدا چىڭ تۇرۇش، توغرىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھايات مىزانى قىلىپ ياشاش تېخىمۇ قىيىن بولسا كېرەك. مانا بۈگۈن كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەرگە قارايدىغان بولسىڭىز ئادەملەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان تەلىمات - تەرغىباتلار ئاجايىپ نۇرغۇن، ئەمما رېئاللىققا قارايدىغان بولسىڭىز ئەشۇ تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بۈگۈنكى دۇنيا ھەقىقەت ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلىنىدىغان دۇنيا.

شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەتكە باش ئەگدۇق، بەيئەت قىلدۇق، دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ نەپسىگە بويسۇندۇرۇشىدۇ. ئۇلار ھەقىقەت باشلىغان نىشانغا ماڭماستىن، ھەقىقەتنى ئۆزى باشلىغان نىشانغا قايرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ سەللە-تونى قىلىۋالغان. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ مىزانى ئەمەس، بەلكى زىنىنىتى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەقىقەت مانا مۇشۇنداق «ھەقىقەتچى» لەرنىڭ قولىدا خارلانماقتا. ھازىرقى كىشىلەر ھەقىقەتنى ئېغىزىدا ئېتىراپ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە دەپسەندە قىلىپ ياشايدۇ. ھەقىقەت گويا چوغ، ئۇنى تۇتسا كۆيدۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقەتنىڭ ساھىبى بولالايدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ چوغدا ئىسسىندۇ، مەش-ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىشىدۇ ھەم ئوت بەكرەك ئىسسىتىۋەتسە، سۇ قويۇپ ئۆچۈرۈپمۇ قويۇشىدۇ. شۇڭا بۇ چوغنى تۇتماقچى بولغانلار ئۇنىڭ چوقۇم قولنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا، تۇتۇپ بولۇپ يەنە تاشلىۋېتىدۇ. ھارارەتكە بەرداشلىقى يوق ئادەملەر قانداقمۇ چوغ مىنىڭ دېيەلىسۇن؟

ھازىرقى باللار ئوينامدۇ-يوق، بىلمىدىم، چوڭلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، كىچىكىمىزدە «ئۇچتى-ئۇچتى» دەيدىغان بىر ئويۇن بولىدىغان. بۇ ئويۇندا بىرەيلەن باش بولۇپ، ئاۋۋال ئۇچىدىغان نەرسىلەردىن باشلاپ: «ئۇچتى-ئۇچتى كەپتەر ئۇچتى، ئۇچتى-ئۇچتى قاغا ئۇچتى. . . » دەپ توۋلاپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ توۋلايتتى، ئاندىن ئۇ باشقىلارنىڭ بىخۇدلۇقىنى پەملەپ تۇرۇپ : «ئۇچتى-ئۇچتى دەرەخ ئۇچتى، ئېشەك ئۇچتى» دېگەندەك ئۇچمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى توۋلايتتى، سەگەكرەك تۇرغانلار قولىنى كۆتۈرمەيتتى، بىخۇدراقلىرى توۋلاپ قولىنى كۆتۈرۈپ سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلۇم دەرىجىدە جازالىناتتى. مانا، ھاياتلىقتىمۇ مۇشۇ ئويۇنغا ئوخشاش ئىشلارمۇ نۇرغۇن بولىدىكەن. سىزمۇ، مەنمۇ بەلكىم نۇرغۇن قېتىم ئۇچمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇچتى، دەپ توۋلاپ سالغاندىمىز.

بۇرادەر مۇھەممەت مەتنىياز دانىشنىڭ «كۆڭلۈمنى ياسايدىغان مۇڭداش تاپالماي» دەپتىمىز. ئەمما مېنىڭچە، سىز دەكلەر «كۆڭلىنى ياساشقا» موھتاج بولماسلىقى كېرەك. كىشى ئۆزى ئەقىدە قىلغان ھەقىقەتتىن تەسەللىي تاپالمىسا، ئۇنىڭ شۇ ھەقىقەتكە بولغان ئەقىدە-چۈشەنچىسىدىن مانا مەن گۇمانلىنىمەن. سىزگە دېمەكچىمەنكى، بەردەم بولۇڭ. ھازىر كىشىلەر ئاجىزلاردا ھەقىقەت بارلىقىغا ئىشەنمەس بوپكەتتى. كىشىلەر ھەقىقەتنىڭ ھەمىشە ئۆزلىرىنى كۈلدۈرۈشىنى، خۇشھال قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەت سەۋەبىدىن تارتقان دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

كىشىلەر ھەقىقەتكە ھەۋەس قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ھەۋەسكارغا موھتاج ئەمەس؛ يەنە ھەم يۈرەكنى تىترەتكۈدەك قەسىدە - مەدھىيىلەرنى ئوقۇشىدۇ، ئەمما ئۇ قەسىدىچىگىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇ ھەمدۇ-سانا، قەدىرلەشلەرگىمۇ موھتاج ئەمەس؛ قوغداش - ھىمايىگىمۇ موھتاج ئەمەس. . . قىسقىسى، ئۇ زادىلا ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ھەقىقەتكە موھتاج. ھەقىقەت بۇيرۇقلا قىلىدۇ، تەلەپلا قىلىدۇ، بۇ، ئۇنىڭ تەبىئىي نوپۇزى. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەت ئالدىدا پەقەت ئىككىلا مەجبۇرىيىتى بار: ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىش. بەزىلەر ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلىشىدۇ، ئەمما ئىجرا قىلمىغان ئادەمنىڭ نەدىمۇ قوغدىغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بولسۇن؟ ! (M1)

## مۇشتەرىلەرگە سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا بۇيىلدىن باشلاپ پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى - قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# چاھاندا بار گەپلەر

**توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى

## ھازىر قايسى زامان؟

**ئىلاۋە:** گېزىت خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، «فېليەتون گېزىتى» «ماڭا ھەممىدىن بەك يارىغان بىر پارچە فېليەتون»نى تاللاش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا تەشەببۇسنامە چىقارغان. يېڭى يىلنى توق كۆڭۈل ۋە جۇشقۇن روھ بىلەن كۈتۈۋېلىش مەقسىتىدە، 2001-يىلى ئېلان قىلىنغان فېليەتونلارنى باھالاپ كۆرۈش مەزمۇن قىلىنغان بۇ پائالىيەت ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرغان. ئوقۇرمەنلەر دىققىتىنى تارتقان، ئوقۇپ تەسىرلەنگەن، مەنىۋى نەپ ئالغان فېليەتونلارنى بىر-بىرىگە تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ، ئېزىپ ئىچىپ، تېتىپ كۆرۈپ، ئۆزلىرى ھەممىدىن بەك ياراتقانلىرىنى تاللاپ كۆرسەتكەن. شۇنداق تاللاش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن 12پارچە فېليەتون ئۈستىدىن چەك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ باھالىغاندا، «ھازىر قايسى زامان؟» سەرلەۋھىلىك فېليەتون«ماڭا ھەممىدىن بەك يارىغان بىر پارچە فېليەتون»لار ئىچىدە

### ئىبرەتلىك پاراڭلار

«چېمپىيون» لىقنى ئالغان.

«فېليەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 25-دېكابىر سانىدا رۇسى ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان شۇ فېليەتوننىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىندى.

**- توختى باقى ئارتىشى**

بەزى چاغلاردا بەزى ئادەملەرنىڭ: «ھاي، ھازىر قايسى زامان؟» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز.بۇ گەپتىن ئىككىنچى بىرئادەمنى: ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىسەنغۇ،دەپ ئەيىبلىگەندەك مەنا چىقىپ تۇرىدۇ.

ھازىر قانداق زامان؟

قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىكى ئادەم شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ھازىرقى دەۋر جۇڭگو تارىخىدىكى ھەممىدىن ياخشى زاماندۇر. كۆرمىدىڭىزمۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى دۆلەت قۇدرىتىنىڭ تېز كۈچىيىشى بىلەن تەڭ كۈندىن كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ؛ جۇڭگودا پۇقرالار ھېچقاچان ھازىرقىدەك بىمالال سۆزلەش، ئېتىقاد قىلىش، ئىشلەش، كۆچۈش ۋەھاكازا ئەركىنلىكلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ئەمەس، ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەتكە، كىشىلىك ھوقۇقىدا كاپالەتكە ئىگە بولغان ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭدىن 20يىل ئىلگىرىكى چاغ بولسا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، مۇشۇنداق بىمالال سۆزلىيەلەمتىڭىز؟

راست، ھەرخىل رەزىللىكلەر، قۇسۇر-نۇقسانلار،

www.uyghurkitap.com

خىيانەتچىلىك - چىرىكلىكلەر، پارا بېرىدىغان ۋە پارا ئالىدىغان ئىنسابسىزلىقلار،قانۇننى بەتنىيەت بىلەن بۇرمىلايدىغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكە چوغ تارتىدىغان، ھۆل خىشقا دەسسىتىپ ئالدامچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار، قاتىللىق، ئوغرى-بۇلاڭچىلىقلار ھازىر ھەقىقەتەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. لېكىن ھەرقانداق دەۋر ۋە زامان كەم-كۈتىسىز بولۇۋەرمەيدۇ.

ھازىر تېكى-تەكتىدىن ئېيتقاندا،«ئۆتمۈش» نىڭ پۇشتى. ھازىرقى كۈندە ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ تۇرغان ھەرخىل رەزىللىكلەر تارىخنىڭ پۇشتىدىن تامغان؛ جۇڭگودا ئۇزۇن زامان داۋام قىلغان فېئودالىزم دەۋرى تولىمۇ نۇرغۇن چىرىكلىك مىكروبلىرىنى پەيدا قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ قان-قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىكەن. بىز1950-يىللاردا بىر مەزگىل ئوبدان ئىجتىمائىي ھايات كەچۈرگەندەك بولدۇق، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى ئۇدۇمدىن پاك-پاكىز قۇتۇلۇپ كېتەلمەپتۇق. پارتىيە ئىچىدە ھەرخىل رەزىللىكلەر پەيدا بولدى، شۇ سەۋەبتىن پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى تۈزىتىشكە ياردەملەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى ئەربابلار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. كىمنىڭ خىيالىغا كەچسۇن، ئەڭ ئالىي رەھبەر رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ،سىياسىي يۆنىلىشنى بىر «ئاشكارا قەست» بىلەنلا ئاستا ئەپلەپ بۇرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن توغرا گەپ قىلغان - قىلىدىغان نۇرغۇن ئېسىل زىيالىيلار باشقا بىر دېپەرگە يېزىلىپ كەتتى، جەمئىيەتنىڭ مىجەزى تېزلا ئۆزگىرىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ھەرىكەت بولۇپ تۇردى، «پرولېتارىياتنى جانلاندۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنى يوقىتىش» ،«خۇسۇسىي» لىك خىياللىرىغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىشلار بولۇپ تۇردى. لېكىن شۇنداق كۈچلۈك سىياسىي جۇت ئىچىدە قالغان چاغدىمۇ«كادىرلار بىكارغا كۆپ يەپ-كۆپ ئىچىدىغان ،كۆپ ئىگىلىۋالىدۇ»غان، «ئالاھىدە»بولىۋالىدىغان چۈشكۈن - چىرىك ھادىسىلەر قۇرتلىغاندەك پەيدا بولۇپ تۇرغانىدى. بىراق ئۇ چاغلاردا جامائەت پىكرى ھازىرقىدەك ئوچۇق - ئاشكارا بولمىغاچقا، يۇقىرى قاتلاملاردىكى چىرىكلىكلەر خەلققە مەلۇم بولمىغان. ئۇ چاغلاردا ئىقتىساد قۇرۇپ تۈگەش ھالىتىگە يېقىنلىشىپ قالغاچقا، خەلق قورسىقىنى ئاسما قوزۇقتا ئېسىپ قويغاندەك كۈن ئۆتكۈزەتتى، چىرىكلىشىدىغان دەسمايە يوق ئىدى، چىرىكلىكنىڭ ۋەزنى ھازىرقىدەك «غايەت ئېغىر» ،«پەۋقۇلئاددە زور»ئەمەس ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قېنىغا ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىمەيدىغان ناچار ئىللەت سىڭىپ كەتكەچكە، «بىر تاغار ياخشى گەپ بىر تال كالتەككە دال بولالمايدۇ» . ئۆتمۈشتە ھەرىكەت توختىمىغان. جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى بولغان ئادەم ئاساسىي قانۇننى كۆتۈرۈپ چىقىپمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىغانىدى. دېمەك، ھەممە ئادەم دەككە-دۈككىدە، ۋەھىمە ئاستىدا قالغانىدى. مانا ئەمدى جاھان ئاز-تولا ئۆزگىرىپ، ئادەملەر كۈن كۆرۈپ قېلىۋېدى، خۇشاللىقىدىن ئۇچۇپ، چۈشۈشنى بىلەلمەي قالدى، خۇددى بارلىق يامانلىق ۋە ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسى بولغان«پاندۇرا قۇتىسى» ئېچىلىپ كەتكەندەك، كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇغۇلۇپ قالغان يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى يامراپ چىقتى. ھەممە گەپ ئەنە شۇ يەردە.

ئەلۋەتتە، ئۇلۇغ داھىي، سىياسىيئون ۋە ئىنقىلابچى بولغان ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭخۇا ئېلىگە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخىدا تۇتقان يۈكسەك ئورنىغا كۆز يۇمماي‌مىز. لېكىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ تارىخقا قارايدىغان بولساق، ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخ جەھەتتىن چەكلىمىلىكنىمۇ ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ.«ماۋزېدۇڭ جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن چوڭ بىر دەۋرىي قاباھەت» دۇر. ئۇ«يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى مىللىي تراگېدىيىدە تاغنى تالقان قىلىدىغان تارىخىي كومېدىيىگە رېژىسسورلۇق قىلغانىدى، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي كومېدىيىسىدە ( تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن) مىللىي تراگېدىيىگە رېژىسسورلۇق قىلدى» (شياۋيەنجۇڭنىڭ «ئۇلۇغ ئەزىمەتنىڭ دۇنياغا يارىتىلىشى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىگە قاراڭ) .ئۇنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ھاكىمىيەت ئىشنىڭ بېشىدىلا دېموكراتىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىدىغان مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈملەرنى ئورناتمىغانلىقى، ھوقۇق ئۈتكۈزۈشتا قانۇنىي تەرتىپ بولمىغانلىقى،ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ئۈنۈملۈك نازارەت ۋە تىزگىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغان، گېپىنى يېرگىلى بولمايدىغان ئۇدۇملار ھوقۇقنى تىزگىنسىز قىلىپ قويدى، چىرىكلىكمۇ مۇقەررەرلىشىپ كەتتى.

«ھازىر» بولسا ھازىر ياشاپ تۇرغان ئەۋلادلارنىڭ ئورتاق تەربىيىسى بىلەن يېتىشىپ كېلىۋاتقان پەرزەنتتۇر. نۇرغۇن ئادەملەر«ھازىر»قى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىرمۇنچە ئۆكتەملەر بىر تەرەپتىن «ھازىر» نى ئاياغ ئاستى قىلىپ، چىرىتىش ئىمكانىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن«ھازىر»نى پوقلاپ ھاقارەتلىمەكتە. بىرمۇنچە بىچارىلەر بولسا ئۆز ۋاقتىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ قورقۇنچلۇق قاينامىلىرىدا جان ساقلاشنى ئۆگىنىۋالغاچقا، چىرىكلىكنى كۆرگەندە بىر بولسا ئاغزى-بۇرنىنى توسۇپ جىم بولۇۋالىدىغان بولدى، بىر بولسا سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان بوپقالدى.«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىگە قارىغاندا، شاڭخەيدىكى قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر«چالا موللا ئوقۇغۇچى»سى: «( يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال) دېگەن گەپ بار، باشقىلار ئوغرى-بۇلاڭچى بوپكېتىۋاتقاندا، سەنمۇ ئوغرى-بۇلاڭچى بولۇۋال» دەپتۇ. مانا مۇشۇنداق كەيپىيات ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلسا، «ھازىر» نىڭ ئۆزىلا بەربات بولۇش بىلەن توختاپ قالماستىن، «كەلگۈسى»گىمۇ خەۋپ يېتىشى ئېھتىمال.

بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا«ئۆكچىلارغا قارشى ھەرىكەت» ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ جۇڭگوغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى بىر نەچچە ئەۋلاد ئادەمگە تەسىر قىلىشى مۇمكىن، دەپ بىشارەت قىلغانىدى.«ھازىر»قى ئەھۋاللار ئەنەشۇ بىشارەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتسا، بىزنىڭ بىر مۇنچە ئادەملىرىمىز«ئۆتمۈش»كە چوقۇنۇپ ۋە ئۇنى ئۇلاھلاشتۇرۇپ، ئۆملەپ يۈرمەكتە. ھەممىدىن پاجىئەلىك تراگېدىيە مانا مۇشۇ.

تارىخنىڭ چاقى گۈلدۈرلەپ ئالغا باسماقتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنى باھار ھۆسنىگە كىرگۈزمەكتە، پۈتكۈل دۇنيانىڭ نەزىرىنى تارتماقتا.«ھازىر

قايسى زامان؟» دەيدىغانلارغا تەنە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ «ئۆتمۈش»كە دۇئا-تەلەپ قىلىدىغان ئىبادەتخانىدىن قايتىپ چىقىپ، «ھازىر»قى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زوقلىنىپ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، «ھازىر»نى چىڭ تۇتۇپ، «كېلەچەك»نى ياراتقىنى تۈزۈك!

## ئىدىيىنى بىردەمدىلا ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

بلايىس پاسكال: «ئادەمنىڭ بارلىق ئىززەت-ئابرويى ئۇنىڭ مەپكۇرىسىدا، ئەڭ يۈكسەك شاد-خۇراملىقمۇ مەپكۇرىسىدا» دەپتىكەن. شۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن چوڭ خار-زەبۇنلۇق تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ ئالدىغا ئۆتمەس؛ ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن چوڭ دەرد-ئەلەم تەپەككۇردا سىقىلىشنىڭ ئالدىغا ئۆتمەس.

لېكىن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ تارىخنى تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مەھرۇملۇقتىن تارتقان ئاھانەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. جوردانوبرونو، نىكولاس كوپېرنىك، سولژېنىتسىن، ۋىلىيام خاۋېر، ماينچۇ، گۇجۇڭ، جاڭ جۇگشياۋ دېگەندەك ئىسىملارنى قاتار-قاتارلاپ ئاتاپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «مۇستەقىل ئىدىيە، ئەركىن روھ»لىرىنى چىڭ ساقلاش يولىدا ئېچىنىشلىق بەدەللەرنى تۆلەپ ھەتتا ئەزىز جانلىرىنى بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋە تارىخنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان.

لېكىن شۇنداق پىكىرلىك ئادەملەرمۇ بار ئىكەن: ئۇلار ئەسلىدە ئىززەت-ئابرويلۇق كاتتا ئالىم ۋە ئۇستاز بولسىمۇ، ئىلىم-بىلىم ئەركىنلىكىنىڭ، مەپكۇرە مۇستەقىللىقىنىڭ قابىل ھامىيسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن «مەپكۇرە قوغداش جېڭى»دە ئۆزلىرى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان «ئەركىنلىك ۋە گۈزەل غايە»دىن باشقا ھەممە ئادەمدىن تېز، ھايت-ھۇيت دېگۈچە يۈز ئۆرۈپ، بىر يۇمىلاپلا «ئىدىيە ئۆزگەرتىش»نىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ، تارىخنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى.

مانا، بىرنەچچە كاتتا ئادەمنىڭ تولىمۇ ئايان بوپكەتكەن مۇنداق مىساللىرىغا قاراڭ:

1966-يىلى 14-ئاپرېلدا، گومورو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30-سانلىق يىغىنىدا مۇنبەرگە چىقىپ: «نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قەلەمنى قولۇمدىن تاشلىماي ئۇنى-بۇنى يېزىپ، بەزى بىرنېمىلەرنىمۇ تەرجىمە قىلىپ كەلگەنىدىم... لېكىن بۈگۈنكى ئۆلچەم بىلەن ئېيتسام، ئىلگىرى يازغان نەرسىلىرىمنى، چىڭراق ئېيتسام، بىرنىمۇ قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تاشلاش كېرەك ئىكەن، قىلچىلىكمۇ قىممىتى يوق ئىكەن» دېگەن.

جەمئىيەتشۇناس ئالىم فې شياۋتۇڭ «خەلق گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدا: «ئۆتمۈش تارىخىمنى قارا تاختىدىن ئۆچۈرگۈچ بىلەن پاك-پاكىز ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، يېڭىۋاشتىن يازمىغىچە دەردىم چىقمايدۇ» دېگەن.

تارىخشۇناس ئالىم جيەن بوزەن ئۆلۈۋېلىشتىن ئىلگىرى يانچۇقىدا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدا: «مەن (مەسىلىنى) ھەقىقەتەن تاپشۇرالمايدىكەنمەن، ئاخىر مانا مۇشۇنداق ئەجەل يولىغا ماڭدىم ... ياشىسۇن ماۋجۇشى، ماۋجۇشى ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن » دېگەن.

لياڭ شۇمىن ماۋزېدۇڭنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى مەدھىيىلەپ: «رەئىس جانابلىرىنىڭ بۇ نۆۋەت پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى قوزغىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش روھى كۆتۈرۈلدى، بۇرژۇئازىيىگە نەپرەتلىنىدىغان، شيۇجېڭجۇيى (رېۋىزيونىزمغا يەنى ماركسىزمنى تۈزەتكۈچىلەرگە دېمەكچى)غا لەنەت قىلىدىغان بولدۇق، بۇ ھەرىكەت بىزنىڭ پرولېتارىيات كوممۇنىزمىغا كىرىشىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر» ئىكەن دېگەن.

مۇشۇ تارىخلار ھەرقاچان كۆز ئالدىمغا كەلسە، شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: ئەشۇ ئەسىرى زور كاتتا ئادەملەر تېخى تۈنۈگۈنلا ئىلىم-بىلىم ئەركىنلىكىنى، مۇستەقىللىقىنى تۇغ قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەنىدى، لېكىن بىر ئۆرۈلۈپلا 180 گرادۇس بۇرۇلغانلىقى نېمە قىلغىنى؟! شۇنداق بۇرۇلۇشىدا مەنتىقىي دەلىل بولسا كاشكى، شۇنداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلدۈرۈدىغان بىر ئالامەت بولسىمۇ كاشكى. بۇ ئەھۋال ئىدىيىنى ھايت-ھۇيت دېگۈچە تېز ئۆزگەرتىۋېتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولغاندۇ؟ دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

شۇ پىكىر ئىگىلىرىنىڭ «تۇۋا»لىرى تامامەن چىن يۈرىكىدىن چىققانمىدۇ؟ ئەگەر ئۆز خاھىشى بىلەن بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىدىن يېنىۋېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟

تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، پەقەت مۇنداق ئىككىلا ئېھتىمال بولۇشى مۇمكىن:

بىرى، پىكىر ئىگىلىرى ھەقىقەتەن ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىغا تۇۋا قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. لېكىن بۇ يەردە يەشكىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە تۇرۇپتۇ. ھەممىگە مەلۇم، شۇ ئۇستازلار ۋە ئالىملار پىشىپ يېتىلگەن ۋە مۇئەييەنلەشكەن دۇنيا قاراشقا، ئىلىم-بىلىم قارىشىغا ئىگە، شۇ ئىلىم-بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە نەزەرىيە سىستېمىلىرى كۆپ يىل مابەينىدە بارا-بارا شەكىللەنگەن ۋە بېكىگەن، ئۇلارنىڭ ھايتىنى ھۇيت دېگۈچە پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشىنى ۋە ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىلىپ بولۇشىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس. يەنە بىرى، شۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ساختا ئۆزگىرىشتۇر، «خوجا كۆرسۇن»گە ئۆزگەرتىشتۇر، «يالغان تۇۋا»دۇر، ئەلەم كۈچى بىلەن قىلىنغان «قىيىن-قىستاقتىكى ئىقرار»دۇر ياكى جان ساقلاش ئامالىدۇر.

كېيىنكى كۈنلەردە گومورو ئۆزىنى ئاقلاپ: «مېنىڭ ئۇنداق دېيىشىم سۇمۇرغنىڭ دۇنياغا قايتا تۆرىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغىنىغا ئوخشاش بىر گەپ» دېگەن. لېكىن گومورونىڭ جان دوستى زۇڭ بەيخۇا ئەپەندى بولسا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سۇمۇرغنىڭ قايتا تىرىلىشى، ۋەھاكازا دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى گېزى كەپقالغاندا گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان رەڭۋازلىق. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەيلى گومورو ياكى باجىن بولسۇن ۋەياكى باشقا بىركىملەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ

تولىسى ئۆزىنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىز پۈكۈپ يېلىنغان.بۇنى ھەقىقىي توۋا قىلىش دېگىلى بولمايدۇ. بۇلار يالغان توۋا بىلەن ئەخمىقانە تەۋبىنىڭ بىرلەشمىسىدۇر».

زۇڭ ئەپەندى گەپنىڭ لوندىسىنى قىلغان. بۇنى كېيىنكى چاغلاردىكى نۇرغۇن ئەسلىمىلەر،توۋانامىلەر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. زىيالىيلار ئەسلىمىلىرىدە ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، بۇگۈنكى قاراشلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى،تۈنۈگۈنكى قىلىقلىرىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى قاتتىق ھېس قىلغان. شۇ ئەسلىمىلەر ئىچىدە باجىن ئەپەندىنىڭ «يادىمغا كەلگەنلىرى» دېگەن ئەسىرى بىلەن ۋېي جۈنيى ئەپەندىنىڭ«ئېچىنىشلىق ئەسلىمە» دېگەن ئەسىرى ھەممىدىن تېپىك خاتىرىدۇر.

دېمەك، ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ بىر ئۇخلاپ قوپۇش ئارىلىقىدا تېزلا پۈتۈپ كېتىشى «قوراللىق تەنقىد» كە ياكى زوراۋانلىققا باغلىق بولىدىكەن.

رالپ ۋالدو ئېمېرسون:«ئادەمنى ئىدىيىسىدىن تايدۇرغىلى بولمىسا، مەسىلىنى زوراۋانلىق بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپتىكەن.

زوراۋانلىق مەسىلىنى ھەقىقەتەن ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلالمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ زوراۋانلىقنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ نۇرغۇن چىگىش ۋە قارىماققا ھەل قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇرغان مەسىلىلەرنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ تېزلا ھەل قىلالايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ھەممىلا ئادەم جوردانوبرونو، جاڭ جىشىنغا ئوخشاش قانلىق قىلىچ،چوغدەك داغمال ئالدىدا زادىلا قورقماس بولۇۋەرمەيدۇ.«ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن تاياق قاتتىق،ئەت يۇمشاقتۇر» .تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇرنى بوغۇشنىڭ،ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن «قىيىش ۋە ئۆزگەرتىش» ئىكەن.

شۇنداق ئۆزگەرتىشتە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەن،يەنە بىر ئوغلى ئۆلۈۋالغان گومورۇغا ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا يول بارمىدى؟

جۇڭگودا زىيالىيلار تارىخىنى ئىدىيىسىنى جىسمانىي جەھەتتىن بوغۇش-سىقىش يولى بىلەن ئۆزگەرتىش تارىخىدۇر، دەپ ئېيتساق قانداق؟ يىراقنى تىلغا ئالماي قويۇپ تۇرايلى، 1951-يىلدىن بۇيان«ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ھەرىكەتلىرى ئىككى-ئۈچ يىلدا بىر قېتىم دېگۈدەك بولۇپ تۇردى:«زىيالىيلارنى ئەمگەكچىلەشتۈرۈش» ھەرىكىتى، زىيالىي ياشلارنى«تاغلارغا چىقىرىش،يېزىلارغا چۈشۈرۈش» ،«قايتا تەربىيە ئالدۇرۇش» ھەرىكەتلىرى،«7-ماي يولىيورۇقى» ۋەھاكازا؛ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە«ۋۇشۈننىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىنونى تەنقىد قىلىش،خۇشى ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىش، خۇفېڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تانىۋىنى تارتىش،ۋەھاكازا دېگەندەك ھەرىكەتلەر كەينى-كەينىدىن دولقۇن كۆتۈردى.

ئەمەلىيەتتە ئىدىيىۋى ھەرىكەت ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى ئىدىيىگە ئۆزىيولى بويىچە مۇئامىلە قىلماسلىق.ستېفان زىۋىگ:«مۇتەپەككۇرلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تەپەككۇر قورالى بىلەنلا ھەل قىلىش كېرەك» دېمىدۇ. لېكىن بىزدە قانداق قوراللار ئىشلىتىلدى؟ كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىندى،«ئايرۇپىلان ئۇچۇرتۇش» ئۇسۇلى ئىشلىتىلدى،ئەمگەك جازاسىغا تارتىلدى، تۈرمىگە تاشلاندى، كاللىسى ئېلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن تالاي پىكىر ئىگىلىرىگە بىر ئۇخلاپ ئويغانغىچە بولغان چاغلىق ۋاقىت ئىچىدە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنى ئۆزى سوراپ تەسلىم بولماقتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن؟!

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى يېۋرېپىدىس:«قۇل دېمەك ئۆزىنىڭ پىكرىنى،كۆز قارىشىنى بايان قىلالمايدىغان ئادەم دېمەكتۇر» دەيدۇ. لېكىن «قۇل» لۇق بىلەن «ئۆلۈم» دىن بىرىنى تاللىۋېلىش توغرا كەلسە قانداق قىلىسىز؟ «قۇل» لۇقنى تاللامسىز ياكى «ئۆلۈم» نىمۇ؟ جوردانوبرونو،جاڭ جىشىن، لى جيۇ ليەن ئۆلۈمنى تاللىۋالغان، شۇڭا ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقتا، تارىخ ئۇلارنى يادلىماقتا. لېكىن نۇرغۇن ئادەم«قۇل» لۇقنى تاللىۋالغان. بىز ئۇلارغا ھېسسىيات جەھەتتە لەنەت ئېيتقان بولساقمۇ، ئۇلار«موللا دېگەن ھەر ھالدا موللا-دە!» دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلىغاندا پىسەنت قىلمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئەقىل جەھەتتە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمايمىز.

---

بۇ مۇلاھىزە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتلىرىدىن بىرى بولغان«خىببىي گېزىتى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2001-يىل دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئاپتورى: مۇلىڭ بو، قىيەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.

## ئىلىمنىڭ تەقدىرى

جۇڭگودا ساپ-چىن مەنىدىكى ئىلىم ئىگىسى - ئالىم ئەزەلدىن ناھايىتى ئاز. ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك دەۋر سۈرگەن كۇڭزى تەلىماتى «گاداي بولساڭ ئۆزۈڭنى پاك تۇت، شاھ بولساڭ ھەممىگە مۇرۇۋۋەت قىل» دەپ تەلىم بەرگەن بولسىمۇ، شۇ تەلىماتنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئىچىدە ئۇنى ئىلىم قاتارىدا كۆرۈپ، ئەمەل قىلغانلار تولىمۇ ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش ۋاقتىدا مۈگدەپ قالماسلىق ئۈچۈن كوكۇلىسىنى تورۇسقا باغلاپ قويغان، يوتىسىغا يىڭنە سانجىغان، تامدىن تۆشۈك ئېچىپ قوشنا ئۆيىنىڭ چىراغ يورۇقىدىن پايدىلانغان، قاراڭغۇ كېچىدە ئاپئاق قارنىڭ شولىسىدىن پايدىلانغان قىزىق ھېكايىلەر چىققان بولسىمۇ، تالىب - مۇللىلارنىڭ تولىسى: «كىتابنى مەن ئوقۇيمەن، كىتاب مېنى ئوقۇيدۇ» دېگەندەك كىتابنى قارىيلارچە ئوقۇپ، ھاكىمىيەت ئۈچۈن ۋاستە - بىۋاستە خىزمەت قىلىش بىلەنلا بوپقالغان. تالىبلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ تولىسى سىياسىي ئىشلارغا باغلىنىپ، سىياسىي ئېقىمغا قوشۇلۇپ، ئەمەل-مەنسەپ تۇتۇپ، ئادەم باشقۇرۇش ھۈنىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بوپقالغان. شۇڭا، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىلىممۇ، ئىلىم ئىگىسىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقى قولىدا بولمىغاندا پەقەت سىياسەتنىڭ ۋە سىياسىيونلارنىڭ ئىبقىندىسى بولۇپلا قالىدۇ، خالاس. جۇڭگو تارىخىدا نى-نى شاھانە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسىمۇ شۇنداق.

ئىلىم ئەسلى زاتىدىن نىسبىي مۇستەقىل نەرسە ئىدى، ئۇ سىياسەتكە «ياراپ» قالغاندىن تارتىپلا سىياسەتنىڭ «مەشۇقى» ۋە ئەسىرى بوپقالدى، سىياسىي مالايلىق شەنىنى

كۆزلەپ،زامانغا بېقىپ تەييار قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى يوقىتىپ ماڭدى.

دېمەك، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئىلىم ئىگىلىرىدە مۇستەقىل ئىلمىي ئىدىيە، مۇستەقىل ئالىملىق پەزىلەت بولۇشى شەرت.

ئەكسىچە، ئىلىمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق،ئۇ تەرەققىيات خۇنۇك ھەم دىمىقىپ قالغان؛ تارىختا ئۆتكەن ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارمۇ ئومۇمەن دېگۇدەك بىچارە ۋە كۆڭۈلسىز ھالەتتە ياشىغان. جۇڭگودا ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ سىياسىي رىشتە بىلەن باغلىنىپ قالغانلىقى،ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالماسلىقى گويا پېشانىگە پۈتۈلگەن شۇملۇقتۇر. يۈيىڭچېي جانابلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش ھاياتىنى ئەسلەپ يازغان تەكشۈرۈشنامىسىدىكى: پۈتكۈل ھاياتىمدا يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈششۇناسلىق ئىلىم»لىرىم ئاخىر بىر تىيىنگىمۇ يارىمىدى، ئىست! دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ، بىر ئالىمنىڭ ئۆكۈنۈپ يازغان سۆزى. لېكىن شۇنداق ئۆكۈنۈشكە ئەرزىيدىغانلار يالغۇز بىرلا يۈ ھەزرەت بولسا كاشكى! ۋۇ خەن جانابلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ «دارىتما تارىخشۇناسلىق» ئىلمى ئېچىنىشلىق، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئېچىنماي تۇرالمايمىز...

---

شەن يۈ ئىمزالىق بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 15-فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## «پۇقراغا يىغلىۋالغۇدەك يەر تېپىپ بېرىش»كېرەك

8-ۋە 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ياۋ شيۇرۇڭ خانىم بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە زىيارەت قىلىپ بارغان شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا كەپىنىڭ لوندىسىنى قىلىپ:«پۇقراغا يىغلىۋالغۇدەك يەر تېپىپ بەرگىم بار» دېگەن.

بۇ يەردىكى «يىغلىۋېلىش» دېگەن سۆز مېنىڭ مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، دەرد-ھالىنى تۆكۈش دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەل ئىچىدە كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بۇ ۋەكىلە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جاۋزۇ شەھىرىدىكى توشۇغۇچى كىران ماشىنىسى باش زاۋۇتىنىڭ رەندىلەش ئىستانوكىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى ئىكەن. ئۇ، بەش يىلدىن بۇيان بىرەر مىڭدەك دېلو ئۈستىدىكى نازارەتچىلىككە قاتنىشىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان بەش مۇپەتتىشنىڭ، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىككى باشلىقىنىڭ ۋە ئىككى بۆلۈم باشلىقىنىڭ، توققۇز نەپەر ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشىغا،17نەپەر ساقچىنىڭ قاماققا ئېلىنىشىغا ھەسسە قوشۇپتۇ.

قانۇننى ئۇقۇغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان،پۇقرانىڭ دەردىگە يېتىدىغان، قانۇننى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىجرا قىلىش، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى ئۈستىدىن دادىل نازارەت قىلىدىغان،يارىماس ھادىسىلەرگە تۈزىتىش بېرەلەيدىغان ياۋ شيۇرۇڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە داڭقى كەتكەن«ياخشى ۋەكىلە» بولۇش بىلەنلا قالماستىن، خەلقنىڭ دادىغا يېتىشتە مەملىكەت بويىچە نامى مەشھۇر ئىكەن. مەسىلەن،ئۇ يېقىندا بېيجىڭدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان كۈنلەردىلا ھەريەر-ھەريەردىكى ئاممىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ئارقىلىق تېز پوچتىدىن ئەۋەتكەن بىرمۇنچە سالام خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇخەتلەردە ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭلىدە تۆكمەكچى بولغان دەرد - ئەلەملىرى ۋە رېئال ئەھۋاللار بايان قىلىنغان.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان دەردى ئىچىگە سىغمىغان بەزى پۇقرالار بىرەر ھەق يولنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، دەردىنى «يىغلىۋالدۇ»غان بىرەر مۇۋاپىق ئادەمنى ياكى دەردىنى يىغلاپ تۆكۈۋالغۇدەك بىرەر ئورۇننى تاپالماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ، ئاللىقاچاندىن بۇيان«ئايرىم ئادەم» ياكى «ئايرىم مەسىلە» ئەمەس بوپقالغان بىر ھادىسىگە ئايلاندى. پۇقرانىڭ دەرد-ئەھۋال ئېيتىشنى توسۇپ قويغان ياكى زورلۇق بىلەن چەكلەپ قويغان پاكىتلارنى ھەرقاچان، ھەريەردە تاغارلاپ كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن، ھەتتا بەزى جايلاردا مەخسۇسلا ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ ھەدېسىلا«مۇقىملىققا تەسىر يېتىدۇ» دېگەن باھانىنى تېپىپ پۇقرانىڭ ھەققانىي رەۋىشتە يۇقىرىغا ھال ئېيتىپ بېرىشىنى ئاشكارا توسۇپ، خەلقنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن ھەرتەرەپلىمە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناتوغرا مەسىلىلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. دەرد-ھالىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئېيتالمايۋاتقان، ۋابالچىلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان پۇقرالار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە؛قانۇننى بۇرمىلاپ ئىجرا قىلىپ، پۇقرانى تالان-تاراج قىلىدىغانلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشماقتا.

نۇرغۇن پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرماقتىكى، قايەردە ھۆكۈمەتنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى تارماقلىرى پۇقرانىڭ دەرد تۆكۈشىگە توغرا مۇئامىلە قىلالمايدىكەن، شۇ يەردە يول قاتناشلىرىنى توسۇپ قويىدىغان،ئىدارە-ئورگانلارغا دەۋرەپ كىرىدىغان،نامايىش قىلىدىغان، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىدىغان، توپلىشىپ جېدەل چىقىرىدىغان، ئاچلىق ئېلان قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋالىدىغان دېگەندەك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى پەيدا بولىدۇ. قارىماققا، يولسىز«دەرد تۆككۈچى»لەر جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ئەرزىيەت تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى سەۋەبچى بولماقتا.

پۇقرانىڭ دۆلەت ئورگانلىرىغا ئەرز-شىكايەت قىلىشى ياكى پاش قىلىشى ئاساسىي قانۇن بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ھوقۇق-مەنپەئەت. ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەرزىيەت خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىشىدىغان كۆۋرۈكى ھەم ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۇقرانىڭ ئەرز-دادىنى قوبۇل قىلىدىغان نورمال يول. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ياۋشيۇرۇڭغا ئوخشاش پۇقرانىڭ دەرد-ئەھۋالىغا قۇلاق سېلىپ، پاكىتلارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، ئالاقىدار تارماقلارغا قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلدۇرغاندا، قۇلاققا ياقمايدىغان نالە-زار،«يىغا»

www.uyghurkitap.com

نى تېكى-تەكتىدىن ئازايتقىلى، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئەۋجىگە چىقىشتىن ساقلىغىلى،شەخسەن ياكى توپلىشىپ دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتىن ساقلانغىلى، ئاسانقولغا كەلمەيدىغان تىنچ-مۇقىم ۋەزىيەتنى قوغدىغىلى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى،زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

تېلىك يىلەن ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 29-مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## «پەرەز»دىن پەرەز

لۇشۈننىڭ ئوغلى جۇ خەيىيىڭ ئەپەندىنىڭ «لۇشۈن ۋە مېنىڭ 70 يىللىق ھاياتىم» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ماۋزېدۇڭ 1957-يىلى شاڭخەيگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغان كۈنلىرىدە ئادىتى بويىچە خۇنەنلىك يۇرتداشلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى مۇڭدىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ. تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە تارىخچى جوگۇچېڭ، مەشھۇر تەرجىمان لوجىنەن قاتارلىقلار بار ئىكەن. لوجىنەن گەپ ئارىلاپ ماۋزېدۇڭغا ناھايىتى زىل بىر مەسىلە ئۈستىدە سوئال قويۇپتۇ:

«ئەگەر لۇشۈن بۈگۈنكى كۈندە ھايات بولغان بولسا ئەھۋالى قانداق بولاتتى؟»

ماۋزېدۇڭ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەپتۇ:

«مېنىڭ پەرىزىمچە، لۇشۈن بىر بولسا تۈرمىدە قامىلىپ يېتىپ تۇرۇپمۇ يازاتتى، بىر بولسا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ،زۇۋان سۈرمەيتتى.»

ماۋزېدۇڭنىڭ پەرىزى روشەنكى، «شەخسىي قىياس».چۈنكى بۇنداق پەرەز لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مىجەزىگە، يېزىقچىلىق جەھەتتىكى خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى،سىز ھەرساھە ئەربابلىرىنى،بولۇپمۇ زىيالىيلارنى:« پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە چىن كۆڭۈلدىن ياردەم» قىلىڭلار،«بىلگىنىڭلارنى سۆزلەمەي قويماڭلار، سۆزلىگەندىمۇ قالدۇرماي تولۇق سۆزلەڭلار» دەپ سەپەرۋەر قىلىۋاتسىڭىز، «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دەپ سەممىي ھالەتتە كاپالەت بېرىۋاتسىڭىز،«قىلچىلىكمۇ قۇللۇق ۋە خۇشامەت قىلمايدۇ»غان لۇشۈن«زۇۋان سۈرمەي» تۇرالارمىدى؟ سىز ئۆز لەۋزىڭىزدە تۇرماي،ھەق گەپنى قىلغانلارنى بىرمۇ بىر «تۇتقا»غا كۆتۈرۈپ،«لۇشيەن»گە باغلاپ، «پىپەن-تەنقىد» بىلەن دەككە بېرىۋاتسىڭىز،«بەش خىل قاشقا»نى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتسىڭىز(يەنى بېشىغا سوكەن كىيدۈرۈش، كۆكۈلىسىغا ئېسىلىۋېلىش، يىلتىزىنى قومۇرۇش،كالتەك بىلەن دۇمبالاش ۋە قالپاق كىيدۈرۈش بىلەن بوپكېتىۋاتسىڭىز) «يېڭى مەدەنىيەت»نىڭ بايراقدارى بولغان لۇشۈن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىماي تۇرالارمىدى؟ ئۆز ۋاقتىدا فېئودال مىلتارىست دۈەن چىرۇي ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرغاندا، لۇشۈن مىلتارىستنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرىگە، قىلىچلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئادالەت ئۈچۈن«لىيۇ خېجىننى خاتىرىلەيمەن» دېگەن نەپرەتنامىنى يېزىپ، دۈەن چىرۇي ھۆكۈمىتىگە لەنەت ياغدۇرغانىدى! يەنە تېخى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى يولىدا تۆشمۇ تۆش چېپىپ يۈرۈپ، نالە-پەرياد قىلغانىدى! «ھەققىي مەردان» لۇشۈن ئەزىز جېنىدىن كېچىپ شۇنداق «باتۇرانە ئالغا» ماڭغان. ئۇ: « قەلىمىم ۋە تىلىملا ئامان بولىدىكەن،ئىشلەتمەي قويمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ماۋزېدۇڭنىڭ لۇشۈن«زۇۋان سۈرمەيتتى »دەپ پەرەز قىلغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكەن بولسا كاشكى!

خوش ، ماۋزېدۇڭنىڭ «تۈرمىدە قامىلىپ يېتىپمۇ يازاتتى» دېگەن پەرىزى توغرىمۇ؟ مېنىڭچە، ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

بىرىنچىدىن، لۇشۈننىڭ:«مەن ئۆزۈم ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالمايمەن، جان ئۆزۈمنىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ماڭسام بولغۇدەك دېگەن يولدا كېتىۋېرىمەن؛ ئالدىمدا ھاڭ، تىكەن-شوخا، يارداڭ، ئوت يېنىپ تۇرغان ئورەك بولسىمۇ پەرۋايىم پەلەك، ئاقىۋەتكە ئۆزۈم ئىگە» دېگەن سۆزى بار(«سايىۋەن. بېيجىڭدىن مەكتۇپ»غا قاراڭ). لۇشۈن ئەپەندىم نىشانىنى شۇنداق كۆزلەپ قويغانىكەن ۋە شۇ يولدا قەيسەرلىك بىلەن ئالغا باسقانىكەن. شۇڭا 1957-يىلدىكى «ئوڭچىلارغا قارشى» دولقۇندا گويا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شوئار سادالىرى ۋە «چوڭ پىپەن-تەنقىد» كە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ تۈگۈلۈپ قالمايتتى، باسقان ئىزىدىن يانمايتتى، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالاي دەپ «ئۆزىنى تەكشۈرۈشى» ئەسلا يوق گەپ ئىدى. ئەكسىچە، ھەقىقەت ۋە ئادالەت بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن «مۇشتقا مۇشت، پىچاققا پىچاق» توغرىلايتتى! («لۇشۈن مەكتۇپلىرى»غا قاراڭ) «ئالايغانغا ئالاي، ھومايغانغا ھوماي» قىلاتتى(«〈فايرپلاي〉»غا ئالدىرىماسلىق كېرەك» سەرلەۋھىلىك فېلىيەتونغا قاراڭ). لۇشۈن ئەپەندىمدە ئەنە شۇنداق مۇرەسسەلەشمەيدىغان، قەيسەرلىك بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان جاسارەت بولغانلىقى ئۈچۈن «سولچىلار» ئۇنىڭغا «پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ھەددىدىن ئاشقان ئاۋانگارت»، «پەيلىدىن يانمايدىغان جاھىل، ئەشەددىي ئوڭچى» دەپ بوھتان چاپلىشى ، شۇنىڭ بىلەن «بوران - يامغۇردەك جۇت » بىلەن «چوڭ پىپەن» ياغدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. ھەرىكەت داۋامىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان «سولچىلار» ھەتتا «ئىنقىلابىي مەيدانى»نى ئىپادىلەش غەرىزى بىلەن لۇشۈن ئەپەندىمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشى، كاچىتىغا تەستەك ئۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن لۇشۈن ئەپەندىم پەسەنت قىلىپ قويمايتتى. ئۇنىڭ «بىرەر ئىش توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەندە پوپوزا ۋە بوھتان ئەسقاتمايدۇ. قەلەم تۇتىدىغان ئادەملەر ھە دېسىلا چىچاڭلاپ قوپۇپ، جېنىڭنى ئالىمەن دېسە، تېخىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ» دېگەن گېپى بار(«چىلتەكلىك ئەدەبىيات. چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن» غا قاراڭ). ئىككى قوشۇن ئەنە شۇنداق كەسكىن ئېلىشىدىغان چاغدا يەككە-يىگانە مەيدانغا چۈشكەن قوشۇن (يەنى لۇشۈن ئەپەندىم) نېمىدىن قورقسۇن؟! «ئۆلۈپ كەتكۈچە ئېلىشىمەن. ئۆلۈم يەتمىگۈچە كېيىنلىكىمنىڭ قانداق بولۇشىغا پەرۋا قىلمايمەن، ئاۋۋال ئېتىلىپ بېرىپ سېنى ئۆلتۈرمىگۈچە توختىمايمەن!» («لۇشۈننىڭ ھاياتى توغرىسىدا» غا قاراڭ).

ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇنداق پەرەز

قىلمەلكى، لۇشۇن ئەپەندىم «سولچىلار» زورلۇق بىلەن قولىغا كويزا سېلىپ، دۆشكەلەپ تۈرمىگە ھەيدىگۈچە، نۇرغۇن جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئوخشاش، ھەددىدىن ئاشقان «سولچىل» سىياسىي ھەرىكەتتە خورلۇققا چىدىماي «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولى بىلەن قارشى تۇرۇش»ى مۇمكىن! لۇشۇن ئەپەندىمنىڭ مىجەزىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇقەررەر مەنتىقە ئەنە شۇ. ئۇ، شۇنداق قەيسەر! لۇشۇننى ئاسانلا تۈرمىگە تاشلىيەلەن دەپ ئويلاشمىسۇن. ئۇنداق ئويى — ئۇخلاپ چۈشى!

ئىككىنچىدىن، مۇبادا لۇشۇن ئەپەندىم سىزنىڭ «ئەقلى»ڭىزگە ماقۇل بولسۇن، «قانۇن»ىڭىزغا بوي سۇنسۇن، ئۇ ھالدا نېمىنى يازار؟ نېمىلەرنى يېزىشى مۇمكىن؟ ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئايان: «سولچىلار» ئەپەندىمنى «ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش» يېزىشقا قىستايدۇ، «توۋانامە» يېزىشقا، «ئىدىيە ئۆزگەرتىشتىن مەلۇمات» يېزىشقا قىستايدۇ، لېكىن ئەپەندىم يازمايدۇ. ئەپەندىمنىڭ يازىدىغىنى: «ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىللە ئاتلىنىپ، ھايات ياشاش يولىنى تاپىدۇ»غان نەرسىلەر؛ «ئادەم ئەمەس بىرنېمىلەرنى قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقتۇرۇۋېتىدۇ»غان نەرسىلەر؛ «يوغان تۇغنى يولۋاس تېرىسى ئورنىدا تون قىلىپ يېپىنىپ تۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قوغدايدىغان، باشقىلارنى ئۈركۈتۈدىغان، سەل-پەل بىخەستىلىك قىلسىڭىز ھىماتى(!) نىڭ سايىسىدا تۇرۇپ سىزگە گۇناھ ئارتىدىغان، ھەتتا سىزگە قورقۇنچلۇق زالىم، شەددات دەپ بوھتان قىلىدۇ»(غانلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) نەرسىلەردۇر. «سولچىلار» ئەپەندىمنىڭ ئۇنداق گەپلەر بىلەن يېزىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

دېمەك، ماۋزېدۇڭنىڭ :«تۈرمىدە قاملىپ تۇرۇپمۇ يازاتتى» دېگەن پەرىزى لۇشۇن ئەپەندىمنىڭ مىجەزىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. دېمەك نەتىجە شۇ بولۇپ چىقىدۇكى، لۇشۇن تۈرمىدە قاملىپ ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالسا، خۇددى خۇفېڭغا ئوخشاش مېڭىسىنى كاردىن چىقىرىپ قويماسلىق، ئەقلى-ھۇشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كۆڭلىدە شېئىر توقۇپ، قەۋم-قېرىنداش، يارۇ-بۇرادەرلىرى بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىپ، مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ ئۆتكەن بولاتتى.

ئەلۋەتتە، يەنە بىر خىل ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى: ئەگەر لۇشۇن ئەپەندىم مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە ياشاپ كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا جاڭ جىشىن (ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمان ئايال. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) نىڭ يەنە بىر پىشقەدەم باشلامچىسى بولغان بولاتتى-دە، جاللاتلار يەنە بىر مەھەل قاقشاق بولغان بولاتتى.

مېنىڭ «پەرەز» ئۈستىدىكى پەرىزىم ئەنە شۇ.

---

شاۋ جيەنخۇا قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2002-يىل ئاپرېل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## «ئەدىبلەر چېقىمچىلىقى» توغرىسىدا

تەرجىماندىن ئىزاھات: بۇ ماقالىدىكى «ئەدىب» دېگەن سۆز پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى — يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەش دېگەن مەنىدىلا ئەمەس؛ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دېگەن مەنانىمۇ ھەتتا ھازىرقى تىلىمىزدىكى زىيالىي دېگەن مەنانىمۇ، كونا تىلىمىزدىكى تالىب، موللا دېگەن مەنانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

يېقىندا لى يۈ ئەپەندىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم، ئۇنىڭدا يولداش لى رۇي ھەققىدە مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن: 1959-يىلى «لۇشەن يىغىنى» ئېچىلىۋاتقاندا جۇشاۋجۇ ئۆز مەسىلىسىنى تاپشۇرۇۋېتىپ تيەن جيا يىڭنىڭ مۇنداق بىر گېپىنى قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ: يەنى تيەن جيايىڭ دېپتۇكى، ئۇ كەلگۈسىدە يۆتكىلىپ كېتىپ قالىدىغان بولسا، ماۋزېدۇڭغا ئۈچ ئېغىز گەپ قىلىۋالماقچى ئىكەن. بىرىنچىسى، ستالىنغا ئوخشاش بولماڭ، ھاياتلىقىڭىزدا مۇستەبىتلىك قىلىسىڭىز، ۋاپات بولغاندا مەخپىي دوكلاد بېرىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تەنقىدكە قۇلاق سالمايدىغان بولماڭ؛ ئۈچىنچىسى، جاھاننى سورىغاندا ئۆز ئەتراپىڭىزدىكىلەرنى سورىيالمايدىغان بوپقالماڭ.

مەركىزىي كومىتېت مۇشۇ گەپنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ لى رۇيدىن سورىغاندا، لى رۇي: ئۇۋاللىققا كەتكەن ئادەملەر تولىمۇ كۆپ بوپكەتتى، يەنە بىر مۇنچە ئادەمنى چىشلەپ تارتىش ياخشى ئەمەس، دەپ ئويلاپ: بۇ ئۈچ پىكىر مېنىڭ ئۆز خىيالىم ئىدى، تيەن جيايىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ گەپلەرگە تامامەن مانا مەن ئۆزۈم جاۋابكار، دەپ ئۇنىلۇك جاۋاب بەرگەنىكەن. يىغىندىن كېيىن لى رۇي پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، تۆۋەنگە ئەمگەككە سېلىنىپتۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىر قانچە يىل قاماقتا ياتقۇزۇلۇپتۇ.

يولداش لى رۇينىڭ خەۋپكە دۇچ كەلگەندە قورقمىغانلىقى، بالا-قازادىن ئۆزىنى قاچۇرمىغانلىقى، شۇنداق قىلىپ تيەن جيايىڭنىمۇ، خۇ چياۋمۇنىمۇ ئامان قالدۇرغانلىقى (بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ماۋزېدۇڭنىڭ كاتىبى ئىدى، ماۋزېدۇڭنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقلىرى توغرىسىدا بىرلىكتە پاراڭلىشىدىكەنتۇق)، ھەرقانداق بالا كەلسە دەردىنى ئۆزى تارتىپ، باشقىلارغا دۆڭگىمەيدىغان شۇنداق ئېسىل خىسلىتى ۋە باتۇرلۇقى ئىختىيارسىزلا جۇڭگودىكى «ئەدىبلەرنىڭ چېقىمچىلىقى» دېگەن كونا گەپنى يادىمغا كەلتۈردى.

جۇڭگو ئەدىبلىرىنى باسقان ئىزىدىن يانمايدىغان، تۇتقان يولىدىن تايمايدىغان، بىرنى بىر دەيدىغان ئەنئەنىسى بار، ھەققانىيەت ئالدىدا تىك تۇرىدۇ، ئۇلار باتۇر ۋە قەيسەر كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ناۋادا بېشىغا ئىش كەلسە لاتىدەك بوشاپ كېتىدۇ، ئۆز غېمىنى يەپ، باشقىلارنى چىشلەپ تارتىشتىن يانمايدۇ. ئەسلىدە ھېچقانداق كارايىتى يوق چاغلىق بىر ئىش ئۇلارنىڭ چىشلەپ تارتىشى نەتىجىسىدە قالتىس چوڭ بىر ۋەقەگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، ئاخىرىدا ھەممىسى ھۆكۈمرانلارنىڭ تورىغا چۈشىدۇ. قەدىمكى «ھۆكۈمرانلىق دەستۇرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر خاتىرە بار: «خۇ ئەدىب بىلەن لۇ ئەدىب چېن شىخۇاڭ پادىشاھنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن، شۇ سەۋەب بىلەن غايىب بوپكېتىپتۇ. .. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئۆزىنىڭ دورغىلىرىنى بۇيرۇپ، شۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئەدىبلەرنى سوئال-سوراققا تارتتى، ئەدىبلەر سوراقتا بىر-بىرىنى چىشلەپ تارتىپ چاقتى. شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ھېلىقى قاچقۇن گۇمراھتىن باشقا 460 ئادەم شيەنياڭ شەھرىدە تىرىك كۆمۈلدى» . تارىختا مەشھۇر بولغان «كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، مولللار تىرىك كۆمۈلدى» دېگەن ۋەقەدىكى «موللىلار تىرىك كۆمۈلدى» دېگەن سۆز ئەنە شۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، موللىلارنى تىرىك كۆمگەنلىكى چىن شىخۇاڭنىڭ زالىملىقى. لېكىن ئەدىبلەر چېقىمچىلىق بىلەن بىر-بىرىنى چىشلەپ تارتمىغان بولسا، ھەرگىز شۇنچە كۆپ ئەدىب بىر قېتىمدىلا تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلار تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلىق، سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ تۇرغان. بۇنداق ئىشلار جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئەدىبلىرىنىڭ بىرەر ئىش بېشىغا كەلسە ئۆزىنىلا قۇتۇلدۇرۇشنى كۆزلەپ، باشقىلارنى ئوتقا ئىتتىرىشتىن يانمايدىغان پەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

كىشىنى ھەسرەتلەندۈرۈدىغىنى شۇكى، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن «ئەدىبلەر چېقىمچىلىقى» فېئودال خاندانلىقلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن تۈگەپ كەتكىنى يوق. ئەكسىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان «ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر مۇنچە ئەدىبلەر ھەتتا كاتتا ئەدىبلەر ئەنە شۇنداق رەسۋالىقلارنى بىلغان. 1957-يىلى ياز كۈنلىرىدە چىققان «خەلق گېزىتى» بىلەن «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نى ئوقۇپ قارىسام، شۇ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە«پارتىيىگە قارشى دېڭ، چېڭ گۇرۇھى» دېگەن گەپلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، شۇ چاغدا ئاز-پاز ئاتىقى چىققان پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پاش قىلىشقا، چېقىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ(ئۇنداق قىلمىغانلار ئاز ئىكەن). كېيىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ھېلىقى پاش قىلىپ چاققانلارنىڭ بىر مۇنچىسى «ئوڭچى» دەپ پاش قىلىنىپتۇ. بولۇپمۇ قايسىبىر كۈنى مەلۇم بىر «ئوڭچى» يازغۇچى كۈرەشكە تارتىلىۋاتقاندا، ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆلپەتچىلىك قىلىپ ئۆتۈدىغان يەنە بىر يازغۇچى ئۇنى پاش قىلىمەن دەپ مۇنبەرگە چىقىپ، سۆزىنى ئەمدىلا باشلاۋاتقانىكەن، باشقا كەسپداشلىرى غۇلغۇلا چىقىرىپ، ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. كەسپداشلىرى ئۇنىمۇ «ئوڭچى» دەپتۇ. يەنىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، ھېلىقى غۇلغۇلا كۆتۈرگەنلەر ئىچىدىنمۇ بىر قانچە ئادەم «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلۇپتۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە ئۆتكەندە، بىر-بىرىنى چاقىدىغان ئىشلار تېخىمۇ ئەۋج ئاپتۇ. مەيلى باجىنغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەر بولسۇن، مەيلى لاۋشېنىڭ دەردكە پايلىماي ئۆزىنى كۆلگە تاشلىغانلىقى بولسۇن، ئۆز ۋاقتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇستەسنا قىلغاندا ھەممىسىگە بەزىبىر شەرمەندە ئەدىبلەرنىڭ خاھى ئاشكارا، خاھى يوشۇرۇن پاش قىلغانلىقى، چاققانلىقى زامىن بولغان. ھەتتا يېڭى دەۋر يېتىپ كېلىپ، جەۋر-زۇلۇم تارتقان ئادەملەر ئاقلانغان بولسىمۇ، يەنە بەزى داپ يۈز شەرمەندىلەر ئۇلارغا رودىپايدەك چاپلىشىپ، غاجىلاپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتۈرمىگۈچە مۇرادى ھاسىل بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

قەدىمدىن ئۇدۇم بوپكەلگەن «ئەدىبلەر چېقىمچىلىقى» ئەدىبلەر ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ تۇرغاچقا، ئەدىبلەر قاتارىدىكى ھەرقانداق بالا كەلسىمۇ باسقان ئىزىدىن يانمايدىغان مەردانىلەرگە ، جىگەرلىك ۋىجدان ئىگىلىرىگە يوقىرا ھەرقاچان مېھرى بىلەن زوقلىنىپ قارايدۇ. «جاۋ فامىلىلىك يېتىم بالا» ناملىق تارىخىي دىراما نېمە ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىق ئوينىلىپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خەلق باشقىلار ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئاشىق-مەشۇقنىڭ - گۇڭسۇن ۋۇجيۇ بىلەن چېڭ يىڭنىڭ مېھرى-شەپقەت، ۋاپادارلىقلىرىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالىدۇ. خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن خۇ فېڭ ئەپەندىنى تا ھازىرغىچە يادلايدۇ؟ گەپ ئۇنىڭ ئۆز تۇرمىمىزدە شۇنچە كۆپ يىل ياتقانلىقىدىلا ئەمەس، گەپنىڭ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇياڭنى ئەدىبلەپ يوقىتىش مەقسىتىدە خۇفېڭنى پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىشقا بۇيرۇغان، لېكىن خۇفېڭ : جۇياڭ مېنى ئەدىبلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن يوقنى بار قىلىپ، ئۇنىڭغا بەدنام چاپلىمايمەن، دەپ زادىلا ماتېرىيال يازغىلى ئۇنىمىغان. قەدىمكى زاماندا گۇڭسۇن ۋۇجيۇ بىلەن چېڭ يىن ئۇلۇغ مازار دەپ تاۋاپ قىلىنغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە خۇفېڭنى ئۇلۇغ شەيخ دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ.

كېيىمىزنىڭ ئايغىنى ماقالىمىزنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان يولداش لى رۇي بىلەن چۈشۈرمىلى. ھۆرمەتلىك لى رۇينىڭ قەيسەر پەزىلىتى لۇشەن يىغىنىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەنئەندىكى «قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» دىلا نامايان بولغانىكەن. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇنىڭغا خۇ چياۋمۇنى، ۋۇ لېڭشىنى پاش قىل،دەپ تاپشۇرسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا نېمە تارتقۇلۇق ۋە كۆرگۈلۈكلەر كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغان. ئۇنىڭ شۇنداق گۈزەل پەزىلەتلىرى زامانىمىزدىكى ئەدىبلەر ئۈچۈنلا ئۈلگە بوپقالماستىن، كەلگۈسىدىكى ئەدىبلىرىمىز ئۈچۈنمۇ قەدىرلىك ئۈلگە بوپقالغۇسى.

---

چۈچاۋيۈن ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2002-يىل ئاپرېل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## ھەق سۆزنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ

ھەرقاچان چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇسام، چەت ئەل كىنولىرىنى كۆرسەم، كۆڭلۈمدە چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا قانداق قارايدىغاندۇ،دەيدىغان بىر خىيال پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، جۇڭگونىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىنى ،ئەڭ ياخشىسى بىزگە باشمالتىقىنى چىقىرىپ OKدېيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.لېكىن ئەھۋالنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمدەك بولۇپ چىقىشى يوق ھېسابتا. شۇنچە كۆپ چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇدۇم، ئۇلار جۇڭگونى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدىكەن. بىر قېتىم، دەرۋەقە بىر مىسال ئۇچراپ قالدى. رۇسىيە يازغۇچىسى چىخوفنىڭ ئەسىرىدە، ئاقتۇمشۇق غاز بىلەن بىر ئادەم ئادەمنىڭ بېشى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ: جۇڭگونى مىسال قىلساق، ئۇ شۇنچە ئۇزاق ياشىغان بولسىمۇ، ھالى يەنىلا شۇ مىڭ يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاش... دەپتۇ. شۇ سۆزلەرنى ئوقۇۋېتىپ، يۈزۈم خۇددى تەستەك يېگەندەك چىمىلداپ كەتتى. شۇ سۆز يۈرىكىمدىن چىقماي ئۆرتەپ كەلگەندى.

كېيىن باشقا بىر يازغۇچىنىڭ :«ئۇقاچاچلىق سۇجۇ» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە، ئۇ كىتابتا سۇجۇ شەھىرىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى مەدەنىيىتى ماختالغان. ئۇنىڭدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغىنىغا 200يىل بولغانلىقى، كەچۈرمىشلىرى بىزنىڭ كىچىككىنە سۇجۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە سەي بولالمايدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. شۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېڭەمدە بىردىنلا شۇنداق بىر ئەقىل پەيدا بولدى: چىخوفنىڭ ئەسىرىدىكى سۆزلەر ھەق سۆز ئىكەن!

بىزنىڭ 1000يىللىق ئەمەس 5000يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىز بار، ئەگەر يەنىلا باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالۋېرىدىغان بولساق ئىزا ـ ئەلەمگە قالىمىز. لۇشۇن: «قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ،تۇمشۇقلىرىنى ئۇشلايتىپ جوڭگونى يامانلايدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن،چۈنكى ئۇنىڭ جوڭگولۇقنىڭ گۆشىنى شىلىپ يېيىشنى خالىمايدىغانلىقى چوقۇم!» دېگەنىكەن.

لۇشۇن مىللىتىمىزنى ھەق سۆزنىڭ قەدرىگە يېتىشكە ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەلنىڭ ھالىغا نالە-پىغان قىلىدىغان مىللىي ۋىجدان سۈپىتىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ نەقەدەر ھوشيار!

مىللىتىمىزگە ھەق سۆز ئانچە خۇشياقمايدۇ. شاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە(يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن) بىگەن دېگەن ئادەم(پادىشاھ ئالدىدا) ھەق گەپ قىلغان(تىرناق ئىچىدىكى ئىزاھاتلار تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇلدى، تۆۋەندە ھەم شۇنداق)لىقى ئۈچۈن قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ تاشلاشقانىكەن. بۇرۇنقى زاماندا كاللىسى ئېلىنىپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ چىققانىكەن. تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئەھۋال شۇكى،«غوم» جىنايىتى دەيدىغان«جىنايەت»مۇ بار ئىكەن، يەنى قورساقتىكىنى ئېغىزدىن چىقىرالماسلىق بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا «كۆڭلىدە باشقىچە خىيالغا كېلىش»مۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بېشىنى يىگەن خان-پادىشاھلار ئالدىدا بىرەر ئېغىز ھەق گەپ قىلماق تولىمۇ تەس ئىكەن. چىن سۇلالىسىنىڭ 2-خانى خۇخەي تەختتە ئولتۇرغان چاغلاردا دازې يېزىسىدىن چېڭ شېڭ بىلەن ۋۇگۇاڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققانلىقى خۇخەينىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنىكەن.شۇ چاغدا بىراۋلار يىغىلىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ،دەپ جىددىي مەلۇم قىلسا، خۇخەي ئۇنىڭغا خاپا بوپتۇ. يەنە بىرى دەرھال مۇغەمبەرلىك قىلىپ: ھارام سۈيدۈكلەر جېدەل چىقىرىپتۇ،ئەل ئاماندۇر، دېسە، ئۇ گەپتىن خۇرسەن بولغانىكەن. يالغانچىلىق خۇددى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلىغانغا ئوخشايدۇ. شۇ زامانلاردا ئەلدە بىلىملىك ئادەملەر ئىچىدە ھەق گەپكە يول يوق ئىكەن. ھەتتا(تارىختا ئۆتكەن، سۇدۇڭپو دەپمۇ ئاتىلىدىغان مەشھۇر خەتتات، رەسسام ۋە ئەدىب)سۇشىمۇ كېيىنكى چاغلاردا بىر نەرسە يېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، «شىمال تەرەپتىن مېھمان بوپكەلگەنلەردىن گەپ سورىما، شىخۇ كۆلى ئىلھام بەخش بولسىمۇ شېئىر توقۇپ كۈيلىمە» دەپتىكەن.(15-ئەسىرلەردە ياشىغان مۇتەپەككۇر،ئەدىب) لى جى ئۆزىنىڭ مەيۇسلۇقتا غەزەپ بىلەن قىلغان سۆزلىرى (يازغان ئەسىرى)نى «ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلىدىغان كىتاب» دەپ ئاتاپتىكەن.(16-ئەسىردە ياشىغان رەسسام، ئەدىب) جېڭ بەنچياۋ«قالتىس خۇپسەنلىك» بىلەنلا جان ساقلاپتىكەن. نېمىدېگەن كۆپ «قەلەمكەشلەر زىندانى»بۇ؟ («ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە قارىغاندا، «قەلەمكەشلەر زىندانى» دېگەن سۆز تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ،ئۇلارنى ناھەق زىندانغا تاشلىغانلىقىغا،يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئايرىم ئىبارە-جۈملىلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، جىنايەت توقۇغانلىقىغا قارىتىلغان.) نېمانچە كۆپ يوقىلاڭ بەتنام بۇ؟ قورساقتىكى «غوم»غا يول قويمىغان يەردە توغرا گەپكە قانداقمۇ يول قويسۇن؟!

يېڭى ئازاد بولغان چاغلاردا بىر ئاقىل ئادەم(ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس، نوپۇسشۇناس ماينچۇ ئەپەندى.ـ ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى)جوڭگونىڭ ئاھالە نوپۇسى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن بىز ئۇ چاغدا: «زېمىنىمىز كەڭ، بايلىقىمىز مول» ،«ئادەم كۆپ بولسا غەيرەت چوڭ بولىدۇ» دەيدىغان گەپلەرگە مەست بوپكېتىپ، شۇ ئاقىل ئادەمنىڭھەق سۆزىگە قۇلاق سالمىدۇق.نەتىجىدە مانا ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ئېغىر نوپۇس مەسىلىسى پەيدا بولدى. ھېلىقى ھەق سۆزنىڭ بىباھا قىممىتى بىكار بولدى.

يەنە، ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا گېنېرال پېڭ دېخۇەينىڭ ھەق سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان بولساق، دۆلىتىمىزمۇ،خەلقىمىزمۇ زور بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى.

يەنە چىخوفنىڭ ئەسىرىدىكى ھېلىقى گەپكە كېلەيلى. يېقىندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلگە «كاڭشى خاندانلىقى» دىكى بىر غەزەلدە، كاڭشى يەنە 500يىل ياشىغان بولسىدى! دېگەن بىر مىسرا سۆز بار ئىكەن. بىراۋلا ھېسابلاپ كۆرۈپتۇ، ئەگەر راست شۇنداق بولغان بولسا، بىز مۇشۇ بىر ئەۋلاد خەلق ئۇنىڭ مۆمىن پۇقراسى بولۇپ تۇرغان بولاتتۇق، يەنە تېخى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىمىزنى ساڭگىلىتىپ، بېشىمىزنى ئۈچ قېتىم يەرگە ئۇرۇپ، بويىمىزنى توققۇز قېتىم ئېگىپ ـ تەزىم قىلىپ يۈرگەن بولاتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەلەمكەشلەر زىندانى»نىڭ ۋەھىمىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولاتتۇق.شۇنداق زالىم -مۇستەبىت يەنە 500يىل ياشىغان بولسا، بىز 500يىل ئارقىدا قالغان بولاتتۇق، 1000يىل ياشىغان بولسا ،1000مىڭ ئارقىدا قالغان بولاتتۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇنى 500يىل ياشىسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىكەنمىز؟ ئۇنىڭ 100ياشقىمۇ كىرەلمىگەنلىكىگە شۈكرى قىلغىنىمىز تۈزۈك.

ھەق سۆز ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن جان دوست. مەسىلەن، لۇشۇننى ئالساق، ئۇنىڭ خەلققە بەرگەن ئىلھامى ۋە پاراستى ئازمۇ! مىللىتىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ھەق سۆزلۈك زاتنى ئۆز قوينىغا ئالالىغانلىقى قالتىس چوڭ يۈكسىلىشتۇر. ھەق سۆزنىڭ كىچىككى بىرەر ئادەمنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتەلىسە، چوڭراقى بىرەر ئادەمگە،بىرەر مىللەتكە نىجاتلىق ئاتا قىلالايدۇ. ئادەم تولا چاغلاردا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ، باشقىلارنى بولسا ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىڭىز توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىغىنى بىلەن، باسقان قەدىمىڭىز سەل-پەل قىڭغىر كېتىپ قالسا، گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقماي قالمايدۇ. مەدھىيىگە خۇشتار بوپقالغان ئادەمگە ھەتتا خاتالىقلىرىنىمۇ ماختاپ-مەدھىيە

www.uyghurkitap.com

لەيدىغان ئادەم چىقىدۇ. دېمەك، ھەق گەپ تولىمۇ زۆرۈر بوپقالدى.

---

لى يىچىياڭ ئىمزالىق بۇ ماقالىنى «خېبېي گېزىتى» ئىدارىسىدىن چىقىدىغان «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 15-فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «كوچا خەۋەرلىرى» گىمۇ قۇلاق سېلىپ قويۇڭ

«بىز كوچا خەۋەرلىرى» ئىچىدە ياشاۋاتىمىز دېسەك، بۇ گەپ قۇلاققا غەلىتە ئاڭلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ گەپنى سىلىغايتىپ «كوچا خەۋەرلىرى» ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇرىدۇ دېسەك، بۇ ئېھتىمال پاكىت بولۇپ چىقىدۇ.

«كوچا خەۋەرلىرى» دېگەن سۆزنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققىنىم يوق. مېنىڭچە، ھۆكۈمەت تەرەپ خەۋەرلىرىنىڭ ،جامائەت پىكرى ۋاستىلىرى رەسمىي ئېلان قىلغان خەۋەرلەرنىڭ ئەكسىچە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن،راست-يالغانلىقى ئىسپاتلانمىغان ياكى ئىسپاتلاش قىيىن بولغان خەۋەرلەرنىڭ تولىسىنى «كوچا خەۋەرلىرى» دېسەك بولار.

ھۆكۈمىتىمىز ئۆزىزۈندىن بۇيان «كوچا خەۋەرلىرى» گە پىسەنت قىلمىدى، «كوچا خەۋەرلىرى» نى پەسلەشتۈردى ھەتتا چەكلەپ، كادىرلار ئىچىدە: «(كوچا خەۋەرلىرى» گە ئىشەنمەڭلار، «كوچا خەۋەرلىرى» نى تارقىتىپ يۈرمەڭلار، دەپ ھەرۋاقىت يوليورۇقمۇ بېرىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. «يوليورۇق» لارنى بېرىۋەرگەنسېرى كىشىلەر «كوچا خەۋەرلىرى» نى ئاڭلاشقا، تارقىتىشقا ئامراق بوپكېتىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ جەھەتتە كىشىلەرنى قىيداپ شۇنچە قىلىدىغان بوپقاپتۇ، دەپ ئەيىبلەش يارىمىسا كېرەك. بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ھازىر دۆلىتىمىزدىكى ئەشۇنداق بىر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇكى، ئاخبارات يوللىرى توسۇق! ھۆكۈمەت ۋە ئەمەلدارلار تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تولىسىنى يېپىق ھالەتتە قىلىدۇ ياكى چالا- پۇچۇق يوشۇرىدۇ، خەلقنىڭ ئەھۋاللاردىن نورمال يوللار بىلەن «ۋاقىپ» بولمىقى ناھايىتى تەس. مۇشۇنداق ھالەتتە بەزى مىش-مىش گەپ-سۆز،بەزى گۇمانلار پەيدا بولماي قالارمۇ؟ دېمەك، جامائەت پىكرى ۋاستىلىرىدا نېمە قانچىكى كۆرۈنمىسە، شۇ ھەقتە «كوچا خەۋەرلىرى» شۇنچە تارقىلىدىكەن. بۇ بىر قانۇنىيەت بوپقالغاندەك تۇرىدۇ.

مەن بۇنى تەجرىبەمدىن سۆزلىسەم، بەزى «كوچا خەۋەرلىرى» قۇلاق سېلىشقا خېلىلا ئەرزىيدۇ، ئۇلاردا ئالتۇندەك قىممىتى بار راست ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. مەسىلەن، بۇنىڭدىن تۆت-بەش يىل ئىلگىرى شيامېن شەھىرىدە، يۈەنخۇا گۇرۇھى غالجىرلارچە ئەتكەسچىلىك قىلىۋېتىپتۇ، دەيدىغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇ گەپنى قىلىپ بەرگەن ئادەملەر بىرقانداق ئۇستا رازۋېدچىك ئەمەس، ئادەتتىكى شوپۇر، چوكاموز ساتىدىغان غالتەكچى بوۋاي، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى. ئۇلارمۇ شۇ خەۋەرلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى ئېنىق سۆزلەيدۇ،ھەتتا × × باشلىقنىڭ يۈەنخۇا گۇرۇھىغا قاراشلىق قىزىل بىناغا – ئەيش – ئىشرەتخانىغا كىرىپ-چىققانلىقىنى جان كىرگۈزۈپ سۆزلەپ بەرگەندى. بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ،«يۈەنخۇا گۇرۇھى» نىڭ قارا پەردىسى ئېچىپ تاشلىنىۋېدى، بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تارقالغان «كوچا خەۋەرلىرى» نىڭ تولىسى راست بولۇپ چىقتى. دېمەك «كوچا خەۋەرلىرى » دېگەن مىش-مىش گەپلەر ئاساسى يوق قۇرۇق گەپ ئەمەس، راست بولۇپ ئىسپاتلاندى. لېكىن پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنمىغان، خەلقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن يېرىلا بار.

يېقىندا ئۆز يۇرتۇمدا رىكشىغا چۈشتۈم. رىكشىنى ھەيدەپ ماڭغان قارامۇتۇق ئادەم مەن بىلەن پاراڭلىشىپ، شەھىرىمىزنىڭ بىرىنچى باشلىقى قولغا ئېلىنىپتۇ، خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇنداق ئەمەستۇ، تېخى ئالدىنقى كۈنىلا تېلېۋىزىيىدە ئۇنىڭ چېرىكلىككە قارشى دوكلات بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈمغۇ؟! دېدىم. رىكشىچى:« شۇنداق، چېرىپ كەتكەنىكەن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن كەلگەنلەر بۈگۈن چۈشنىڭ ئالدىدا قولغا ئاپتۇ!» دېدى.كېيىن بەزى بۇرادەرلىرىمدىن سوراپ باقتىم،شۇ «كوچا خەۋىرى» نى ئۇلارنىڭ تولىسى ئاڭلاپتۇ. يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە شۇ مىش-مىش «كوچا خەۋىرى» راست بولۇپ چىقتى. شۇ كەچۈرمىشلىرىمدىن تولىمۇ ھەيران بولدۇم: مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نازىر دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنى «مەخپىي تۇتقان» تۇرسا، بۇ ئەھۋالنى ھەتتا رىكشىچىمۇ يېرىم سائەتكە قالمايلا بىلىپ كەتكەن. قانداق،«كوچا خەۋەرلىرى» قالتىسمىكەن؟!

شۇڭا شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى «كوچا خەۋەرلىرى» نى سەل چاغلىمايلى. ئۇنىڭدىن پىتنە-ئىغۋا،يالغان،توقۇلما ئامىللىرىنى چىقىرىپ تاشلىساق،ئۇ ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ جەمئىيەت، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن كۆزىتىپ چىقارغان خۇلاسىسىدۇر. «ئاممىنىڭ كۆزى روشەن» دەيمىزغۇ؟ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىلىرىغا كەلگەن مەلۇماتلارنىڭ تولىسى ئاما ئىچىدىن چىققان. بۇ ئەھۋالمۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «كوچا خەۋەرلىرى» تۆرگە چىقالمىسىمۇ،ئۇنىڭدىن خەلقنىڭ رايىنى، ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تۆۋەنگە چۈشكەندە دوكلات ئاڭلاشتىن، ماتېرىيال كۆرۈشتىن تاشقىرى«كوچا خەۋەرلىرى» گىمۇ قۇلاق سالسا خىيالىغا كەچمىگەن نەتىجىلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

---

خې باۋگو ئىمزالىق بۇ ماقالىنى «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 5-مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# چاتاقنى ئەدەبىي ئەسەرگە دۆڭگەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

«فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ تەھرىر ئۇلاۋىسى: ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجتىمائىي سىياسىي ئاڭنىڭ ئىنكاسىدۇر. گېزىتىمىز مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ئىجادىيەتچىلىكى جەھەتتە يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن

ئەھۋاللارلى نەزەردە تۇتۇپ، «خان - پادىشاھلار تىياتىرلىرى» ئۈستىدىكى بەھس-مۇنازىرىگە ئالاقىدار بەزى فىلىمتونلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغانىدى، شۇ فىلىمتونلار ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە خېلى تەسىرات قوزغىدى. ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەت-تېلېفونلاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تولىسى شۇ فىلىمتونلارنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ماقۇل كۆرمىگەنلەرمۇ، تەنقىدىي پىكىردە بولغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن، ئەلۋەتتە. بۇنداقلار سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭچە شۇ پىكىرلەرمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ۋە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. شۇ جۈملىدىن يى خۇڭ ئەپەندىنىڭ: «چاتاقنى ئەدەبىي ئەسەرگە دۆڭگەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېگەن سەرلەۋھىلىك مۇلاھىزىسى مۇئەييەن ۋەكىللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، بۇيەردە ئالاھىدە ئېلان قىلىندى.

* * *

بىرەر ئەدەبىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ-سۆز بولۇشى، ھەركىمنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشى نورمال ئىش. مەيلى پادىشاھ «يۈگجېڭ» بولسۇن، مەيلى پادىشاھ «كاڭشى» بولسۇن، شۇ تېلېفىلىمى ھەققىدە باشقىچە پىكىرلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز مۇمكىن. فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ راست-يالغانلىقى ئۈستىدە گۇمانلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز مۇمكىن، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ ياخشى-يامانلىقى توغرىسىدا ھەققىي ئەدەبىي تەنقىدلەرنى قىلىشىڭىز تېخىمۇ مۇمكىن. لېكىن بەزى ئادەملەر ئەدەبىيات-سەنئەتنى، تارىخنى قارا - قويۇقلا سىياسەت بىلەن بىر قازانغا تۆكۈپ قوچۇيدىكەن ۋە ئۇلارغا ھازىرقى مودا تىلدىكى «جاڭيۇ تەملىك ئېسىل ئاچچىقسۇ»نى ئارىلاشتۇرۇدىكەن، شۇنداق قوچۇۋېرىپ بىر ھازادىن كېيىن: ئاپلا، تەمى چاتاق بوپتۇ! دەپ لېۋىنى چىشلەيدىكەن. بۇ نېمە قىلغىنى؟ بۇ، مېنىڭچە ئەدەبىياتتىن، تارىختىن گەپ ئاچماي، سىياسەتتىن گەپ ساتقانلىقى، ئامىغا مەمەدانلىق بىلەن خۇشامەت قىلغانلىقى. بۇنىڭغا قورساق كۆپمەي قالمايدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئىككى بۆلەك نەرسە. «ئۈچ پادىشاھلىق قىسسىسى» ناملىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەردە ۋە شۇ مەزمۇندىكى تېلېفىلىمدا ساۋساۋ تولىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن. لېكىن ئۇ ئىجابىي پېرسوناژ ئەسلىدە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى بولۇپ، تارىختا قەھرىمان، دەپ تەرىپلەنمەكتە. ھازىرقى «چيەنلۇڭ كومېدىيىسى» ناملىق تېلېفىلىمى پەقەت پادىشاھ دېگەن نام بىلەن تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈدىغانلا ئويۇندۇر، ئۇنىڭ زىغىرلاپ كەتكۈدەك نېمىسى بولسۇن؟! مېنىڭچە، تارىخىي ئەدەبىي ئەسەردە مۇھىم نەرسە شۇكى، تارىخنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش كېرەك، تارىختا ئىمكانقەدەر يېقىنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش كېرەك، مانا بۇنى بىرىنچى مىزان دەپ قاراش كېرەك.

ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن سىياسەت تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر «كاڭشى خاندانلىقى» ناملىق تېلېفىلىمنىڭ بېشىدىكى «يەنە 500 ياشىغان بولسا» دېگەن ناخشىدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ ۋە ئەندىشىگە چۈشۈپ، تەپسىلىي ھېسابلاپ كۆرگەن: كاڭشى تەختكە ئولتۇرغان چاغدىن باشلاپ يەنە 500 يىل ياشايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا 23-ئەسىرگىچە ياشىغان بولىدۇ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال؟! «بىز مۇشۇ بىر ئەۋلاد خەلق ۋە بىزدىن كېيىنكى يەنە بىر ئەۋلاد خەلق ئەنە شۇ كاڭشى غوجامنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىساق، كونا جەمئىيەتتىكىدىنمۇ بەتتەر كۈنگە قالامدۇق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتىمىزكى، فېئودالىزمنى تىرىلدۈرۈدىغان خان-پادىشاھلار ھەققىدىكى فىلىملەرنى كۆرگەندىن كۆرە تېلېۋىزورىمىزنى ئۆچۈرۈپ، پىچەتلەپ قويغىنىمىز ياخشى». ئەگەر ھازىرقى مودا تىل بىلەن ئېيتىدىغان بولساق، مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ئۇ گەپلەر تولىمۇ كۈلكىلىك مەنتىقىدۇر! بۇندىن 300 يىل ئىلگىرىكى خاندانلىق دەۋرلىرى فېئوداللىق دەۋرى بولماي نېمە دەۋرى بولسا بولاتتى؟ ھازىرقى كۈندە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان تارىخىي دراملار «فېئودالىزمنى تىرىلدۈرىدۇ»غان فىلىممىكەن؟ ئەدەبىيات-سەنئەتنى سىياسەت بىلەن بىر قازاندا قورۇسا، بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ! 300 يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1950-يىللىرىدىلا ئۇلۇغ داھىيمىز «ھېكايىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىر چوڭ كەشپىيات» دېگەنىدى. 1960-يىللاردا يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما «خەي رۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باشلاپ بەردى. ئۇلۇغ ئاتىمىز «بېلىقچىنى دۇمبالاپ، ئۆيىنى بۇلاش» دەيدىغان چاڭچىلە دراممىسىنى ھۇزۇرلىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ: سەھنىلىرىمىزگە «ئەجنەبىيلەر، ئۆلگەن ئادەملەر» ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى (رېۋىزىئونىزم) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ جاكارلىشىغا يۇتلاشمىغان. كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بېشىغا سىياسىي تاقاق سېلىندى، مەدەنىيەت دۇنياسى قاقاس چۆلگە ئايلاندى. مەن شۇنداق ئويلايمەن، بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات-سەنئەت ئۈستىدە سىياسىي نازۇكلۇق بىلەن گەپ قىلىشنىڭ زادىلا زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇلار تامامەن باشقا-باشقا ئىككى ئىش. تارىخىي چېچەنلەردىن بولماقچى بولۇدىكەنمىز، غەربتىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ۋە ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىز ياخشى. جۇڭگودا «كاڭشى، چيەنلۇڭ پاراۋان دەۋرى» مەۋجۇد تۇرغان بىر چاغدا، غەربلىكلەر فېئودالىزمغا ھەققىي قارشى تۇغنى كۆتۈرۈپ چىققان. تارىخنى مانا مۇشۇنداق توغرىسىغا قارىتىپ سېلىشتۇرساق، تېخىمۇ كۆپ ئىلھام بېرىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، جۇڭگودا ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان چىرىكلىكلەر، (قانۇن بىلەن ئەمەس) ئېغىز بىلەن ئىدارە قىلىدىغان ھادىسىلەر، ئېغىر ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەر كىشىلەرنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى بەزى زەردىلىك نالە-زارلارمۇ ئەقىلغە سىغىدۇ. لېكىن بۇلار كەم-كۈتىسىز سىياسىي مەسىلە، بۇلار كاڭشى ۋە چيەنلۇڭنىڭ خاتالىقى ئەمەس. سىز «كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ»لارنى تەنقىد بىلەن يېقىتىپ، سېسىتىپ، ئاساسىي تەشەببۇسكارلىرىنى ئۆرۈپ موللاقلىتىپ، ئۈستىدىن ئون مىڭ قېتىم دەسسىسىڭىزمۇ سىياسىي مەسىلە ھەل بولمايدۇ. سىياسىي مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ سىياسىي تۈزۈمنى ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش تەدبىرلىرىنى ئىسلاھ قىلىش يولى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ چاتاقنى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە دۆڭگەش ھاجەتسىز. ئويۇن-تىياتىر كۆرۈش، بەھرىلىنىپ ھوزۇرلىنىش ـ بۇلار ئويۇن-تاماشا. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن خان-پادىشاھ بولىمەن،دەپ چۈشەكىمەڭ. ئىشەنمىسىڭىز، قېنى باشقىلارغا:مېنى «تۇمەن يىل ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلاڭلار،دەپ بېقىڭا. ئۇ چاغدا باشقىلارنىڭ سىزگە سارائىلار دوختۇرخانىسىدىن قېچىپ چىققان بولسا كېرەك، دەپ ئالىيىپ قارىشى چوقۇم...

يى خۇلاڭ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە،«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 1-مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## داپ يۈز ئەپەندى

كەمىنە قەلەم ئىگىسى تونۇشىدىغان داپ يۈز ئەپەندىنىڭ بۇ نامى قانداق قويۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. يۈزى داپقا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى داپكەشلىك ھۈنىرى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ،ئۇنىڭ داپ يۈز ئەپەندى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ماڭا قاراڭغۇ. ئۇ، بۇنىڭدىن ئاز ۋاقىت ئىلگىرى مەلۇم يۇقىرى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ئۇنى داپ يۈز «ئەپەندى» دەپ ھۆرمەتلەمدىكى-تاڭ؟!

قاچانلا قارىسىڭىز داپ يۈز ئەپەندىنىڭ يۈزىنى بەزىدە ۋەھشەت-دەھشەت قاپلىغان،بەزىدە سۈر ـ ھەيۋە،بەزىدە مۇغەمبەرلىك ۋە بەزىدە خۇشامەت قاپلىغان، ھەتتا ھەرقاچان ئۆزىنى قوغداپ،دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىشكە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋە تەسادىپىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەرباب بىلەن تەييار» ھالەتتە تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتلەرنىڭ ھەممىدىن كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، داپ يۈز ئەپەندى ئىشخانىسىدا ئىشلەپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىش ئۈستىلى ئالدىدا قەددىنى يادەك ئېگىپ ھۆرمەتلەپ تۇرغان بىر خىزمەتچىگە خۇددى داۋاگەرلەر ئالدىدا زادىلا چىراي ئاچمايدىغان ئادىل سوراقچى باۋگوڭغا ئوخشاش قاتتىق قاپاق تۈرۈپ،مەنسىتمەي تۇرغاندا، ئىشىك بىردىنلا قېقىلىپ قالدۇ، داپ يۈز ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ خاپا بولغان ھالدا سۈر بىلەن:«كىم؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇنىڭغا ئىشىك سىرتىدىكى ئادەم پىسەنت قىلغاندەك ئەمەس. ئۇ، مەن پالانى دەپ ئىسمىنى ئېيتىش بۇياقتا تۇرسۇن،ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىق قاقىدۇ. داپ يۈز ئەپەندى ئىش ئۈستىلى ئالدىدا تەزىم بىلەن تۇرغان خىزمەتچىگە تىكىپ تۇرغان كۆزلىرىنى خۇددى ئۈچلۈق قىلىچتەك پۇرۇشتۇرۇپ،زەردە بىلەن قەدەم تاشلاپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپلا ئىشىكنى جالاققىدە ئاچىدۇ-دە، ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي قاتتىق تىللىماقچى بولغان ئادەم دەرھال قەددىنى پۈكۈپ ئېگىلىدۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگرۈتۈپ، ئەسلىدىن خۇن تېمىپ تۇرۇدىغان كۆزلىرى مۇلايىم قىياپەتكە كىرىدۇ... قارىسا، داپ يۈز ئەپەندىنىڭ چوڭ باشلىقى كەپقالغانىكەن.

داپ يۈز ئەپەندىنىڭ يۈزىدىكى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل چىراي قاتلاملىرىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل سورۇندا، ھەرخىل ئورۇندا ۋە تۈرلۈك ئادەملەر ئالدىدا قاتمۇ قات سويۇپ تاشلىيالايدىغان، قاتمۇ قات جايلاشتۇرالايدىغان،«خىلمۇ خىل ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ»غان ھۈنىرى بارلىقىنى يۇقىرىدىكى مىساللاردىنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.داپ يۈز ئەپەندىنىڭ «ھۈنىرى»ئۈستىدىنلا گەپ قىلىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ شۇ ھۈنىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان ھېكايىلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن، يۈزىنىڭ داپ يۈزلۈك قاتلىمىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشى ئادەم بولۇۋالاي دېيىلا ياخشى ئادەم بولۇۋالالايدۇ؛ شەرققە بۇرۇلۇپلا لۈكچەك بولۇۋالسا، غەربكە بۇرۇلۇپلا دىيانەتلىك-پازىل ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالالايدۇ.

ھەيرانمەن، داپ يۈز ئەپەندىنىڭ يۈزىگە چىراي قەۋەتلىرىنى قاپلاش، سويۇپ تاشلاش ھۈنىرى كارامەت ئۇنۇم بېرىۋاتقان بولسا كېرەك. يېقىندىن بۇيان مەلۇم باشلىقلار، مەلۇم ئەمەلدارلارنىڭچىدە بىر-بىرىنى دوراپ داپ يۈز ياسايدىغان ئەھۋال مودا بوپقاپتۇ. پۇقرالار شۇنداق داپ يۈزلەرنى تولا كۆرۈپ، تولا ئۇچرىتىپ،كۆرگەنلا يېرىدە شۇ يۈزنىڭ گۆشىدىن بىر بۇردا چىشلەپ چاينىۋەتكىدەك بوپكېتىۋاتىدۇ.

دۈڭفاڭ ئېر (شەرق ئوغلى) ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون ئەسلىدە «سەنشياڭ (خۇنەن) شەھەر گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 28-نويابىردىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان، قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.

## مۇئاۋىن نېمە ئۈچۈن دۈشمەن بوپقالىدۇ؟

مۇئاۋىن باشلىق بىرەر قاتىلنى ياللىۋېلىپ بىرىنچى باشلىقنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن ۋەقەلەرنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىدۇق، لېكىن شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ تېگى-پېيىنى تەتقىق قىلىپ، سىرىنى يەشكەن ئادەمنى كۆپ ئۇچراتمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن دانا ئادەملەردىن تەلىم ئېلىش ئارزۇسىغا كېلىپ، ئۆزۈمنى چاغلىمايلا ئاز-پاز تەتقىق قىلىپ كۆرگۈم كەلدى.

چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ،دېيىدىغان گەپ بار. بىرەر چاتاق چىقسا مۇئاۋىنغىلا تاپا-تەنە قىلىشمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. مۇئاۋىن تولا چاغلاردا بىرىنچى باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇۋېلىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر بىرىنچى باشلىق ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنلىرىنى ئىززەتلىسە، پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە قۇلاق سالسا، ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويسا، زىددىيەت تۇغۇلماسلىقى مۇمكىن.

ھازىر گەپ شۇيەردىكى ،بىرمۇنچە بىرىنچى باشلىقلار مۇستەبىتلىك قىلىدۇ،ھەر ئىشتا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ھېساب قىلىدۇ، مۇئاۋىنلىرىنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدۇ، بىرەر ئىش توغرا كەلگەندە ئۇلارغا مەسلىھەت سالمايدۇ،مۇئاۋىنلىرىنى ئويۇقتا تۇرۇدىغان بېزەك قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان موللا بوزەك قىلىۋالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار مۇئاۋىنلارنى رەنجىتىپ قويىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە چاتاق چىقىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا:سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ داۋاملىق كۈچىيىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەتتۇر، دېيىلگەنىدى. بۇ ھۆكۈم 8-قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرى قاتارىدا قەيت قىلىنغانىدى. لېكىن 8-قۇرۇلتاينىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ: پارتىيىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم توغرا بولمىغان، دەپ ئاشكارا ئېيتتى. دېمەك پۈتكۈل پارتىيە بويىچە چىقىرىلغان قارارنى ئۆزى يالغۇزلا ئىنكار قىلىۋەتتى، «كوللېكتىپ رەھبەرلىك» دەيدىغان تۈزۈمنى ھوقۇقنى شەخس ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان تۈزۈمگە، ئاخىرىدا مۇستەبىتلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ھوقۇقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە چېكىگە يېتىپ، دۆلەت رەھبىرىنىمۇ ئاغدۇرۇۋېتەلەيدىغان بولدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ماۋزېدۇڭ ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغان، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلسۇن دەپ ليۇشاۋچىنى بېيجىڭدە خىزمەت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى خاڭجۇغا بېرىپ يېتىۋالدى. ليۇشاۋچى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە مەكتەپلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتكەنىدى، ماۋزېدۇڭ خاڭجۇدىن قايتىپ كېلىپلا: خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكىنى خاتا، بۇ، يۆنىلىش، لۇشيەن خاتالىقى، دەپ ليۇشاۋچىغا پەتىۋا بەردى. 5-ئاۋغۇستتا جوڭنەنخەي قورۇسىغا «قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتايلى- مېنىڭ بىر ۋاراق چوڭ خەتلىك گېزىتىم» نى چاپلاپ، ليۇشاۋچىنى «پىپەن» قىلىش يانغىنىغا تۇتۇرۇق بولدى. ليۇشاۋچى شۇ كۈنلا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك كۆرمىشكە تارتىلدى. ئۇ، ماۋزېدۇڭدىن نىجاتلىق تىلەپ، ئەركىنلىكىمدىن مەھرۇم قالدىم دەپ، ماۋزېدۇڭنىڭ شەپقەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ماۋزېدۇڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغان. ئاخىر بىر قېتىم ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، بالا-چاقام بىلەن يەنئەنگە ياكى يۇرتۇمغا كېتىپ دېھقانچىلىق قىلاي دېسە، ماۋزېدۇڭ جاۋاب بەرمەي، كۆپرەك كىتاب كۆرسۇن دېگەن مەسلىھەتنىلا بەرگەن ۋە تۇزۇت بىلەن: «ئوبدان ئۆگەنسۇن، سالامەتلىكىنى ئاسرىسۇن» دېگەن. لېكىن ئاسراشقا ئامالى بولمىدى، دۆلەت رەئىسى بولغان شۇنداق كاتتا ئادەم ياشىنىپ قالغان چېغىدا بېيجىڭ شەھىرىدىن ھەيدىلىپ، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇردىسى سېلىنغان جىپ ماشىنا كىچىك بولغاچقا، ئىككى پۇتى ماشىنا سىرتىغا چىقىپ قالغان.

يۇقىرىدىكى گەپلەردىن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەربىرىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئەيىب بار دېگەندەك مەنا چىقىپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتتە بىرىنچى باشلىق بىلەن مۇئاۋىن باشلىق ئارا زىددىيەت پەيدا بولسا، ئاساسىي جاۋابكارلىق تولا چاغلاردا بىرىنچى باشلىقتا بولىدۇ. بىرىنچى باشلىق تولا چاغلاردا مۇئاۋىنلىرىدىن گۇمانسىرايدۇ، مۇئاۋىنلىرى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسە، مېنى بېسىپ چۈشمىگىدى دەپ ئېھتىيات قىلىدۇ؛ مۇئاۋىنلىرى خىزمەتنى ئادەتتىكىچە -ئەلقاتارى ئىشلىسە، مېنىڭ سايامدا جان باقىدۇ دەپ قارايدۇ؛ مۇئاۋىنلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە قاۋۇل ئادەم بولسا، ئەتراپىغا ئادەم توپلاۋېتىپتۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ؛ مۇئاۋىنلىرى ھەرقانداق ئىشتا يوليورۇق سوراپ تۇرمىسا، مېنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، دەپ ئويلايدۇ. دېمەك مۇئاۋىنلىرىنى ئۇنداق قىلسىمۇ ياراتمايدىغان، بۇنداق قىلسىمۇ ياراتمايدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، كۈنلەر شۇنداق

كېتىۋەرسە زىددىيەت تۇغۇلماي قالمايدۇ.

1948-يىلى گومىنداڭ سايلام مۇسابىقىسى قىلدى، جياڭ جېشى دەسلەپتە لى زۇڭرېننى مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلىنىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرمىدى. لى زۇڭرېن بولسا، سايلام مۇسابىقىسى ئاشكارا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن، ھەممە ئادەم قاتناشسا بولىدۇ، دەپ قارىدى. جياڭ جېشى بولسا، لى زۇڭرېن گەپكە كىرمەيۋاتىدۇ، دەپ قاراپ لى زۇڭرېننى بېسىپ چۈشۈش نىيىتىدە سۈن كېنى مۇسابىقىلىشىشكە يوشۇرۇن قۇتراتتى. كېيىن لى زۇڭرېن رەنجىپ، مۇسابىقىدىن قايتىپ چىقتى. جياڭ جېشى ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، يەنە لى زۇڭرېننى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. جياڭ جېشىنىڭ تىكىشى توختىمايدىغانلىقى لى زۇڭرېننى ناھايىتى خاپا قىلدى. لى زۇڭرېن مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلانغان بولسىمۇ، ھېچبىر ئىشقا چىشى پاتمىدى، ھوقۇق پۈتۈنلەي جياڭ جېشىنىڭ قولىدىلا بولدى. جياڭ جېشى دېموكراتىيە دەۋرىدىكى ئىشلارنى مۇستەبىت كالللىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغاچقا، ھەرئىشتا دوق يەپ قالدى. ئۇنىڭ ھارامزادىلىكلىرى كېيىنكى چاغلاردا گۇاڭشى گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ «تەختتىن چۈشۈپ، ئورنىنى بىكارلاشقا مەجبۇرلاش» ھەرىكىتى قوزغىشىغا سەۋەبچى بولدى. لى زۇڭرېن باشچىلىقىدىكى گۇاڭشى گۇرۇھى: كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ يارىشىمىز، جياڭ جېشى تەختتىن چۈشسۇن، دەپ ئومۇمىي تېلېگىرامما تارقاتتى. جياڭ جېشى تېلېگىراممىنى كۆرۈپ خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك چىچاڭلاپ: «ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلغىنىغا خۇدا ئۇرسۇن، خۇدا ئۇرسۇن!» دەپ توۋلاپ قاغىغان. ئۇ يېڭى يىل كۈنى ئۆز قولى بىلەن: «زېمىستان سوغۇقتا ئىچكۈزگىنى مۇزدەك سۇ بولدى، قار لەپىشىپ ياغقاندا خەتەرلىك كۆۋرۈككە ھەيدىدى» دېگەن بېيىتنى يازغان. نېمىدېگەن چېكىگە يەتكەن مەيۈسلۈكبۇ؟! لېكىن بىز شۇنداق دېمەي تۇرالمايمىز: بۇ ئۇنىڭ زالىم-مۇستەبىتلىكىنىڭ جازاسى، ئۆز قىلمىشىدىن كۆرگەن كۆرگىلىكى!

سەۋەبلىرىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ھەممىدىن مۇھىم سەۋەبى شۇكى، ھازىر دېموكراتىيىنى تەرغىب قىلىدىغان زامان. لېكىن بەزى بىرىنچى باشلىقلار ئىدىيىدە، ئىستىلدا تېخىچە مۇستەبىتلىك دەۋرىدە توختاپ قالغان؛ مۇئاۋىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇستەبىتلىك دەۋرىدىكى چارە ۋە ئىستىلنى قوللانغان، شۇڭا زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ. دېموكراتىيە قانۇن بىلەن ئىش كۆرۈشنى، ئوچۇق-ئاشكارا، لىللا-ئادىل ئىش قىلىشنى قەدىرلەيدۇ، ئاز سانلىق ئادەمنىڭ كۆپ سانلىق ئادەمگە بويسۇنۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇستەبىتلىك دەۋرىدىكى مەن ھەممىدىن چوڭ، ھوقۇق قانۇندىن چوڭ دەيدىغان قاراشلار بىلەن، يەك ئىچىدە ئىش پۈتتۈرۈدىغان قىلىقلار بىلەن بىر قازاندا قاينىمايدۇ، بىر قازاندا قاينىتىشقا ئۇرۇنسا چوقۇم پاجىئە تۇغۇلىدۇ.

جوڭگودا مۇستەبىتلىكنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىسى بار. بۇ ئەنئەنىلەر تولىسىغا مۇغەمبەرلىك، ھوقۇق سۆيۈقەستى بىلەن تولغان؛ دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە پۈتۈنلەي زىت. دېموكراتىك جەمئىيەت شەخسنىڭ ئۆز مەيلىگە يول قويمايدۇ، خالىغىنىنى قىلىشنى چەكلەيدۇ،

ھوقۇقنى نازارەت ئاستىغا قويىدۇ. ھېلىغۇ دۆلەتنىڭ مۇددىئاسى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ قارارلار ئىكەن، كىملەرنىڭ خىزمەت ئورنىنى كۆتۈرۈش كېرەك، كىملەرنى جازالاش كېرەك دېگەندەك ئىشلاردىمۇ بىر ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن بولمايدۇ.

ئەپسۇسكى، جۇڭگودا بىر مۇنچە ئادەملەر ھوقۇق تەمەسى بىلەن ئويلىغانلىرىنى بىمالال قىلىۋېرىدۇ، دېموكراتىيە بىلەن ئىش قىلىشقا تەشەببۇس قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا كۆنەلمەيدۇ. بەزى ئادەملەر چوڭ-كىچىك ھەرقانداق ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەيدۇ؛ ئۇ گويا بىر پادىشاھ -خان! ئەگەر ئۇ ماقۇل دېمىسە، كىچىككىنە بىر ئىشقىمۇ باشقىلار ئىگە بولالمايدۇ. بەزىلەر كۆرۈنۈشتە دېموكراتچىل، ئەمەلىيەتتە مۇستەبىت. شۇنداق ئادەم سورايدىغان رايوندا، شۇنداق ئادەم باشلىق بولغان ئورۇن - ئىدارىدا مۇئاۋىنلار خوش-خوش ئېيتىپ، ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى پاسسىپ-ھورۇن بولۇۋالىدۇ ياكى ئاشكارا قارشى چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نەتىجىمۇ بارمۇ-يا؟!

جۇڭگودا بىرىنچى باشلىقلار بىلەن مۇئاۋىن باشلىقلار ئوتتۇرىسىدا بولۇدىغان توقۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە ئىستىبداتلىق بىلەن دېموكراتىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى باشلىق بىلەن مۇئاۋىن دۈشمەنلىشىپ قالىدىغان ھادىسىلەرنى تۈگەتمەكچى بولساق، دېموكراتىيىنى ھەقىقىي يوسۇندا يولغا قويۇش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ ھادىسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

---

لىيۇشيۇ ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2002-يىل مارت سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## بىزنى نېمە ھاردۇرۇۋاتىدۇ؟

«ئالدىراپ قالدىم»، «ھارغىنلىق يەتتى» دېگەن سۆزلەر بەزى يويۇشى بار ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بوپقالدى. «تۇرمۇشتىكى ھارغىنلىقنىڭ ئازغىنە بىر سەۋەبى ھايات ئۈچۈن ئىشلەش بولسا، چوڭراق يەنە بىر سەۋەبى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش» دەيدىغان گەپ بار. ناھايىتى ئاقىلانىلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپ سوقرات ھەكىمنىڭ يۈيۈنىدىغان داستا ئولتۇرغان چاغدا پەم بىلەن ئېيتقان مەشھۇر سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق ھالەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتقاندا، مېنىڭچە، بۇ گەپ ھېكمەتلىك سۆزلەرگە بىرئاز ئوخشىسىمۇ، تولاراق قوشنام كىملىدىكامىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، 41 گرادۇسقا چىققاندا جۆيلىگىنىگە ئوخشاپمۇ قالىدۇ.

بۇ قارىشىمنىڭ بىۋاستە دەلىلى شۇكى، مەن ھەرھالدا ئۆزىنى ئۆزى بىلىپ ئىش قىلىدىغان ئادەتتىكى ئادەممەن. مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى ماڭاشى كۆپ بولمىسىمۇ لېكىن ياسىداق ئۆيلىرى، ھەشەمەتلىك قاتۇرۇلغان تەبىيار قەبرە-گۈمبەزلىرى بار بەزى «ھۆكۈمەت خادىمى» لارغا تەڭلەشتۇرۇپ «ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ» يۈرمىدىم؛ ئۆزۈمنى دۆلەت باجلىرىدىن قېچىپ يۈرۈپ ياكى ساختا، ناچار مەھسۇلات چىقىرىپ تېزلا ھارامدىن پۇل تاپىدىغان بېگى بايلارغا «سېلىشتۇرۇپ» مۇ يۈرمىدىم. «ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ» مۇ يۈرمەي، «سېلىشتۇرۇپ» مۇ ئۆلتۈرماي، بارىغا قانائەت، ھازىرىغا شۈكۈر قىلىپ ئانچە شاپاشلاپ يۈرمىسەممۇ، لېكىن يەنىلا ھېرىپ - تېلىپ قالغاندەك بولىمەن ھەتتا بېشىم ئۇيچاقتەك، يۈرىكىم پۇچىلانغاندەك بوپقالىمەن.

مەسىلەن، خىزمەت ئۈچۈن ئىشقا ماڭغاندا، ئىشلەپ ئولتۇرغاندا، ئىشىمنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ ئۆيۈمگە ئامان-ئېسەن قايتىپ بارسام ئىدىم، خەخلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ «پۇتلىكاشاڭ» لىرىغا ئايلىنىپ، ھارامدىن «تېپىك يەپ» قالمىسام ئىدىم، دەيدىغان ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايمەن. ساتراشخانىغا بېرىپ چاچ ئالدۇرغاندا، چاچلىرىمنى ياستىپ ئۆيۈمگە قايتقىچە، «پاھىشىۋازلىق قىلىپ چىقىپسەن» دېگەندەك بوھتانلار بىلەن ساقچىخانىغا كىرىپ قالمىسام بولاتتى، دېيدىغان ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايمەن. داغ سۇ، قاتتىق نان بىلەنمۇ تويۇنۇپ، كېكىرىپ راھەت قىلىدىغان ئادەملەرمۇ كۈتۈلمىگەن باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئاغزىدىن ماغزاپ ياندۇرۇپلا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپلا جان ئۈزۈدىغان بالا-قازالارغا ئۇچرايدىكەن، شۇنداق پېشكەللىكلەردىن خۇدا ساقلىغاي، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. تالاي يىللىق ئەقىدىسى بىر كۈندىلا يوققا چىقىپتۇ، دېگەندەك، كۆپ يىللىق ئەجرىسى بىر تال ساختا قېرىنداشنىڭ كاساپىتى بىلەن ھارام بولۇدىغان ئىش بولمىغاي، دەپ غىم يەيمەن.

بۇ غەم-ئەندىشىلەر، بۇ مەنىۋى يۈكلەردىن كىشىگە «ھاردۇق» يەتمەمدۇ؟

بىر قانچە گېزىتنىڭ 14-ماي سانىدا بېسىلغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ: «ئىستىقبالىڭىزنى بىر تال قېرىنداش نابۇت قىلمىسۇن» سەرلەۋھىلىك تېلېگرام خەۋرىگە قاراڭ. شۇ خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى يېقىنلىشىپ كەلگەندە، جۇڭگو شاڭخەي ھەسسىدارلار قېرىنداش 1-شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شى لىخۇا ئەپەندى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ساختا-ناچار قېرىنداشنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر قىلىڭ، گۈزەل ئىستىقبالىڭىزنى نابۇت قىلمىسۇن، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىكەن. ئېيتىلىشىچە چېڭداۋ شەھىرىنىڭ مەلۇم بىر رايونىدا بۇلتۇر ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەقلىدىي ئىمتىھان ئېلىنغاندا، سوئاللارغا جاۋاب يېزىشتا ھەممە بىردەكلا «جۇڭخۇا 2B» ماركىلىق قېرىنداش ئىشلىتىلىپتۇ. شۇ قېرىنداش ساختا مەھسۇلات بولغاچقا، كومپيۇتېر ئىمتىھان قەغەزلىرىنى نورمال ئوقۇيالماپتۇ، نەتىجىدە ئىمتىھانغا قاتناشقان 600 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلچەملىك ئىمتىھان نەتىجىسى 0 بولۇپ چىقىپتۇ.

ياللا! ئەگەر شۇ ئىمتىھان تەقلىدىي ئىمتىھان بولماي رەسمىي ئىمتىھان بولغان بولسا، ئەگەر سىز شۇ 600 ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولغان بولسىڭىز، ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز ھازىر ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىمتىھان مەيدانىدا ئولتۇرغان بولسا، مۇشۇ ھالەتتە تېنىڭىز جۇغۇلدىماي، سوغۇق تەرگە چۆمۈلمەي قالارسىزمۇ؟ ئېسىڭىز يوقىلىپ، بېشىڭىز قايماسمۇ؟

بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىكى بىر خەۋەرگە قارىغاندا، كۆكتاتلاردا تۇرۇپ قالغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قالدۇقلىرىنى «سىناق قەغىزى» بىلەن

www.uyghurkitap.com

سىناپ بىلىش مۇمكىن ئىكەن. ئالاقىدار ئادەملەر «دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تېز سىناپ بىلىش قارتىسى» دەپ ئاتىلىدىغان شۇ سىناق قەغىزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان جايى، ئۈنۈمى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى جان كۆيدۈرۈپ تونۇشتۇرۇپتۇ. خەيرىيەت، سىناق قىلىش ئۇسۇلى ئۆززامانىسىدا كيۇرىي خانىمنىڭ يېڭى ئېلېمېنتنى كەشىپ قىلغىنىدىنمۇ كۆپ ئاسان، ئاددىي ئىكەن. شۇ تونۇشتۇرۇشنى تۆۋەندىكىچە كۆچۈرۈپ چىقتىم،قېرىنداشلىرىم كۆرۈپ باقسۇن:

«كۆكتات يۇيۇشتا سىناق قەغىزى»نى ئىشلىتىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى كۆكتات يوپۇرمىقىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئۇچلۇق تەرىپىگە 1 ـ 3تامچە تېمىتىڭ،شۇ يەرنى كۆكتاتنىڭ باشقا بىر يوپۇرمىقى بىلەن بوش سۈركەڭ، ئاندىن كېيىن كۆكتات يوپۇرمىقىدىن چىققان سۇنى ھېلىقى«تېز سىناپ بىلىش قارتىسى»غا تۇگۇرۇپ، دورىلانغان ئاق قەغەزگە بىر تامچە تېمىتىڭ. ئون مىنۇت شۇ ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن، تېز سىناپ بىلىش قارتىسىنى ئارقىسىغا پۈكلەپ قاتلاپ، قولىڭىز بىلەن ئۈچ مىنۇت چىمداپ،ئاندىن قاتلاقنى ئېچىڭ. دورىلانغان ئاق قەغەزنىڭ رەڭگى كۆك بولۇپ ئۆزگەرگەن بولسا نورمال بولىدۇ، رەڭگى ئۆزگەرمىگەن ياكى سۇس كۆكەرگەن بولسا، كۆكتاتتا ئورگانىك فوسفورلۇق دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولغان بولىدۇ. قاراڭلار، بىزنىڭ ئاددىي پۇقرا قېرىنداشلىرىمىز نېمىدېگەن تەلەيلىك ـھە؟! بىزنىڭ ئاددىي پۇقرا قېرىنداشلىرىمىز ئەنە شۇنداق تولىمۇ ئاسان ـ ئاددىي بىر خىمىيىۋى تەجرىبىنى ئىشلىسىلا بىر تاۋاق بەسەي شورپىسى بىلەن ئوبدانلا ھوزۇرلىنالايدىكەن!

بىز ئۇششاق پۇقرانىڭ خاتىرجەم كۈن كۆچۈرۈشتىن ئۆزگە تەمەيىمىز يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا كۈنىمىزنىڭ جاپادا،ھارغىنلىقتا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. مانا ھازىرقى كۈندە كۆكتات بازىرىغا كۆكتات ئالغىلى بارغاندا، مەككار سودىگەرلەرنىڭ جىڭ ـ تارازىدا كەم بېرىپ ئادەمنى ھەسرەتكە قالدۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پۈرژىنىلىق تارازىدىن بىرنى يېنىڭىزدا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىسىز؛ ئاز-پاز گۆش ئېلىپ يېگىڭىز كەلسە، خىمىيىۋى دورا بىلەن بېقىلغان مالنىڭ گۆشنى يەپ سېلىپ چاتاققا قالماسلىق ئۈچۈن گۆشنى تونۇش ماھارىتىڭىزنى«قىلنى قىرىققا يارىدۇ»غان دەرىجىگىچە ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز؛ دەم ئېلىش كۈنلىرى تۆت ـ بەش ئاغىنىڭىز بىلەن تېپىشىپ بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچىشمەكچى بولسىڭىز، خىمىيىۋى ئانالىزچى مۇتەخەسسىسلەردەك ماھارىتىڭىز بولمىسا، سانائەت ئىسپىرتى ياكىDDVئارىلاشتۇرۇلغان ناچار ئاق ھاراقنى ماۋتەي ھارىقى دەپ ئىچىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

بىز ئاددىي ئادەملەر زادى كىمنى تاپىمىز؟ دەريا، ئۆستەڭدىن ئۆتۈدىغان چاغدا كۆۋرۈك كۆمتۈرۈلۈپ چۈشمىسىكەن، دەيدىغان ئەندىشە يوق ئەمەس؛ ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقاندا، ھەي مۇشۇ بىنا پاخپاق ماتېرىيال بىلەن سېلىنغان، ئاسان ئۆرۈلىدىغان بىنا بولمىغىدى؟ دەيدىغان ئەندىشە يوق ئەمەس. دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغاندا، دوختۇرغا تىغ تەگكەن يەرنى تىكىش ۋاقتىدا قايچا ياكى داكىلارنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى جېكىلەپ قويمىسىڭىز كۆڭلىڭىز تىنمايدۇ؛ بانكىدىن پۇل ئالغاندا ساختا پۇلنى تونۇۋېلىش ئىقتىدارىڭىز بانكا خادىملىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولۇشى كېرەك... بىز باج بېرىدىغان ئادەملەر قان-تەرلىرىمىز بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان«ئالاقىدار ئىدارە ـ تارماق»لاردىن«نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر» دەپ ئەيمىنىپ سوراپ باقساق بولارمۇ؟

---

بۇ ماقالە يۇخۇا ئىمزاسى بىلەن «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 3-ئىيۇل سانىدا ئېلان قىلىنغان. «پۇقرانىڭ ھارغىنلىقى» دېگەن ئەسلى ماۋزۇسى ۋە ئەسلى تېكىستى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.

## بۇنى كىم ماقۇل كۆرىدۇ؟

دۆلىتىمىزنىڭ مەلۇم بىر ئىقتىسادشۇناس ئالىمى يېقىنقى بىر نۇتقىدا:« ھازىر نېمە ئۈچۈن ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقى كۆپۈپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭدا ھەممىدىن مۇھىم بىر ئىش شۇكى، ئىلگىرى بىر داشقازاننىڭ تامىقىنى بىللە يېگەن ئادەملەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يەيدىغىنى بۆلەكچە بوپقالدى. .. ھازىر كىرىملىرى ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدىغان بولدى. بىرسى بېلىقچىلىق بىلەن بېيىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرسى سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىپ كەتكەن؛ ئۆزىنىڭ كىرىمى بولسا ھېچقانچە كۆپەيمىگەن.شۇنىڭ ئۈچۈن قورساق كۆپكى يەنە ناھايىتى ئاسانلا باش كۆتەرگەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «كىرىمنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىرەر ئوقەت ئۈچۈن مەبلەغ ـ دەسمايە سېلىشقا، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ... بۇ قانۇنىيەتنى شۇنداق ماقۇللاش كېرەك. ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن ئىدىيىمىزدىكى توسالغۇ ئازىيىدۇ» مىش. ئۇنىڭ شۇنداق كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە گېزىتتە ئېلان قىلىنغان مۇنازىرىدە:«ئادىللىق بىلەن ئۈنۈمنى دەڭسەپ كۆرۈشتە ئۇ ئۈنۈمنى تاللىۋاپتۇ» دېيىلىپتۇ.

قارىغاندا، شۇ ئىقتىسادشۇناس ئالىمنى زېرىكمەي تەلىم بەرگۈزۈپ مالال قىپتۇق. ماڭا ئوخشاش نادان ئادەملەردە «ئىدىيىدىكى توسالغۇ»لارئىلگىرىكىدەكلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدىكەن،قېتىپ قالغان مېڭىمىز يەنىلا ماقۇل كۆرمەيدىكەن.

ئويلاپ بېقىڭ، كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلى كەنتتىكى 50مو كېلىدىغان سۇ ئامبىرىنى يىلىغا 50يۈەن تۆلەپ كۆتۈرە قىلىۋېلىپ،«بېلىق بېقىپ»باي بوپتۇ؛ شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى دادىسى تەستىق يېزىپ بەرگەن قەغەزنى دەستەك قىلىپ ھايىنىغا ساتىدىغان «تىجارەت بىلەن بېيىپتۇ» ؛ زاۋۇت باشلىقى دۆلەت مەنقۇلاتلىرىنى يېگىۋاشتىن ئېنقلاش جەريانىدا «سوتسىيالىزمنىڭ تۈكىنى يۇڭداپ» بېيىپتۇ؛ ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى مەنسەپ سېتىش يولى بىلەن بېيىپتۇ؛ ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولسا«مەنبەسى نامەلۇم» كىرىم بىلەن بېيىپتۇ... بۇنداق ئەھۋاللارغا پۇقرانىڭ بىرئاز«قورسىقى كۆپسە» ،ئۇلارغا شۇ زامات«داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىش خىيالى قايتا باش كۆتۈرۈپتۇ» دەيدىغان يوغان قالپاق كىيدۈرۈلسە،ئويلاپ كۆرۈڭ، پۇقرا بۇنىڭغا ماقۇل بولارمۇ؟

ئويلاپ بېقىڭ، ھازىرئاھالىلەرنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ 66پىرسەنتى ئون پىرسەنت ئادەمگە تەئەللۇق

بوپقالدى(مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئۈسسۇم بېجى ئېلىش چارىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە شۇنداق دېگەن)؛دۆلىتىمىزدە كىرىمدىكى پەرقنىڭ جىنى كوئېففىتسېنتى غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئارتىپ،«خەلقئارا ئالدىنقى سەۋىيە»گە يېتىپ باردى. «كەمبەغەللەر بارغانسېرى كەمبەغەللىشىپ، بايلار بارغانسېرى بېيىپ كېتىدۇ»غان «ماتايۇسچە تەسىر» جۇڭگودا كۈندىن كۈنگە ئەۋج ئالماقتا. شۇنداق بولۇۋاتسا، يەنە بەزىلەر كىرىمنىڭ پەرقى يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ ئەمەس دەپ، پەرقنى«تېخىمۇ چوڭايتماق»چى بولۇۋاتىدۇ. ئويلاپ قاراڭ، يۇقىرا بۇنىڭغا قانداقمۇ ماقۇل بولسۇن؟

ئويلاپ بېقىڭ، كىرىمنىڭ پەرقى چوڭايسۇن، رەھبەرلەر بېيىسۇن دەيلى، لېكىن رەھبەرلەرنىڭ پۇلى ،بىرىنچىدىن، ئىستېمالغا سەرپ قىلىنمايدۇ(ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكى، يېمەك-ئىچمىكى، يۈرۈش-تۇرۇشى،ئويۇن-تاماشىسى ئۈچۈن〈هۆكۈمەت〉بار، 〈سوۋغا-سالام〉بار؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار بايلىقنى ئاشكارىلاپ مەبلەغ سېلىشقا پېتىنالمايدۇ، پۇلنىڭ تولىسىنى ئۆيگە جىمىقتۇرىدۇ، بانكىغا تۇپلايدۇ ياكى نېرى-بېرىسكە قارىمايلا چەت ئەللەرگە يۆتكىۋېتىدۇ. كىرىم پەرقى چوڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن نامراتلاشقان مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەردە بولسا، خەجلىگۇدەك ياكى مەبلەغ سالغۇدەك تۆت تەڭگە پۇلمۇ قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئېھتىياج جانلىنالمايدۇ، مەبلەغ كۆچسىز بولىدۇ. نەتىجىدە ئىقتىساد«بولالماي»قالىدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا يەنە بەزىلەر:«كىرىمنىڭ پەرقلىق بولۇشى مەبلەغ — دەسمايە سېلىشقا،ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ»دەپ يۈرسە، ئويلاپ كۆرۈڭ، يۇقىرا بۇنىڭغا قانداقمۇ ماقۇل دېسۇن؟

بازار ئىگىلىكى ،تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنۇم ئىگىلىكىلا ئەمەس، ئۇ تېخى ئادالەت ئىگىلىكىدۇر، قېلىپلاشتۇرۇش ئىگىلىكىدۇر. قانۇن-تۈزۈملەر مۇكەممەللەشمىگەن، قانۇننىڭ ئىجراسى كۈچىيەلمەيۋاتقان، بازار تازا قېلىپقا چۈشمىگەن شارائىتتا، كىرىم بازارغا ئانچە باغلىق بولالماي تۇرغان، هوقۇق ھەرجايدا سودا-سېتىقنى ئېلەشتۇرۇپ تۇرغان،بازاردىكى پۇرسەتلەردە تەڭ-باراۋەرلىك بولمىغان، كىرىمنىڭ پەرقلىق بولۇش سەۋەبلىرى تولىمۇ خۇنۇك بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، ئۇنۇمنى كىرىم پەرقىنى چوڭايتىش يولى بىلەن ئالغا سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىشنىڭ ئۆزى قاسقاندىكى مانتىنىڭ هورى بىلەن قورساق تويغۇزىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇنى كىممۇ ماقۇل كۆرسۇن؟

بازار ئىگىلىكىدە ئادىللىق ناھايىتى ئومۇملاشتى دەيلى، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنۇمنى دەپ كىرىمنىڭ پەرقىنى چەكسىز كېڭەيتىۋېتىش يارىمايدۇ. ئىقتىساد ئىلمى هايۋانات دۇنياسىنىڭ ئىقتىساد ئىلمى ئەمەس، ئىنسانىيەت ئىقتىساد ئىلمى. بازار رىقابەت غالىبلىرىنى ئىسىل ماشىنىدا، ھەشەمەتلىك ئۆي-جاي ۋە «ئاسمان ساياھىتى» بىلەن مۇكاپاتلىغان چاغلاردىمۇ جەمئىيەت رىقابەت مەغلۇبلىرىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قالماسلىق هوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، شۇ يول بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ«ئادەم»لىك ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىشى لازىم. ھەتتا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىمۇ «ئادەمنىڭ

هايات-ماماتىنى بازارغا باغلىق قىلىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس» لىكىمۇ ئاللىقاچان بىلىم ئەھلىگە ئورتاق كۆز قاراشقا ئايلىنىپ قالغان ۋە بۇنداق قاراش ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە كاپالەت تۈزۈملىرى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە. لېكىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە ياشاپ تۇرغان مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس ئالىم بولسا«ئۇنۇمپەرەسلىك»نى كۆككە كۆتۈرگەن. بۇنىڭغىمۇ ھەرگىز ماقۇل دېگىلى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىلار ماقۇل كۆرمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بوپقالدى. يەنە كۆپەيسىمۇ ھېچگەپ يوق. ئېھتىمال ھېلىقىدەك سۆزلەرنى بىز يۇقىراغا ئاڭلىسۇن،دەپ قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى«ئۇنۇم»نى زادىلا كۆزدە تۇتماي، نەپ-مەنپەئەتنى — هوقۇقلۇقلارنىڭ، بايلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى، نەپ ئالغانلارنىڭ، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرگەنلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

---

چيۇ پېيفېلى ئىمزالىق بۇ تەقرىز «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 20-ئىيۇل سانىدىن قىسقارتىپ ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.

## بۇنىڭغا غەزەپلەنمەي تۇرغىلى بولامدۇ؟

2001-يىل 21-دېكابىردا، كۈنمىڭ شەھىرىدە پەنلۇڭ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى پۇتكۇل مەملىكەت خەلقىنى زىلزىلىگە سالغان بىر جىنايەت ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى: مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى«دەللاللىق قىلغان»بۇ جىنايەت ئۈستىدىن بىر سوت بىلەنلا چىقىرىلغان بۇ ھۆكۈمدە ئون نەپەر قىز ئوقۇغۇچىغا بىر يىلدىن تۆت يىلغىچە دېگەندەك مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن.

بۇ ئەھۋالغا ئىچىمىز سىيرىلدى ھەم چۆچۈپ كەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ۋەقەنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قالدۇق: بۇ ۋەقەدە بىر گۆدەك قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان ئادەمگە جىنايى جازا بېرىلگەن، قالغان پاھىشىۋازلارغا بىرنەچچە مىڭ كويىچەندىن جەرىمانە قويۇپلا ئىش تامام ۋەسسالام قىلىنغان. بۇنىڭغا سوتقا قاتناشقان ئادۋوكاتلار قاتتىق غەزەپلەنگەن.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ دەللاللىق تورى(ئىنتېرنېت)1997-يىلى باشلىنىپ، ئۈچ يىل داۋام قىلغان، يەنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىق ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ××نىڭ ئاتا-ئانىسى ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، 2000-يىل ئۆكتەبىردە ساقچىغا مەلۇم قىلغانغا قەدەر داۋام قىلىپ، قارا نىقاب ئاخىر ئېچىپ تاشلانغان. جەمئىي 20نەچچە ئادەمگە چېتىلغان بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈش، دەلىل ئىسپات - تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئاخىر گۇمانداردىن ئون ئادەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. بۇ قىزلار كۈنمىڭ شەھىرىدىكى تولۇقسىز،تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم،ئوتتۇرا كەسپىي مەكتەپ دېگەندەك ئون نەچچە مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئەڭ چوڭى، 18ياشتا، تولىسى 16ياشتا، ھەممىدىن كىچىكى 13ياشتا ئىكەن. ئۇلار ئۆز ئېپپىتىنى ساتقاندىن تاشقىرى، ساۋاقداشلىرىنى ئېپپەت سېتىشقا تونۇشتۇرۇدىكەن.مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بۇ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلار تېخى ئەمدىلا بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان، بىلىم ئېلىۋاتقان كىچىك بالا بولۇپ تۇرغان باسقۇچتىلا بۇزۇقچىلىق كوچىسىغا كىرىپ قالسا، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىپپەت سېتىش قارا تورى»غا غەزەپلەنمەي تۇرالمايمىز. ۋەقەگە دائىر ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ پاھىشىۋازلار «پۇلى بار، يۈزى بار» ئادەملەر ئىكەن؛ ئۇلار 30نەچچە ياشتىن 50نەچچە ياشقىچە بولۇپ، بەزىسى مېھمانسارايلىرىنىڭ خوجايىنى، ساياھەت باشقارمىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرى، شىركەت لېدىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئىكەن، ئۇلارنىڭ قاتارىدا يەنە شۇ يەرلىك ياكى باشقا يەرلەردىن كەلگەن بايلارمۇ بار ئىكەن، سان جەھەتتە ئىپپىتىنى ساتىدىغان كىچىك قىزلاردىن خېلىلا كۆپ ئىكەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بۇ ۋەقەنى كۆزىتىپ، پاش قىلىش جەريانىدا بىرقانچە پاھىشىۋازنىڭ ئېسىل پىكاپلىرىنى بەنت قىلىپ قويۇپتۇ. شۇ ئادەملەر قىز باللارنى ئۆزلىرى قوندۇرۇپ قېلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، دوست-بۇرادەرلىرىگىمۇ تونۇشتۇرۇپتۇ. يەنە تېخى ئۇلار «ئوقۇغۇچى»لارنىڭ «كىچىك»لىرىدىن باشقىلىرىنى ياراتمايدىكەن. ھەتتا شۇ پاھىشىۋازلارنىڭ بەزىسى «تۇتۇلۇپ» قالغاندىن كېيىنمۇ «ھاكاۋۇرلۇق» قىپتۇ. مەلۇم بىر كارخانىنىڭ خوجايىنى رەھبەرلەر بىلەن بىللە زىياپەتكە بارماقچى ئىدىم دېگەن باھانىنى تېپىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ سورىقىنى رەت قىلغان («شەنبىلىك خەۋەر» گېزىتىنىڭ 2002-يىل 10-يانۋار سانىغا قاراڭ).

بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدىلەرنى سوراقچىلار ئالدىدا توختىتىپ قويغان، شۇ باللارنى ئەنە شۇنداق ئوتقا ئىتتىرگەن «پۇلى بار، يۈزى بار» پاھىشىۋازلار قانۇن جازاسىنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىغا ئادۋوكاتلار غەزەپلەندى، ئىنسابى بار ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى غەزەپلەنمەي تۇرالماس. غەزەپلىنىشنىڭ سەۋەبى-ئادالەتسىزلىك. چۈنكى ئۇلار يانچۇقى توم بولغاچقا، كىچىك قىزلارنى ئۆز مەيلىچە ئالدىيالىغان، ئوينىيالىغان؛ قولىدا ھوقۇقى بولغاچقا قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان. بىرنەچچە مىڭ كويچەندىن جەرىمانە قويۇشمۇ بىرخىل جازا، لېكىن ئۇنداق جازا زىنا قىلىدىغان چاغدا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي مىڭ كويلاپ، ئون مىڭ كويلاپ خەجلەيدىغان شۇ پاھىشىۋازلارنىڭ بۇرۇتىنى تەۋرىتەلەرمۇ؟ ئۇلار ئەمەلدارلىقىنىمۇ، خوجايىنلىقىنىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قىلىۋېرىدۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا «ھال تارتىپ» يۈرۈۋېرىدۇ. لېكىن شۇنداق پاھىشىۋازلارنىڭ مەۋجۇد تۇرۇشىنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان زىيانلىرىنى مۆلچەرلەش تەس. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىنى بۇلغاپ زەھەرلەش بىلەنلا قالماي، ئىپپەت ساتىدىغانلارنىڭ ياش جەھەتتىن بارغانسېرى كىچىكلىك تەرىپىگە قاراپ راۋاجلىنىشىغىمۇ تۈرتكە بوپقالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى چاتاق بولىدۇ، ھەتتا دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا خەۋپ يېتىدۇ، ئاقىۋەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار ئاتايىتەن ئادەم چۆچۈتىدىغان گەپمۇ ئەمەس.

ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەللاللىق جازاسىغا تارتقانلىقى، پاھىشىۋازلارنىڭ بىرىگە 14ياشقا تولمىغان كۆدەك قىزغا چېقىلغانلىقى ئۈچۈن باسقۇنچىلىق جازاسى بەرگەنلىكى، قالغانلىرىغا جەرىمانە قويۇش بىلەنلا ئىشنى تۈگەتكەنلىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. چۈنكى پاھىشىۋازلىقنى جازالاش توغرىسىدا پارتىيە ئىنتىزامى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش جەھەتتە چارە كۆرۈش نىزامى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش نىزامى دېگەندەك نىزامنامىلاردىنلا چارە-تەدبىرلەرنى تاپقىلى بولىدۇ، «جىنايەت-جازا قانۇنى»دا «پاھىشىۋازلىق جىنايىتى» دېيىدىغان ماددا تېخى يوق. دېمەك، قانۇنلارنىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاكامۇللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. خەلقنىڭ غەزىپى قىلمىشى يامان پاھىشىۋازلارغا قاتتىق قانۇنىي جازا بېرىلگەندىلا بېسىلىشى مۇمكىن.

---

بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 26-فېۋرال سانىدا خۇۋېنشۇ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

## نېمە ئۈچۈن «قىلغۇلۇق، ئەمما دېمىگۈلۈك؟»

مەلۇم بىر گېزىتنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى گېزىتخانىغا مۇخبىر، تەھرىرلىككە ئادەم تەكلىپ قىلىدىغان چاغدا باشقىچىلا بىر ئۇسۇل قوللىنىپ، «كۆتۈرۈپ كەلگەنلىرىڭىز ساختا دىپلوم بولسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق» دېگەن سۆزنى ئوچۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدكە ئۇچراپتۇ. تەنقىد قىلغۇچىلار: «شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېگەن قاراشتا بوپتۇ. بۇ، «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» نىڭ 21-يانۋاردىكى سانىدا بايان قىلىنغان بىر ۋەقە.

بىرەر ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ، ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايدۇ، يەنى قول سېلىپ ئىشلەۋېرىش مۇمكىن، ئەمما ئېغىزدىن چىقىرىپ سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئىشلارنى ئىشلىگۈلۈك، ئەمما گەپ قىلمىغۇلۇق. مانا مۇشۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ. بۇلتۇر سېنتەبىردە مەلۇم بىر دۆلەتلىك بانكا ئۆز خادىملىرىدىن 30مىڭ ئادەمنى كېمەيتىش قارارىنى چىقارغاندا، بانكا سىستېمىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر: شۇنداق قىلىڭلار، ئەمما ئاغزىڭلاردىن چىقارماڭلار، دەپ ئېنىق پرىنسىپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. دۆلەتنىڭ باشقا مەلۇم تارمىقىمۇ ئۇلارنى دوراپتۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇنۋان باھالاش ئىشىنى توختىتىۋەتكەنلىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى مەلۇم باشقۇرۇش تارمىقى شۇ چاغلاردا «دىققەت مەركىزى» بوپقالغان «ئۇنۋان باھالاش» توغرىسىدىكى گەپلەرگە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىرقانچە مەركىزىي ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان؛ «قىلغۇلۇق، ئەمما دېمىسگۈلۈك» دەيدىغان گەپتە چىڭ تۇرۇۋالغان. «قانۇن-تۈزۈم گېزىتى» نىڭ بۇلتۇر 6-ئاۋغۇست سانىدىكى گەپلەرگە قارىغاندا، «قىلغۇلۇق، ئەمما دېمىسگۈلۈك» دېگەن گەپ ئۇزۇندىن بۇيان شۇ تارماقنىڭ ئىش ئۇسۇلى بوپقالغانمىش.

«قىلغۇلۇق،ئەمما دېمىگۈلۈك» دېگەن گەپتە، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئېھتىياتچانلىق قىلىش مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپلەپ ئازايتىلسا يامان ھەتتا كىرەلەشكەن تەسىراتلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىنمىش. ئۇنىۋان باھالاش ياكى باھالىماسلىقنىڭ «سىياسىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، تەسىر قىلىش دائىرىسى كەڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىل ئىش، ئېغىزغائېلىش تەس(ئەسلى تېكىستى شۇنداق) »،شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئوبدان چارە - قىلغۇلۇقنى قىلىۋەرگۈلۈك، ئەمما ئېغىزغا ئېلىپ سۆزلىمىگۈلۈكمىش؛ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇش دائىرىسى ئىمكانقەدەر كىچىك،ئاز بولسا، تەسىرىمۇ تولا چوڭ، كەڭ بوپكەتمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئىشنىمۇ ئوبدان ئىشلىگىلى بولارمىش.

ئېھتىيات قىلغاننىڭ يامىنى يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن «قىلغۇلۇق، ئەمما دېمىگۈلۈك» ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئېھتىمال ئەرزىمەيدىغان ئانچىكى بىر ئىشمۇ سىرلىق بىر ئىشقا ئايلىنىپ، خۇددى «بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دېگەندەك، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپ، بۇنىڭدا بىر نەيرەڭ بولسا كېرەك دېيىدىغان گۇمانلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ساختا دىپلومنى تەكشۈرۈپ كۆرمىسە، لام-جىم دېمىسە، جىك - راست دىپلومى بار ئادەملەرگە ئادالەتسىزلىك بوپقېلىشى تۇرغان گەپ. ئىش يامىنىغا تارتىپ قالسا، ساختا دىپلومى بار ئادەملەرنىڭ پالانى-پوكۇنىلار بىلەن «چاتىقى» بار ئوخشايدۇ، دېيىدىغان گۇمانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن؛ خادىملارنى قىسقارتىشتا ئىس-بۇسنى چىقارماي جىم-جىملا يوشۇرۇن ئىش قىلسا، قىسقارتقۇچىلار قىسقارتىشنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئېلان قىلمىسا، قىسقارتىلغانلار نېمە ئۈچۈن قىسقارتىلغانلىقىنى بىلمىسە، بۇ ئىشتا بىر يامان نىيەت باردەك قىلىدۇ،دېيىدىغان گۇمان پەيدا بولماي قالمايدۇ؛ ئۇنىۋان باھالاش چارىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەلدى،لېكىن بۇ خىزمەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەركىزىي تارماقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمىز يوق، بۇ ئەھۋالمۇ كىشىلەردە ئېگىز-پەس خىياللارنى پەيدا قىلماي قويمايدۇ.

«قىلغۇلۇق،ئەمما دېمىگۈلۈك» دېگەن سۆز تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە «پۇقرانى ئىشقا سال، ۋەلېكىن(نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقانلىقىڭنى) بىلدۈرمە» دېگەندەك، بىرخىل خۇنۇك ئىجتىمائىي روھىي ھالەتتۇر. قەھرىمانىنى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن تېگى-پېيىنى سۈرۈشتۈرمەي قەدىرلىگەننىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئىشنى قىلغانىكەنسەن، ئېغىزدىن چىقىرالمىغىننىڭ نېمىسى؟ بىرەر چارە-تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ-بۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىسا، ھەممە ئادەم ئېنىق چۈشەنسە، ئىمكانقەدەر لىللا-ئادىل قىلىنسا، خىزمەتلەرگە تېخىمۇ پايدىلىق بولامدۇ؟

«قىلغۇلۇق،ئەمما دېمىگۈلۈك» دەيدىغان چارە ئەمەلىيەتتە گۇمانىنى توسيالمايدۇ،تېخىمۇ كۆپ گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ھالبۇكى، گېزىت يۈزىدىن مەلۇم بولغان ئامما «قىزىل سەللىلىك ھۆججەت» لەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ۋەقەلەر شۇنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرىدۇكى، خەلقىمىز مەسىلىنى تېگى-پېيىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە ئالللىقاچان بەل باغلاپ قويغان.«قىلغۇلۇق،ئەمما دېمىگۈلۈك» دەيدىغان چارە ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جامائەتنىڭ (ھەرقانداق ئەھۋالدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىدىن) ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنىڭ كۈچىيىشى مۇناسىۋىتى بىلەن زامانغا توغرا كەلمەيدىغان بوپقالدى.

ئەگەر تولىمۇ بەك مەخپىي ئىش بولمىسا، باشقىلارغا بىلدۈرۈشكە بىئەپ بولمىسا، مېنىڭچە، جامائەت ۋاقىپ بولۇشقا ھەقلىق بولغان ،باشقىچە پىكرى بولسا بايان قىلىش ھوقۇقى مەۋجۇد تۇرغان ئىشلاردا «قىلغۇلۇق، ئەمما دېمىگۈلۈك» دەپ ئېغىزنى مەھكەم يۇمۇۋېلىش يارىمايدۇ. دېگۈلۈك، دېگەندىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىشنىمۇ يۈرەكلىك قىلىدىغان،جاۋابكارلىقنىمۇ يۈرەكلىك ئۈستىگە ئالىدىغان بىر جاسارەتنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

---

يالڭ گېنشىيالڭ ئىمزالىق بۇ ماقالىمىز «فىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 22-فېۋرال سانىدىن تەرجىمە قىلىندى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشرئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب - ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - 乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收 دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز:830001

كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



# «تەرجىمە» دىن تۇغۇلغان ئويلاردىن خاتىرە

توختى باقى ئارتىشى

گۈزەللىك دۇنياسى ھېكمەت ئىچىدە،
لەززەتنىڭ ئاساسى ھەم ھېكمەت ئىچىدە؛
بارماس قىلىق بىلەن ئايىنغان خۇلقىنىڭ -
ئەڭ ئۆتكۈر داۋاسىمۇ ھېكمەت ئىچىدە.

بۇنى قايسىبىر شائىرنىڭ ئەسىردىن ئوقۇغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىدىم، ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. بۇ ئۇنتۇغاقلىقىم ئۈچۈن شۇ شائىرنىڭ نامۇ - زاتىغا غايىبانە ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈمەن. گەپ شۇيەردىكى،بۇ شېئىرنىڭ كىشلەرنى پاكلىققا ۋە تاكامۇللۇققا باشلايدىغان چوڭقۇر«ھېكمەت» لىك ئىبارىلىرىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرى گويا ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ھېكمەت دېگەن سۆزنىڭ قانداق شەرھىيلىنىشىنى ئېنىق بىلمەيمەن،ئەمما مېنىڭ نەزىرىمدە«ھېكمەتلىك سۆز» ئىجتىھاتلىق ئادەملەرنى سۆيۈندۈرۈدىغان، زوقلاندۇرۇدىغان، پىكرىنى ئاچىدىغان،ئېتىقادىنى ساپلاشتۇرۇدىغان ئىبرەتلىك سۆز. ئۇنداق سۆزلەر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، غەيرىتىنى ئاشۇرغاندىن باشقا، خۇددى شىپالىق دورىدەك، تەپەككۇردىكى قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتىدۇ، خىيالدىكى توقۇناق - چىگىشلەرنى يېشىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز ھاياتىمدا ئۇزۇندىن بۇيان «ھېكمەتلىك سۆز» لەرنى ئاڭلاشقا، شۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا خۇشتارمەن. بۇنىڭ روشەن بىر ئىپادىسى شۇكى، ماڭا تەقدىر-ئىرادە بىلەن ھاياتلىقنىڭ ۋاستىسى بوپقالغان تەرجىمانلىق كەسپى «ھېكمەتلىك سۆز» لەرنى ئوقۇشۇمغا، ئوقۇغانلىرىمنى تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن باشقا قېرىنداشلىرىمغا يەتكۈزۈشۈمگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مەن بۇ يەردە «ھېكمەتلىك سۆز» دېگىنىمدە پىكرىمنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، فېليەتون ياكى ساتىرا ۋەياكى ھەجۋى ئەسەرلەرنى كۆزدە تۇتىمەن. خەلقىمىزگە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ سۇنۇلغان«زاۋېن» - «فېلىيەتون» ،«مۇلاھىزە» ۋەياكى «مۇھاكىمە» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق خۇشتارلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەلقىمىزنىڭ پېقىر قەلەم ئىگىسىگە «لۇشۈنشۇناس» دەپ تاج كىيدۈرگەنلىكىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئەنە شۇنىڭدا،ئەلۋەتتە. چۈنكى خەلقىمىز شۇنداق«ھېكمەت» لىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ مېغىزىنى چاققان ۋە چاقماقتا.

يېقىندا شۇنداق«ھېكمەت» لىك ئەسەرلەردىن بىر پارچىنى يەنى «نېمە ئۈچۈن〈 قىلغۇلۇق ئەمما دېمىگۈلۈك؟〉» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە مۇلاھىزىنى ئوقۇپ، خەنزۇ مۇتەپەككۇر - يازغۇچىلىرىنىڭ بۇ مۇلاھىزىسى خۇددى كەمىنە قەلەم ئىگىسىنى تەسىرلەندۈرگەندەك،ئىخلاسمەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆڭۈللىرىگە يېقىپ، ھېكمەتلىك سۆزلىرى،چۈچۈك تىللىرى،مەنىسىدىن پۇرقۇپ تۇرۇدىغان تاڭسۇق ھىدلىرى زوقلاندۇرسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئارزۇ ۋە ئىشەنچ بىلەن تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىغان قېرىنداشلىرىمغا «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن سۇندۇم.

شۇ ماقالىنى ئوقۇغاندا ۋە تەرجىمە قىلىۋېتىپ خىيالىمدا پەيدا بولغان، بولۇپمۇ بەزى پىشمىغان خام تەرجىمىلەردىن ھېس قىلغان بەزى مەسىلىلەردە بىرنەچچە سۆز، ئاتالغۇنىلا «كۆپكە تاۋاپ» مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئويلىغانلىرىمنى تۆۋەندىكىچە يازدىم. لۇشۈن: قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ، كىشلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە قىلىشمۇ قان چىقارماي

جان ئالغاننىڭ قاتارىغا كىرىدۇ(سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇنداق) دېيىشكەن. قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، ئەگەر شۇنداق تەرجىمە ئەسەرلىرىمدىن ۋە بۇيەردە بايان قىلىنىۋاتقان تەسىراتىمدىن زوق ئالالمىسا ياكى كۆڭلۈمدە شېرىن ھىد بېرىپ تۇرغان گۇللەر دەستىسى دەپ سۇنغان شۇ گۇللەر ئارىسىدا ئورۇنسىز قوشۇلۇپ قالغان يانتاقلارنى ئۈچرىتىپ قالسا تەنقىد ۋە تەنبىھلىرىنى ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە بەرسە، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى ئارمانسىز ئۆتكۈزگەن بولاتتىم.

كېيىمنى ئاتالغۇ مەسىلىسىدىن باشلاي، گەپ مۇنداق:

خەنزۇ تىلىدىكى «جىژنىڭ» دېگەن سۆز ھازىر بىزنىڭ تىلىمىزدا كۆپ ھاللاردا «فونكسىيە» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. ئېھتىمال، مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭدۈرۈشكە يېتەكلەۋاتقان يېتەكچى مەنبەلەرنىڭ بىرى «خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار» بولسا كېرەك. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش – بېكىتىش كومىتېتى تۈزۈپ ئېلان قىلغان بۇ لۇغەت شەك يوقكى، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ،ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.لېكىن ئايرىم،قىسمەن يېتەرسىزلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. مانا قاراڭ، مەن خەنزۇچە«نېمە ئۈچۈن ( قىلغۇلۇق ئەمما دېمىگۈلۈك؟ ) » سەرلەۋھىلىك مۇلاھىزىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ، ھازىرقى تەرەققىيات دەۋرىدە«ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىشى...» دېگەن سۆزلەرنى ئۇچراتتىم(ئەسلى خەنزۇچە تىلدا«ۋەزىپە» دېگەن ئاتالغۇ ئورنىدا«جىژنىڭ» دەپ يېزىلغان) .بۇ ئاتالغۇنى «ۋەزىپە» دەپ تەرجىمە قىلىپ بولۇپلا خىيال سۈرۈپ قالدىم: تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، تىلنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولغان ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل-يېزىق ۋە ئاتالغۇ ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئالىي رەھبىرىي ئورگانلىرىمىز «ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇلغىنى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى بويىچە قوللىنىش» لازىم دەپ يوليورۇق بەرگەن؛ بولۇپمۇ «ئاتالغۇلارنى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قوللىنىدىغان ھالەتنى تۈپتىن تۈگىتىش» كېرەك دەپ تاپشۇرۇق بەرگەن. ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش زۆرۈر. بۇ، بىر «ئومۇملۇق».لېكىن ئومۇملۇق بار يەردە«ئايرىملىق» مۇ بولىدىكەن.«قوللىنىشتا مۇشۇ لۇغەتتىكىسى ئاساس قىلىنىدۇ» دەپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلاردىن بىرى: «جىژنىڭ – فونكسىيە» .دېمەك خەنزۇ تىلىدىكى«جىژنىڭ» دېگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىغا«فونكسىيە» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ دېگەن «قېلىپ» كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەن بۇ ئاتالغۇنى«فونكسىيە» دېمەي«ۋەزىپە» دەپ تەرجىمە قىلىشتا«تەرجىمە » ياكى «ئۆرۈش» دېگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى بولغان«ئۇقتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش»نى ئاساس قىلدىم. ئەگەر خەلقىمىزگە قايسى سۆزنىڭ ،قانداق سۆزنىڭ ئۇقۇملۇق، چۈشىنىشلىك بولۇشىنى تەرجىمە تىلىغائۆلچەم قىلىدىغان بولساق، ئىشىنىمەنكى، «فونكسىيە» دېگەن سۆزنى«ۋەزىپە» دەپ تەرجىمە قىلغانلىقىم (ئەمەل، مەنسەپ،خىزمەت، مەشغۇلات... دېگەندەك مەنىداش سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن) «تاپتىن چىقىپ كەتكەن»لىك بولماس.«... نىڭ فونكسىيىسى» دەيدىغان ئىبارىلەر ھازىرقى كۈندە ئومۇملىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن،«فونكسىيە»نى چەت تىلدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىش «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» سىياسىتىمىزگە خىلاپ ئىشمۇ؟ بىزدە تەرجىمە مەسىلىلىرىدە بەزى چاغلاردا بەزى ئاتالغۇلارغا «سىياسىي» دېگەن سۈپەتنى چاپلاپ،بۇ سىياسىي ئاتالغۇ، بۇنداق ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشتا سۆزنىڭ سىياسىي تۈسىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، دەيدىغان ۋەھىملىك گەپلەر ھۆكۈم سۈرۈپ، تەرجىمە خىزمىتىنى سۈنئىي رەۋىشتە قېيىن كېچىككە سېلىپ قويغانلىقنىڭ تەسىرى ھازىرمۇ تەرجىمانلارنىڭ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ. باشقىلارغا يالىنىپ كۆنۈلۈك ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى «مەدىكار» دەيتتۇق. بۇ ئاتالغۇ چەت تىل(ئەسلى پارس تىلى) بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ «كونىراپ» كەتكەن دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ۋەياكى «مەدىكار» دەپ ئاتالسا«كەمسىتكەنلىك» بولىدۇ دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈنمۇ، خەنزۇ تىلىدىكى«مىنگۇڭ» دېگەن ئاتالغۇنى«مەدىكار» دەپ تەرجىمە قىلىشتىن قېچىپ، «خەلق ئىشچىسى» دەپ قوللاندۇق. شۇ«خەلق ئىشچى»لىرىدىن يامان يولغا كىرىپ قالغانلىرىغا نەپرەتلەنگەن چاغدا،ئۇلارنى ئانا تىلىمىزدىكى«تىجمەل» ياكى«ساياق» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاش ئورنىغا«ئاققۇن» دەپ سۆز ياسىدۇق. ئېھتىمال بۇيەردە ئايرىم ئاتالغۇ، سۆز-ئىبارىلەرگە«ئىستېمالدىن قالغان كونا سۆز» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن «سىياسىي» تۈس بېرىپ، «يېگىلىق» ياراتقان بولۇشىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق ئايرىم شارائىتلاردىمۇ تىل خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولساق كاشكى. بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىدە ئۆز تىلىمىزدىن شۇنداق باپ كېلىدىغان تەگداشلىرى بار تۇرۇقلۇق،ئۇلارنىڭ ئورنىغا يات تىلنى ياكى ياسالما سۆزنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئېھتىمال تەرجىماننىڭ نەزىرىدە «يېگىلىق يارىتىش» ،«مول بىلىم»لىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بولسىمۇ، مەن ئويلايمەنكى، ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدە گويا ئالتۇن بىلەن مىسنى پەرق قىلالماي ئالتۇننى تاشلىۋېتىپ،ئورنىغا مىسنى سەپلەپ قويغاندەك بىر ئىش بولۇپ قارىلىشى تەبىئىي. تىلدىكى بۇنداق غەيرىي تەبىئىي ھادىسە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا،شۇ تىلنىڭ ئىگىسى بولغان خەلققە بىرمۇنچە چۈشىنىش قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرمەي قويمايدۇ. تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ۋە تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى سەۋەبلىك ئۆز ئانا تىلىدا مەۋجۇد بولمىغان بەزى ئاتالغۇلارنى ،يات تىللاردىن قوبۇل قىلىپ ئىلىش نورمال ھادىسە. بۇنداق ئاتالغۇلار ئاسانلا ئۆزلىشىپ كېتەلەيدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئانا تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇيەردە ئالاھىدە مىساللار بىلەن دەلىللەشنىڭ ئۆزى ئارتۇقچە گەپ بوپقالار. لېكىن ئانا تىلدا ئانا تومۇرى،يىلتىزى ھەتتا شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغان مېۋىلىرى بار بولغان سۆز-ئاتالغۇلاردىن پايدىلانماي،ئۆزىمىزنىڭ تولۇق ۋە توغرا بىلمەسلىكىمىزدىن، دەل جايىغا ئىشلىتىش ماھارىتىمىزنىڭ كەملىكىدىن قەتئىينەزەر، خۇددى شاخلىرىدىن مەي باغلاپ پىشىپ تۆكۈلگەن ئەنجۈرنى كۆرمەي،شاختا ئەنجۈر يوق ئىكەن دەپ،ئۇنىڭ ئورنىغا يىگىلەپ كەتكەن ياكى ئاداپ كەتكەن مېۋىنى سەپلىگەندەك ئىش قىلساق، بۇنداق سەپلىمىچىلىك،بۇنداق قۇراق چاپان ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىمىزدا خەلقىمىزگە يارىمايدىغان بوپقالدى.

راست، ھازىر بىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

خەلقئارالىشىش تەرىپىگە قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن تەڭ تىلىمىزدىمۇ يېڭى-يېڭى ئىپادە شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش، تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزدا ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئانا تىلىمىزدىن توغرا ھەم تولۇق پايدىلىنىشمۇ ئەنە شۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ بىرى. تىرىشىش ئۈچۈن يولنى توغرا تاللىشىمىز لازىم. كېسەللىكنىڭ ئانا تىلىمىزدا «قوتۇر» دەپ ھەممىگە چۈشىنىشلىك نامى تۇرسا، «كالا تەمرەتكىسى» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتىمىز؛ مېھمىنىمىزغا «ئۇسسۇزلۇق چاي، مەرھەمەت قىلىڭ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «چاي ئىچىملىكى...» دەپ «ئىچىملىك»نى يەنى ھاراقنى ئەسلىتىدىغان بولدۇق؛ ئۆز چۈشەنچىمىزدە «ئەجدىھا»نى دېمەكچىمىز، لېكىن بۇ سۆزنى تەرجىمە كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ «تەرجىمە قىلىپلا» «ئەجدىھا شاھى» يەنى «ئەجدىھالارنىڭ پادىشاھى»غا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈۋاتىمىز؛ ئۆز مېڭىمىزدىكى چۈشەنچىمىز بويىچە «ئىبادەتخانىدا شام (ياكى شاڭ ۋەياكى نوكچە) ئۆچمەيدۇ» دېمەكچىمىز. چۈنكى ئىبادەتخانىدىكى شۇ ئەھۋالنىڭ خەلقىمىز تىلىدا شۇنداق ياكى شۇنداقراق ئېيتىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ سۆز تەرجىمە ۋاستىسىدىن ئۆتكەندە «ئىبادەتخانىدا كۆجە ئوتى ئۆچمەيدۇ»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ بۇ تەرجىمە تىلىدىن، بۇتخانا ياكى ئىبادەتخانىدا تەييار پىشۇرۇلغان كۆجە ئاشنى قورساققا يېمەي، دائىم شۇنىڭ بىلەن ئوت قالايدىغان ئوخشايدۇ، دەيدىغان غەلىتە مەنا چىقماسمۇ؟ مېنىڭچە، تەرجىمە قائىدىسىدە بۇنداق يولنى تاللاشتا ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك.

قەلەم ئىگىلىرى، تەرجىمانلار ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق دېمەكچى، لېكىن قەلىمى بىلەن يازغانلىرىدىن ئۇنداق مەنا چىقىپ قالىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى ئېلاندا «ۋاخاخا...» دەپ تۇۋلىسا، ئۇيغۇرچىسىدىمۇ «ۋاخاخا...» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلايمىز، يەنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان سۆز دەپ چۈشىنىمىز. ئېھتىمال شۇ ئېلاننى ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرغانلار «تەرجىمە ھەققى» ئالغاندۇ. ئەپسۇسكى، قاقاقلاپ كۈلۈشنى خەنزۇ تىلىدا «ۋاخاخا...» دېسە، ئۇيغۇر تىلىدا «ۋاھاھا...» دېمەمدۇق؟


ھازىرقى كۈندە «...نىڭ فونكسىيىسى» دەيدىغان ئىبارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مىقدارى كۆپىيىپ قالدى. «فونكسىيە» ئەسلى لاتىنچە سۆز بولۇپ، دۇنيادا ئىنگلىز، رۇس، فرانسۇز، گېرمان... تىللىرىغا ئەينەن سىڭىپ، ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ سۆزنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدا «ۋەزىپە، ئەمەل، مەنسەپ، ھەرىكەت، قىلمىش، مەشغۇلات»، ھەتتا «پائالىيەت، خىزمەت، ئىش» ۋە ھەتتا «مەمۇرىي خىزمەت» دېگەندەك مۇقابىل ئاتالغۇلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «ئەمەل، مەنسەپ، ۋەزىپە...» دېگەندەك تەگداشلىرى بار. ئىككى توملۇق «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»كە، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 1-ۋە 5-تومىغا، «ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»كە ۋە «فونكسىيە» ئاتالغۇسىغا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە - ئىنگلىزچە لۇغەتلەرگە، «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»گە قاراڭ. ئانا تىلىمىزدىكى «ئەمەل-مەنسەپ، ۋەزىپە...» دېگەن سۆزلەر «فونكسىيە»نىڭ مەنىسىنى كەم-كۈتىسىز ھالدا تولۇق قىممىتى بىلەن تەڭ-باراۋەر ئىپادىلەپ تۇرغان يەردە خەنزۇ تىلىدىكى «جىنېڭ» دېگەن سۆزنى لاتىن تىلىدىكى «فونكسىيە»گە تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنى «فونكسىيە»نى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنە تەرجىمان ئىزدەيدىغان ئاۋارىگەرچىلىككە قالدۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى باردۇ؟ خەلقىمىز يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بىۋاسىتە چۈشىنىدىغان، قىسمەن يات بولسىمۇ، ئاللىقاچان ئانا تىلغا ئايلىنىپ كەتكەن «پەمىل چاي» دېگەن سۆزىمىز باشقا بىر تىلنىڭ ۋاستىچىلىقىدىن ئۆتۈپ يەنە ئالدىمىزغا «قىزىل چاي» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەلگەندە، ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقى، نۇرغۇن چۈشىنىشمەسلىك ئاۋارىگەرچىلىكىنى تارقاتقاندىن كېيىن يەنە «پەمىل چاي»غا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇمغۇ! «ئەرزان باھا»دا سېتىلىدىغان تاۋارلارنى «ئېتىبار باھا»دا سېتىلىدۇ، دەپ ئېلان چىقىرىلىۋاتىدۇ. ئومۇمەن «قوغۇن» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ چىققان يېرى مەخسۇس سۈرۈشتۈرۈلمىگەن شارائىتتىمۇ «قومۇل قوغۇنى» دېيىلىۋاتىدۇ، شۇ قوغۇن ھەتتا تارىمدىن ياكى كروراندىن چىققان بولسىمۇ شۇنداق. «قىمىز»نى بەزىدە «سۈت ھارىقى» دەيدىغان بولدۇق. ئۇسساپ-چاڭقاپ قالغاندا ئىچىدىغان تۈرلۈك «سۇ»لىرىمىزنىڭ «ئۇسسۇزلۇق» دەيدىغان بىر چىرايلىق ئېتى تۇرسا، ئۇنى كېرەكسىز قىلىپ تاشلاپ، شىركەيىپ ئۈچۈن ئىچىدىغان «شاراب»نىڭ «ئىچىملىك» دېگەن ئىسمىنى دەسسىتىپ، تىلىمىزنىڭ ئىنچىكىلەپ پەرقلەيدىغان نازۇك خۇسۇسىيىتىنى ئاجىزلاشتۇردۇق. بۇنداق ھادىسىلەرنى تىلىمىزدىكى بۇلغىنىش دېگۈلۈكمۇ - قانداق، لېكىن شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق ھادىسىلەر «تەرجىمە»لىرىمىز زامىن بولماقتا. بۇنداق ھادىسىلەر شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئىپادىلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىمىز پەقەت بىر. يەنى ئانا تىلىمىزنى چىن مەنىسى بىلەن توغرا ۋە ئېنىق چۈشىنىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە توغرا قوللىنىش مەسىلىسى. بەزى تەرجىمىلەردە گەپ باشقا، مەنا باشقا. تەرجىمە دېمەك بىلمىگەنگە بىلدۈرۈش دېمەكتۇر. تەرجىمە قىلىشنى قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرەلمەسلىكنىڭ ئۆزى «قىلغۇلۇق ئەمما دېمىگۈلۈك» دېگەندەك بىر چارە ئەمەسمىدۇ؟ تەرجىماننىڭ تەرجىمە ئۇسۇلىدىن ئىپادىلەنگەن بۇ ھادىسە نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشەككە ئارتىپ قويغان ئوتۇنىغا ئوت كېتىپ قالغاندا، ئەقلىڭ بولسا ئۈستەڭگە چاپ، دەپ قاراپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، ئوقۇرمەننى يەنە بىر مۇنچە چۈشىنىش ئاۋارىگەرچىلىكىگە قالدۇرغىنىنى كۆرسىتىپ تۇرسا كېرەك. بۇ گەپ ئويدۇرما ئەمەس، ئەمەلىي ئەھۋال. ئىشەنمىسىڭىز تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەن، ھەۋەسكارلىرىنىڭ «تەرجىمە»دىن كۆڭلى ئاغرىپ-قېيداپ قالغانلىقىغا قاراڭ.

2002-يىل 30-مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى (M2)

**ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس توختى باقى ئارتىشى ئاكىنىڭ 80 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز**

**— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاغدىن - باغدىن

ئادىل ئابدۇقادىر،داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

## كىم كىمگە يول بېرىش مەسىلىسىدىن تۇغۇلغان خىياللار

«جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 17-نويابىردىكى سانىدا مۇنداق بىر ۋەقە خەۋەر قىلىندى: 30-ئۆكتەبىردە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋۇجۇڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ مىڭجۇڭنىڭ باشلامچىلىقىدا ناھىيە،بۆلۈم دەرىجىلىك بولۇپ 30نەچچە ئادەم توققۇز پىكاپ بىلەن تار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ۋېلسىپىت مىنگەن 13ياشلىق بىر قىزچاقمۇ دەل شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، توققۇز ماشىنىلىق بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن قىستاپ كەلگەچكە، قىزچاق ئۇلارغا يول بىكارلايمەن دەپ، ۋېلسىپىتى بىلەنلا دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قىزچاق سۇ يۈزىگە بىرقانچە قېتىم لەيلەپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن 30نەچچە كادىر ئىچىدىن چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان دەرياغا چۈشۈپ قىزچاقنى قۇتقۇزۇۋالىدىغانلار چىقماپتۇ. نەتىجىدە بىچارە قىزچاق 30ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ماشىنىلار بولسا ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ(بۇ پاجىئەنىڭ تەپسىلاتى «تەكشۈرۈشنامە» سەرلەۋھىسىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 2-سانىدا بېرىلگەن. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى).

«ۋۇجۇڭ ۋەقەسى»دىن كېيىن،ئېنىقكى بەزىلەردە بۇ 30نەچچە ئادەمنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستلار يوقمىكەن؟ ئۇلارمۇ دۆلەت كادىرىمۇ؟ بۇنداق كىشىلەر قانداقمۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك» قىلالىسۇن؟... دېگەندەك سوئاللار تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر بەلكىم سۈكۈتنى ئۇلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ مەسخىرە دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە يا ئاق - يا كۆك بىرنەرسە دېمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

پېقىر بىتەرەپلەردىن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتا زادى كىمنىڭ كىمگە يول بېرىشى ھەققىدە بىر-ئىككى قوۋۇز گەپ قىلماقچىمەن.

ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، قېرى-چۆرە، نارەسىدىلەرگە ياردەم بېرىش ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن .بۇ ۋەقەدىكى كادىرلار ياشانغانلار ياكى نارەسىدىلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ياشىنىپ قالغان بولسا، ئاللىبۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىشقان بولاتتى، نارەسىدە بولغان بولسا ئۇلارقانداقمۇ ھوقۇقدار بولالىسۇن؟ ھېلىقى قىزچاق بولسا نارەسىدىگە كىرىدۇ. دېمەك مۇشۇنداق زور پەرق تۇرۇقلۇق تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا،نارەسىدىلەرنى يول بىكارلاشقا قىستاش كۆكەملىك ئەمەسمۇ؟

ئاجىزلارنى ئاياش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھايات پرىنسىپى. «ۋۇجۇڭ ۋەقەسى»دىكى بىر تەرەپ ماشىنىلىق،يەنە كېلىپ ساغلام-تېمەن ئەرلەر، يەنە بىر تەرەپ بولسا ۋېلسىپىتلىق يالغۇز قىزچاق. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق،قىزچاق ھېلىقى ماشىنىلىقلارغا يول بىكارلاپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئەجىبا، ۋۇجۇڭ شەھىرىدە ئىنسانچىلىق دېگەن نەرسە يوقمىدۇ؟

جۇڭگولۇقلار ئېيتىپ كېلىۋاتقان«ئۈچ ئەھكام،تۆت ئەركان»دىن باشلاپ«خانىم-قىزلارغا يول بېرىش» كىچىك بولغان جەريان جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.«ۋۇجۇڭ ۋەقەسى»دىكى بىر تەرەپ بەگ - غوجاملار، يەنە بىر تەرەپ بولسا بىر نارەسىدە قىز. بۇ بەگ-غوجاملارنىڭ قىزچاقنى يول بىكارلاشقا قىستىشى، ئۇلارنىڭ تارىخنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆچەكەشكىنى ئەمەسمۇ؟

دۆلەت كادىرلىرىمىز ئىچىدە ئۆزىنى«خەلقنىڭ چاكىرى» دېمەيدىغىنى يوق. مۇشۇنداق«خەلق چاكار»لىرى

كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن يول تالىشىپ، ئۇلارنى قىستاپ ،ئۆلۈم ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى ھەرگىزمۇ «ئۇقمىغانلىقتىن ئەمەس،ئەكسىچە جاھان بەك ئۆزگىرىپ كەتتى!» ...

ئەدەب-ئەخلاق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىدىكى قالايمىقانچىلىق،كىمنىڭ كىمگە يول بېرىشىدەك مۇشۇنداق بىر كىچىك ئىشتىمۇ ھەق-ناھەقنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىنچىكىلىك بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى:«ۋۇجۇڭ ۋەقەسى»دىكى بەگ-غوجاملار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان ئەدەب-ئەخلاقنى، سوتسىيالىزمنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېلىھەم فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاق ھەم جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ چىرىندىلىرى ساقلىنىپ قالغان(ياكى تەرەققىي قىلغان) .فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تەختىراۋانلىرى كېلەر-كەلمەي ھەمىشە يايىلار ئالدىن«تىنچ» ،«يول بىكارلاڭلار» دېگەن پەرمان تاختىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇلارغا يول ئېچىشاتتى ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ بۇنداق قىلغىنى: ئەمەلدارلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئاۋام پۇقرا بىردەك يول بىكارلىشى كېرەك،دېگىنى ئىدى. گەرچە ۋۇجۇڭ شەھىرىدىكى ھېلىقى 30نەچچە ئەمەلدارنىڭ تەختىراۋانلىرى زامانىۋىلىشىپ پىكاپقا ئايلانغان بولسىمۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى تېخىچە دېموكراتىيىلەشمەپتۇ.ئۇلارنىڭ پىكاپلىرىنىڭ ئالدىدا بىرەرسى «تىنچ» ،«چەتكە تۇرۇڭلار» دېگەندەك پەرمان تاختىلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى ئېنىق ئورنىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

بىر نارەسىدە قىز ئەمەلدارلارغا يول بىكارلايمەن،دەپ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى.بۇ بىر پاجىئە. ئەمما مەن ئويلايمەن، تېخىمۇ پاجىئەلىك بولغىنى شۇكى، 13ياشلىق بىر مەسۇم قىز نېمە ئۈچۈن ئەمەلدارلارنىڭ پىكاپلىرىنى كۆرۈپلا تىترەك بېسىپ، جىددىيلەشكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ ماشىنىلىقلارغا يول بېرىمەن دېمەي، مەردانىلىق بىلەن ماشىنىلىقلارنى يول بىكارلاتقۇزسا بولاتتىغۇ؟ كىملەر بۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇنداق زىمپانە - توخۇ يۈرەك قىلىپ تەربىيىلەپ قويىدى؟ ئۇلار ياش ئەۋلادلارنى بۇنداق تەربىيىلەپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟

ئەپسۇس، ئەمدىلا ياشلىققا قەدەم قويغان بىر قىزچاق ئۆلۈپ كەتتى،ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپ شۇنچە ئاچچىق قىسمەتكە دۇچار بولۇشى كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ.ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى بەلكىم بۇلارلا بولمىسا كېرەك.

ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ دېيىشىچە، «ۋۇجۇڭ ۋەقەسى»دە ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىدىكى زاتلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا،ھازىرقى پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي چارە-نىزاملىرىدا ۋاڭ مىڭجۇڭ قاتارلىق رەھبەرىي كادىرلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا مۇۋاپىق چارە-تەدبىر يوقمىش...

پاھ؟!

ئۆتمۈشتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي كادىرلىرىمىزنى قىر-چاپ قىلغاندا، پۇقرالار ئائىلىسى بويىچە جېنىنى تىكىپ ئۇلارنى قوغدىغانىدى. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلار پۇقرالار ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايتتى.ئويلاپ قالدىم، مۇبادا بۈگۈنكى كۈنلەردە ۋاڭ مىڭجۇڭ قاتارلىق بۇ 30نەچچە كادىرنى بىرەرسى ئۆلتۈرمەكچى بولسا ياكى ئۇلارمۇ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ قالغىلىۋاتسا، پۇقرالار ئۇلارنى قۇتقۇزارمۇ؟ مېنىڭچە، پۇقرالار قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرسا ھەيران بولمىغۇلۇق. ئەجەبا، ئۇ بەگ-غوجاملار پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇشسا بولىدىكەنۇ، پۇقرالار نېمىدەپ ئۇلارنى قۇتقۇزغىدەك؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

كىم كىمگە يول بېرىشى كېرەك؟ بۇ، قارىماققا تولىمۇ ئاددىي بىر مەسىلە، ئەمما ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان مەسىلىلەرنىڭ مەنىسى تولىمۇ تېرەن.ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىلەر مەملىكەت بويىچە بۇ ھەقتە قوزغالغان بىرقانچە مۇلاھىزە بىلەنلا ئاخىرلاشماسلىقى مۇمكىن.

---

مۇن خۇەنىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ تەقرىز ئەسلى «جۇڭگو مەدەنىيەت گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 6-دېكابىر سانىنىڭ «ئەدىبلەر گۈلزارى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا«ئىسلاھات» غەلۋىسى ناھايىتى ئاز بولارمىش. بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قانۇن-تۈزۈمى ھەم ئىجتىمائىي سىستېمىلىرى ناھايىتى مۇكەممەل ئىكەن،مۇبادا«ئىسلاھات»ئېلىپ بېرىلسا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى%70 پۇقرانىڭ مەنپەئەتى دەخلىگە ئۇچرارمىش. جۇڭگودا ئىش بۇنىڭ تەتۈرىسىچە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا%90-80تىن كۆپرەك پۇقرانىڭ مەنپەئەتى ھەم ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بارماسلىقى، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى ھەم دۆلەت ھوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بولسا، جۇڭگودا توختاۋسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئەسلىدىن ھەمىشە زىيانغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان پۇقرا ھەم دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى بۇنىڭدىن كېيىن قانۇنلۇق كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر.بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، توختاۋسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلسا قانۇنىي تەرتىپنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، جەمئىيەتتە يېڭىلىق، ھاياتىي كۈچ بولمايدۇ. بازار

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكى پرىنسىپلىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى،خەلقئارا ئومۇمىي مۇھىتنىڭ تەسىرى بولمىغاندا ئىدى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى كونا سەنمىگە دەسسەپ كېتىۋەرگەن بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە،«ئىسلاھات»نىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، ئۇ بولسىمۇ:پۇقرا ھەم دۆلەتنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. دۇنيادىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەھەر شىياڭگاڭنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ يەردە بىرلا «باش مەمۇر» دىن باشقا، بىرمۇ مۇئاۋىن ۋەزىپە تەسىس قىلىنمىغان، ئامېرىكا فېدېراتسىيىسىدە بولسا بىر رەئىس جۇمھۇر، بىر مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرلا بار، شۇڭا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا كېتىدىغان چىقىم ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلگەن. ئەمما جۇڭگودا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەرقارارلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىلا رەئىس جۇمھۇر،مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇر دەرىجىلىك رەھبەرلا(ئۇلار رەئىس جۇمھۇر،مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇر،خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىنلىرى، باش مىنىستىر،مۇئاۋىن باش مىنىستىرلار،دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەم باش سېكرېتار، سېكرېتارىيات نىڭ سېكرېتارلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)100دىن ئاشىدۇ.

بەزىلەر:ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەتلەر قانداق چاغدا ئىسلاھات ئېلىپ بارار؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. مۇبادا ئامېرىكىدىكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك پۇقرانىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى توقۇنۇشۇپ قالسا، ئېنىقكى ئامېرىكىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بەلكىم جۇڭگودىكى «ئىسلاھات»قاچان ئاخىرلىشار؟دەپ سورىشىمۇ مۇمكىن. بىرىنچىدىن،%70دىن كۆپرەك جۇڭگو پۇقراسى سايلامغا قاتنىشالىسا ھەم ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلىسە؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگودىكى «خەلق قۇرۇلتىيى» ،«سىياسىي كېڭەش» يىغىنچاقلىنىپ(جۇڭگودا پارتىيە،ھۆكۈمەتتىن ئىككىنچى سەپكە قايتقان مۇھىم رەھبىرىي كادىرلار قايتا باش مىنىستىر،سېكرېتار،ئۆلكە باشلىقى، شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلىنالمىغاچقا، ئۇلار«خەلق قۇرۇلتىيى» ، «سىياسىي كېڭەش»تە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ) ، «خەلق قۇرۇلتىيى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،«سىياسىي كېڭەش» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دېگەنلەرمۇ رەئىس جۇمھۇر ھەم مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرلۇق ۋەزىپىلىرىگە ئوخشاش ئىخچام تەسىس قىلىنسا؛ ئۈچىنچىدىن، جۇڭگودىكى دۆلەت ھەم ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا كېتىدىغان چىقىم ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلۈپ،تۆت ئاتالمىش مەپە(پارتىيە،ھۆكۈمەت،خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنى كۆرسىتىدۇ)نىڭ چىقىمى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى ھەم ھۆكۈمەت چىقىمىغا باراۋەر بولسا؛ تۆتىنچىدىن، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ «يېزا نوپۇسى» ھەم«غەيرىي يېزا نوپۇسى» دېگەندەك يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى يوقىلىپ،«شەھەرلىكلەر» بىلەن «يېزىلىقلار»باراۋەر تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسا؛ بەشىنچىدىن، جۇڭگو پۇقرالىرىمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ پۇقرالىرىغا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىش-كىرىش، ئولتۇراقلىشىشتا ئەركىن بولالىسا ئاندىن ئىسلاھات ئاخىرلىشىدۇ... بۇلار شەرقنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىگە ئوخشاپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقىلى 20يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ،يەنىلا ئىسلاھات ئاخىرلاشمىدى. پەقەت «ئونمىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمى» بېسىلدى، خالاس.

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە،1999-يىلى دۆلەتنىڭ باج يىغىندىسى بىر تىرىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈپتۇدەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە بىر مىليوندىن كۆپرەك باجگىر ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپتۇ. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بېجى بولسا، ھەر يىلى 1تىرىليون 700مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، ئەمما دۆلەتلىك باج ئىدارىسىدا ئاران 100مىڭ باجگىرلا بارئىكەن. نوپۇسى 200مىليونغىمۇ يەتمەيدىغان ياپونىيىدە ئاران 50مىڭلا باجگىربار ئىكەن، ئەمما باج يىغىش سوممىسى جۇڭگونىڭ دۆلەتلىك باج ئومۇمىي سوممىسىنىڭ سەككىز ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىكەن. جۇڭگودىكى ھۆكۈمەت چىقىمىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولۇشى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى بەلگىلىگەن.

جۇڭگو دۇنيادىكى نىسبەتەن نامرات دۆلەتلەرنىڭ بىرسى، ئەمما جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ بېلەت باھاسى دۇنيا بويىچە ئەڭ قىممەت. مۇبادا سەرمايە سوممىسى بويىچە ھېسابلايدىغان بولساق، بېلەت باھاسىنىڭ قىممەتلىكىدە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىشى مۇمكىن. يولۇچىلار بېلەت سېتىۋالسا،بىرلىك ئۈچۈش مۇساپىسىنىڭ مۇلازىمىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ سەۋىيە جەھەتتىن ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن 32ھەسسە قىممەت بولىدۇ. جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسى خەلقئارا كەسپداشلىرىغا ئوخشاش باھا چۈشۈرەلمىگەچكە،يىلىغا ئۈچ مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك يولۇچىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. جۇڭگودىكى «سىياسىي بايلىق» ھەم«ئىقتىسادىي بايلىق» مونوپوللۇقى،بىر جەھەتتىن جۇڭگودىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تېلېگراف،ۋودوپورۋوت قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مونوپوللۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن خەلق ئاۋىئاتسىيىسى،پوچتا،تۆمۈر يول قاتارلىق كارخانىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيان تارتىشىغا سەۋەب بوپكەلمەكتە. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيا ئىقتىسادى قىممەت پرىنسىپىغا خىلاپ ھادىسىلەر ئىسلاھ قىلىنمىسا دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سۆكۈت قىلغانلىق بولمامدۇ؟

---

كۆلۈڭ شىگلى ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنى «خۇاشياۋاقىت گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 11-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل فېۋرال سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان(M1)



# «موللا كۆپ يەردە قوي هارام»

ـ ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

(تەقرىز)

**نۇلتىزادە**

(ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك تەقرىزچىسى)

ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېسابلايدىغانلار ئۈچۈن يۇقىرىقى تەمسىلنىڭ مەنىسى ناھايىتى چۈشىنىشلىك. ئەمما مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

بىرىنچىدىن، بۇ بىۋاسىتە ئادەمنىڭ تەبىئىيتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇ ئىش ئېنىقكى، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىۋاتقان بولسا، مەسئۇلىيەت ئايرىم ـ ئايرىم ئەمەس، بەلكى ئورتاق سۈرۈشتۈرۈلسە، چوقۇمكى ئۇلارنىڭ شۇ ئىشتىكى قىزغىنلىق ـ تىرىشچانلىقى بىيىندىكى ھەمراھىنىڭ بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىھۇدە ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، شەخس كوللېكتىپ ئىچىدە تۇرغاندا، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بەك زەئىپ بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تەمسىلنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئادەم شۇنچە كۆپ تۇرۇپ يەنىلا قوي ئۆلتۈرۈدىغان ئادەم چىقمايدۇ، بۇ، كۆپ ئادەم بىر ئىشقا تۇتۇنغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي ئىشلەيدىغىنى ئاز، يول كۆرسىتىپ دانىشمەنلىك قىلىدىغانلىرى كۆپ دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغىنى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ «موللا» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى. مەن بۇنى نوقۇل دىنىي نۇقتىدىنلا چۈشىنىش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايمەن. خەلقىمىز تارىختا ئوقۇغان ـ بىلىملىك، ساۋاتلىق كىشىلەرنى «موللا» دەپ ئاتىغان. دېمەك «موللا» دېگەن ئىبارە «ئىلىم ئەھلى» دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا بىر توپ ئىلىم ئەھلى بار يەردە قوي سويالايدىغان بىرەرى چىقماي (بۇ نوقۇل قوي سويۇش مەسىلىسىلا ئەمەس) قوينىڭ ھارام بوپقېلىشى يەنە نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرى دەل مۇشۇ يەردە. بۇ، تولا ئوقۇغان، ئىلىم بىلەن تولا ھەپىلەشكەن ئادەم پەقەت قۇرۇق گەپ سېتىشنى، بىرەر ئىش چىقسا بىلەرمەنلىك، دانىشمەنلىك قىلىشنىلا بىلىدۇ، ئەمەلىي ئىشلارغا كەلگەندە پېيى سىرقىرايدۇ (خۇددى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدەك) دېگەننى بىلدۈرىدۇ (بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قوي سويالايدىغانلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ، بۇنىڭ خاس قاسساپلارغىلا مەركەزلىشىپ قېلىشى، بىزدىن بىر ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ).

ئۈچىنچىدىن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىر ئىش بېشىدا قاراپ تۇرۇشى، شۇ كوللېكتىپنىڭ تولىمۇ ساپاسىز ـ ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىلى، ئالدىنقى شەرتى ئەمەسلىكىنى، يەنىلا سۈپەتنىڭ ماھىيەت، ساننىڭ ماغزاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە «موللا كۆپ يەردە قوي ھارام» دېگەننىڭ مەزمۇنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاجايىپ ماس كېلىدۇ. قاراڭ، 30 نەچچە قاۋۇل ئەركەك (يەنە تېخى رەھبەرلەر ـ ئەل باشچىلىرى! ـ مۇھەررىردىن) بار تۇرۇپ 13 ياشلىق بىر نارەسىدە قىز سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. يەنى باشقىچە ئېيتساق، 30 موللا قاراپ تۇرۇقلۇق بىر قوي «ھارام» بولدى. جۇڭگودا ئەمەلدار شۇنچە جىق، بۇلار جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن، ئەمما پاكىز ئەمەلدارنى تاپماق شۇنچە تەس. ھازىر تېخىمۇ يامان بولۇۋاتقىنى شۇكى، پارىخور ئەمەلدارلارنى قانچە جازالىغانسېرى شۇنچە كۆپىيىدىغان بىر تەتۈر رېئاللىق مەيدانغا كەلدى. بىر ئەمەلدارنىڭ پاكلىقى ئەتراپىدىكى باشقا ئەمەلدارلارغا پەقەت ياقمايدۇ، پاك ئەمەلدار ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئۇنى يۇلۇپ تاشلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، نەتىجىدە ھېلىقى پاك ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول قالىدۇ، بىرى، ھوقۇقتىن ئايرىلىش، يەنە بىرى، پارىخورلار توپىغا قوشۇلۇش.

بەلكىم جۇڭگودا ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ بولمىقى نوپۇسنىڭ كۆپلىكى، زېمىننىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى 1998 ـ يىلى ئاپرېلدا نەشر قىلغان «7 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب ـ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1998 ـ يىلىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتىدىكى ئۈچۈر ـ جۇڭگو تارىخىدىكى ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى: خەن دەۋرىدە 7945 پۇقراغا بىر ئەمەلدار، تاڭ دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر ئەمەلدار، چىڭ دەۋرىدە

www.uyghurkitap.com

911 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن بولسا، ھازىر 30 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغراكەلگەن بۇ ستاتىستىكا (مۇھەررىردىن) بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىز ئۈچۈن بىر مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ جۇڭگودا باشلىقنىڭ كۆپلىكى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ، جۇڭگودا تېخى ھەل بولمىغان، ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ تولىمۇ كۆپلىكىنى، كادىرلار تۈزۈلمىسىنىڭ تېخى مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاڭلىسام، بىزنىڭ يۇرتتا بىر يېزىدا (نوپۇسى ئېشىپ كەتسە 20 ـ 30 مىڭ چىقار) 20 دىن ئارتۇق يېزا باشلىقى دەرىجىلىك ئەمەلدار بارمىش، ئۇلارنىڭ بىرى پىلە قۇرتىغا، بىرى ئورمانچىلىققا، بىرى سۇغا، بىرى ئاشلىققا، بىرى پاختىغا، بىرى مائارىپقا... دېگەندەك ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ بىر كارىدوردىكى ئىشخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ھاكىملار ئىشخانىسىكەن. ئۇلارمۇ ناھىيىنىڭ ھەرساھە ئىشلىرىغا مەسئۇلدۇ، ئەمما شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ بۇ ناھىيە، يېزىلىرىمىز دۆلەتنىڭ نامرات ناھىيىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىئانە، قۇتقۇزۇش پۇللىرىغا ئىنتايىن موھتاج. بۇ، مەن ئەقلىمگە كەلسەممۇ شۇنداق ئىكەن، ھازىرغىچە شۇنداق. بىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئەمەلدارلىرىمىز ـ قاياشىمىز تۇرۇقلۇق يەنىلا نۇرغۇن «قوي»لىرىمىز ھارام بوپكېتىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا كىردى، ، دۇنيانى جۇڭگوغا ئوخشىتىش ئەمەس، بەلكى جۇڭگونى دۇنياغا ئوخشىتىش كېرەك، دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھە-تارماقلىرىغا، كىشىلەرنىڭ كۆنۈككەن ئاڭ-قاراشلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، شۈبھىسىزكى ناھايىتى زور بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلدارلىق نوپۇزى، ئىمتىياز قارىشى، ئەۋزەللىك ئېڭى مۇقەررەركى ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ئەمدى ئۇچرايدىغىنى جۇڭگوپۇقرالىرىدەك قانۇن ئېڭى كەمچىل ـ موللىبوزەك، يۇۋاش پۇقرالار ئەمەس .

مېنىڭچە، ئەمەلدارنىڭ كۆپلىكى بىر دۆلەت سىياسى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدۇ. سۈپەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئالىي ئۆلچەمدۇر. بىز جۇڭگو پۇتبولچىلىقىغا قاراپ باقساقلا سۈپەت مەسىلىسىنىڭ قانچىلىك يادرولۇق ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مانا بۇ يىل يېرىم ئەسىرلىك ئارزۇ ئەمەلگە ئېشىپ جۇڭگو ئەرلەر پۇتبول كوماندىسى دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ئەمما 1 مىليارد 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر دۆلەتنىڭ بۇ كاتتا مۇسابىقىگە ئەمدى ئاران قاتنىشالىشى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ 1 مىليارد 300 مىليون ئادەمدىن خەلقئارا پۇتبول مەيدانىغا چۈشەلەيدىغان ئادەمدىن 11 ى چىقمىدى دېگەن سۆز. ئەسلىدە قائىدە بويىچە بولغاندا بىز چېمپىيونلۇق ھەققىدە گەپ ئېچىشىمىز كېرەك، ئەمما بىز شۇ مۇسابىقىگە ئەمدى قاتنىشالىغىنىمىزدىن ھاياجانلىنىپ يۈرىمىز. دۇنيا لوڭقىسى ئاساسەن برازىلىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئارگېنتىنا، گېرمانىيە... قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇسنى ھەممىنى قوشقاندىمۇ جۇڭگو نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇلاردا پۇتبول كەسپلەشكىلى 100 يىلدىن ئاشتى، بىزدە ئەمدى سەككىز-توققۇز يىل بولدى، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك، دېيىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى بىز مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرگە ھەممىدىن ئۇستا. ئۇنداقتا، بىز نەزىرىمىزنى ياۋروپادىن يۆتكەپ ئاسىياغا قاراپ باقايلى. ئىران، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، كورىيە، ياپونىيىلەر دۇنيا پۇتبول لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى. ئۇلاردىمۇ پۇتبول تەرەققىي قىلغىلى ئۇنچىلىك ئۇزۇن بولمىدى. ئەمما ئۇلار سەۋىيە جەھەتتە ئىزچىل جۇڭگودىن ئۈستۈن. مەسىلەن، 20 نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو كورىيىنى بىر قېتىممۇ يا دوستلۇق مۇسابىقىلىرىدە، يا رەسمىي مۇسابىقىلەردە يېڭىپ باقمىدى. بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلىشىنى كورىيە، ياپونىيىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشمايلا بىۋاسىتە مۇسابىقىگە قاتنىششىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلار ئاسىيا رايونىدىكى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ جۇڭگو بىلەن بىر گۇرۇپپىغا كەپقالغان بولسا، ئاقىۋەتنى ھېچنېمە دەپ بولمايتتى. ھازىر جۇڭگونىڭ ياۋروپادىكى كۇلۇبلاردا توپ تېپىۋاتقان پۇتبولچىلىرى ئۈچ-تۆتكە يېتىدۇ، ئەمما ھەممىسىلا A دەرىجىلىك كۇلۇبلاردا ئەمەس، B دەرىجىلىك كۇلۇبتا. ياپونىيىنىڭ بىرنەچچە پۇتبولچىسى بولسا A دەرىجىلىك كوماندىلاردا توپ تېپىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلتۇر ئىتالىيىنىڭ رىم كوماندىسىنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولۇشىغا زور ھەسسە قوشقان ناكاتا ئەڭ مەشھۇر. ئىتالىيە گېزىتلىرى شۇ چاغدا ئۇنىڭغا «ئىتالىيە A دەرىجىلىك كوماندىلار بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ تارىخىنى قايتا يازدى» دەپ نام بەرگەن.

دېمەك، جۇڭگو پۇتبولچىلىقىنىڭ شۇنچە ئاجىز بولۇشى ھەقىقەتەن نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش. بۇ، بىر دۆلەت خەلقىنىڭ تەن ساپاسىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇيەردىكى مۇلاھىزە پۇتبول ئۈستىدە ئەمەس، ئەمما بۇ رېئاللىق بىزنى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش ئىمكانىيىتى، بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بۇنى پۇتبول باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى يوچۇقلاردىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

«پۇتبول گېزىتى»گە بېسىلغان «ياپونىيە پۇتبولچىلىقىدىن ئۆرنەك» دېگەن ئۇزۇن ماقالىدە يازغۇچى ياپونىيە ـ جۇڭگو پۇتبولچىلىقىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تەن ساپاسىدا ئەمەس، بەلكى پۇتبول باشقۇرۇش تۈزۈلمە، پىلانلىرىدا، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

دېمەك، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئەمەلدارلارقاتلىمى جۇڭگودا ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان، يەنە كېلىپ باشتا ئىسلاھ قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر ساھە. جۇڭگودا نۇرغۇن ۋاقىت، ئېنېرگىيە مۇشۇ ساھەدىكى توسالغۇلار تۈپەيلىدىن ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. قاراڭ، 30 نەپەر كوممۇنىستنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نارەسىدە قىز ئۆلۈپ كەتتى، جۇڭگو مۇشۇنداق ناباب كوممۇنىست ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا قالسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئىسلاھاتچىلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ.

بۇنداق ئەھۋال قاچان ئۆزگىرەر؟

جۇڭگودا باشلىق باشلىقنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالالايدۇ، باشلىق پۇقرانىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالالايدۇ. تاكى پۇقرامۇ ھەددىدىن ئاشقان باشلىقنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى قانۇننى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئالالىغاندا بەلكىم ئۆزگىرەر؟ (M1)



# يولۋاس ئىزدەش

(ھېكايە)

**ئادىل يىلدىرىم**

- بۇ زېمىندا باشقا تۈرلۈك-تۈمەن جاندارلارنىڭ قاتارىدا ھەقىقەتەن يولۋاسمۇ بولغانىكەن. ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىچە، يۇرتىمىزدا جاھانكەزدى ئېلاخۇن دەيدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ زامانلاردامەن بالا ئىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ چىراي - تۇرقى چۈشۈمدە كۆرگەندەك يادىمدا قاپتۇ. ئېگىز ئادەم بولىدىغان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقاللىق ئادەم ئىدى. شۇ كىشىگە يولۋاس ئۇچرىغانىكەن. ئەينى زاماندا يۇرتىمىزدا داستان بوپكەتكەن ئۇ ئىش مۇنداق: ھە... جاھانكەزدى ئېلاخۇن كېتىۋاتسا، جاڭگاللىقتا يوغان بىر يولۋاس ئىنجىقلاپ،ھاسىراپ ياتارمىش.قارىسا، يولۋاسنىڭ ئالدى بىر پۇتىنىڭ ئالقىنىدىن قان چىقىۋاتقانىكەن. يولۋاسنىڭ ھالى بەك بوش بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتىكەن. دەسلەپتە قورققان بولسىمۇ، جاھانكەزدى ئېلاخۇن زەن سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، يولۋاسنىڭ ئالقىنىدا بىر غېرىچتىن ئۇشۇقراق كەلگۈدەك تىكەن سانجىلىق تۇرغىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى-بۇنى قىلىپ يۈرۈپ، جاھانكەزدى ئېلاخۇن ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن يولۋاسنىڭ پۇتىدىكى تىكەننى ئېلىۋېتىپ،ئەملەپ قويۇپتۇ ۋە يولىغا راۋان بوپتۇ. يولۋاسمۇ جىم يېتىپ بېرىپتۇ. جاھانكەزدى ئېلاخۇن: «ئاللانىڭ جانىۋرى،ساڭا ئاللادىن شىپالىق تىلەيمەن، بىر كۈن بولسىمۇ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىن» دەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويغاندىمۇ،ئۇ جىم يېتىپتۇ... ئالاھەزەل بىرەر ئايلاردىن كېيىن شۇ جاڭگاللىقتىن يەنە بىر نۆۋەت ئۆتكەن جاھانكەزدى ئېلاخۇنغا ھېلىقى يولۋاس ئۇچراپتۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھېلىقى يولۋاس «يامان يولۋاس يولدا ياتىپ شىرغا يول بەرمەس» دېگەندەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقۇدەكمىش. جاھانكەزدى ئېلاخۇن ئۇنى دەررۇ تونۇپتۇ،ئەمما لېكىن قورقۇنچ بېسىپ بەدەر قېچىپتۇ. يولۋاس ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگىنچە ئۇنى تېگىگە بېسىپتۇ! خۇدىنى يوقىتىپ قويغان جاھانكەزدى ئېلاخۇن:« يىرتقۇچقا ياخشىلىق

**ئەدەبىيات گۈللىرى**

ياراشمايدىكەن، ئەمدى يولۋاسقا يەم بولىدىغان بولدۇم!» دەپ ياش تۆكۈپتۇ ۋە «لائىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دەپ شىۋىرلاپ ئىمان ئېيتىپتۇ. لېكىن ئۆيلىمىغان يەردىن يولۋاس ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ، ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپتۇ. ھاھ... ھاھ... ھەئە،شۇنداق،«دوست بولايلى» دەۋاتقاندەك... قىزىقارلىقمىكەن،بالام!...ھە...شۈكرى ئاللا.. . بىراق بالام، بۇ راست ئىشمۇ ياكى كىشىلەر توقۇۋالغان چۆچەكمۇ ،بۇنىسى ماڭىمۇ ئېنىق ئەمەس. يادىمدا قېلىشىچە، ئەينى زاماندا بۇ ئىشنى يۇرتىمىزدىكى ئۇلۇغ-ئۇششاقنىڭ ھەممىسى:«راست» دېيىشەتتى...شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنىزە... يۇرتىمىز پاتپاراق بوپكەتتى. ھەممىلا ئادەم ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتاتتى. ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم. «نېمە بولغاندۇ؟! » دەپ ئاخىرى قورقىنىمدىن يىغلاپ تاشلىغىنىم شۇنداق ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ،خۇددى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك! ئەتىسى ئاتامدىن بىلسەم، ئەسلىدە جاھانكەزدى ئېلاخۇن ئەشۇ يوغان يولۋاسقا مىنگىنىچە مەھەللىمىزگە كىرىپ كەلگەنىكەن ئەمەسمۇ!؟ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتام رەھمەتلىك كۆپ سۆزلەپ بەرگەن... جاھانكەزدى ئېلاخۇن ئۇ يولۋاسقا «ھەمراجان» دەپ ئات قويۇۋاپتۇ...بالام، مەن بۇرۇن چوڭلاردىن«تارىم يولۋىسى» دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بەلكىم سىز دەۋاتقان «شىنجاڭ يولۋىسى »شۇ بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى كۈندە جاھانمۇ ئۆزگەردى، ئۇلار ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. بەك ئەپسۇس، بالام، بېشىم 90دىن ئېشىپ قاپتۇ، مۇشۇ كەمگىچىلىك يولۋاس دېگەن ئېتى بار مەخلۇقنى كۆرمىدىم. ئەممازە... قۇمدا بىرخىل هايۋاننىڭ ئاياغ ئىزىنى تولا ئۇچراتتىم. بەزى شەھەر كۆرگەنلەر:«شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ دەل يولۋاسنىڭ ئىزى!» دېيىشتى.مەن نېمە بىلىمەن بالام؟ ...ئاڭلاشلارغا كۆرە،يولۋاسنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ياۋا توڭگۇزمىش،ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ يەيمىش. كىم بىلىدۇ دەيسىز، بالام. ھەممىسنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ، ھەق، ھەق!... نى-نى مەن مەن دېگەن ئوۋچىلار،ئوتتۇنچىلار يەنە ئالىكىملەرنىڭ بىرەرسىمۇ:«يولۋاس كۆردۈم» دەپ باقمىدى، يا بىرەرسىمۇ:«يولۋاس ئىزدەيمەن» دەپ باقمىدى. ئەمدى قوپۇپ سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن بۇنداق گەپنى.

يۈرەكلىك بالىكەنسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقىپسىز، ئاللا سىزگە يار بولغاي!... توۋا... ھېلىقى شىركەت ئەجەب قىزىق گەپ قىپتۇدېسە«يولۋاسنى ئىزدەپ تاپقانلارغا100تۈمەن پۇل بېرىمىز!»دەپ!؟ راست بېرەرمۇ ئۇلار؟ ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل سەرپ قىلىپ ئىزدەپ يولۋاسنى نېمە قىلىدىغاندۇ ئۇلار، دورا ياسامدىغاندۇ يا؟...

- ئۇ شىركەت شۇنداق دېگەنىكەن، چوقۇم بېرىدۇ، بۇ راست! - دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ. ئۇ بىردەم خىيال قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- بوۋا، بۇنى ئەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇش ۋە كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە ئېلان قىلغانىدى. مېنىڭچە، بۇ ئىش پەقەت ساياھەتچىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. مەتبۇئاتلاردا دېيىلىشىچە، «تارىم يولۋىسى» پۈتۈنلەي يوقالماي ئازساندا ساقلىنىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىنكەن. بۇنى مۇتەخەسسىسلەرمۇ قوللاپ-قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ دەيدىلا، ھازىر ماڭا ئوخشاش يولۋاس ئىزدىگۈچىلەر يالغۇز بىرلا مەن ئەمەستۇرمەن؟! بىراق، مېنىڭدىن باشقىلارنىڭ شەرت-شارائىتى تولۇق. مەن پەقەت بىردانە سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى،بىر پارچە خەرىتە، بىر سۇدان، ئادەتتىكى بىردانە دۇربۇن ۋە ئاتامدىن تەۋەررۇك قالغان مۇنۇ كونا پىچاق بىلەنلا يولغا چىقتىم، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم! ئاللا نېسىپ قىلىپ ناۋادا يولۋاسنى ئىزدەپ تاپالىسام، مەنمۇ پۇللۇق بوپقالاتتىم-دە!...

- بالام، سىز ئۆيلەنگەنمۇ؟ - سورىدى بوۋاي.

- ياق...

- نېمىشقا بۇنداق جاپالىق سەپەرنى تاللىدىڭىز بالام؟

- بوۋاي يەنە سوئال سورىدى. بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇسى باردەك قىلاتتى.

- بوۋا... مەن بىر بىتەلەي يىگىتمەن. ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تىپىك شەھەر بالىسىمەن. «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن»دەيدىكەن چوڭلار. مەن نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپتىكەنمەن.«ئازماس ئاللا» دېمىمىزغۇ! ھازىر مەن نامراتلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم، «پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى» ، بوۋا. دېسەم گەپ تولا،دېمىسەم دەرد. مۇشۇ بەش-ئالتە يىلدىن بېرى جىم يۈرمىدىم، قىلمىغان ئامال-چارەم،ئەمگەك-خىزمىتىم،ئوقەت-تىجارىتىم... قالمىدى. قولۇپلاپ قويۇلغاندەك ھېچبىر ئىشىم ئىلگىرى باسمىدى. ئامەت-تەلەي دېگەنلەر مەندىن قاچتى. ئوغۇلبالىغا مۇنچە قېتىم ئامەت كېلىدۇ،دەيدىكەن... بىراق مەن ئۇنى بىلمىدىم. شەھەردە پۇلپەزلىك ئەۋج ئالغان.بىر ئېغىز سۆز بىلەن بىر قەدەممۇ پۇل! يېيىش بىلەن ئىچىش، سىيىش بىلەن چىچىش... ھەممىسى پۇل! ھەي ي ... چامىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ تىرماشتىم.پۇل پۇلنى تاپىدۇ، دېگەنمۇ ئۆتە دۇرۇس سۆزكەن. پۇلنىڭ ھەممىسى بايلارغا ئاقىدىكەن،خۇددى«سۇ سايغا ئاقىدۇ» دېگىنىمىزدەك... ئاللا...ئاللا ئىگەممۇ زېمىندا سەيىر قىلىشىمىزنى،ئاللانىڭ پەزلىدىن تىلىشىمىزنى بىزگە ئۆگەتكەنىدىغۇ؟ قاچانلا قارىسا، بىر-بىرىمىزنى دوراپلا ئىلگىرى باسالمايدىكەنمىز. بىرىمىز ئاشخانا ئاچساق يەنە بىرىمىزمۇ ئاشخانا ئېچىۋالىدىكەنمىز.«توختىغىنە! ئۇ ئاشخانا ئاچقان بولغاندىكىن،مەن ھاجەتخانا ئاچايچۇ!» دېمەيدىكەنمىز. «ئۇيغۇر» دېگەن «ئۇيۇشماق» دېگەن گەپكەن دەپ قويسا، يوقۇا ئولاشقان چىۋىندەك بىر جايغا تىقىلىپ، غۇژمەكلا

بولۇۋالىدىكەنمىز. مۇنداق بىر يۇلتۇزلارغا ئوخشاش تەكشى چېچىلىپ، كەڭرى زېمىنلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىمايدىكەنمىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، توقسەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر كۈنى قايسىدۇر بىر ئەجنەبىي«تارىم يولۋىسى»نى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باقماپتۇ.ھەيرانمەن،نەدىكى بىر ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ئەجنەبىينىڭ كۆرگىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقلىقى بولۇپ ھېسابلىنىپ قالىدىكەنيۇ...ئۈن-تىنىسىز،شەپىسىز ياشاۋاتقان يەرلىكلەر بولسا ئەستىن كۆتۈرۈلگەن؟! توۋا... ئاياغ ئىزى بايقالغانىكەن،دېمەك يولۋاسنىڭ بارلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق!مەن ئۈمىد ئىسمىلىك قورال بىلەن تولۇق قوراللاندىم. يا يولۋاسنى تاپىمەن، يا بولمىسا ۋەتەننىڭ چۆللىكىدە ئۆلۈمەن! بۇ بەلكىم خام خىيالدۇ... بىراق سېسىق شەھەردە نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلىشۋەرگەندىن ئانا ۋەتەننىڭ چۆل-باغلىرىدا،تاغ-دەريالىرىدا... قىسقىسى، تەبىئەت قوينىدا ھەرىكەتلىنىپ ئاللانىڭ پەزلىدىن تىلەيمەن. ھاياتىمدا بىر يۈرۈلۈش كۆرۈلسە ئەجەب ئەمەس- ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ يېشىنى توختىتالماي قالدى. بۇ ياش بىچارىم بىر يىگىتنىڭ كۆزىدىن چىقىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇ يىگىتنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر دەرد باردەك قىلاتتى. 90ياشتىن ئاشقان بوۋاي ئۇنىڭغا دۇئا بەردى.دۇئا ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. كۆزلەردىن توختىماي ياش چىقاتتى، خۇددى ئانا زېمىننىڭ قورۇلغان، قۇرغاقلاشقان باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك.

ئۇ، يولنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئورۇق، ئېگىز بەستى ئۇپۇق بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن تۇپراقنىڭ نېرىسىغا قاراپ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي: «بالام، سىز بۇ يەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرىنى بىلمەيسىز،ئەتە راۋۇرۇس ئىككى يىگىت سىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئىزدىشىپ بەرگەي»دېگەن بولسىمۇ، ئۇنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن يالغۇز كېتىۋاتقان بۇ گەۋدە يىراقتىن قارىغاندا، ۋىل-ۋىل بىلەن قوشۇلۇپ بەئەينى ئېزىتقۇدەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

كىچىك-كىچىك زەيكەشلىكلەر، سازلىقلار،شالاڭ-شالاڭ قۇمۇشلۇقلار.ئۇلارنىڭ نېرىسىدا سۆكسۆك،يانتاقلار ۋە شەھىدلەرنىڭ قېنىدىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارىلىدىغان يۇلغۇنلار... ئۇلارنىڭمۇ نېرىسىدا، ياق، بەلكى پۈتۈن ئۆپچۆرىسىدە دەھشەتلىك قۇم دېڭىزى.يەرشارىنىڭ ئەنە شۇنداق بىر پارچە قىسمىدا بىرەيلەن ئاستا قەدەملەر بىلەن يۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈز تېرىسى قارىداپ، قۇرغاقلىشىپ خۇددى تېرە تاشلاۋاتقاندەك،قاسراق تاشلاۋاتقاندەك قىلاتتى. كالپۇكلىرى پاسىردەك قۇرۇپ، يېرىلىپ كەتكەنىدى.ئۆزى ئورۇقلاپ، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۈز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان،كۆزلىرى گەدىنىدە قايناپ، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ،ئاشقلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇچىسىدىكى كىرلەشكەن چاقماق كۆڭلىكىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.كىيىۋالغان پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن پۇتبول ئايىغى ۋە مۈرىسىگە ئېسىۋالغان چاققانغىنە سومكىسى، بېيىنىغا ئېسىۋالغان سۇدان بىلەن بوينىغا ئېسىپ مەيدىسىگە ساڭگىلىتىۋالغان فوتو ئاپپاراتى ۋە دۇربۇنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جاھاندا ھەممىلا ئادەم ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلەيدىكەن. ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىش دائىرىسىدىلا سۆزلەيدىكەن. بىز دەۋاتقان ئاتالمىش ئۇيغۇر شەھەر مەدەنىيىتى قۇرۇپ كەتسۇن. پۈتۈنلەي بىكىنىۋېلىپ ياشاش، بىر-بىرىنى چىقىش، دوراش،قېنىنى ئىچىش... ئۇلار بىرىنىڭ

ئىزىنى بىرى بېسىپ ،قانداقتۇر «يۈزلىنىش» ،«تەرەققىيات» ، «ئېھتىياج» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مودا سۆز-ئىبارىلەرنى، شوئار-سۈرەنلەرنى دەستەك قىلىۋېلىپ،ئاخىرى ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.ئەمەلىيەتتە بىز سەھرالىقلارنى«بىكىنمۇۋالغۇچىلار» دېيدۇق، لېكىن ئۇ«ئېسىل»شەھەرلىكلەر بىلەن«پەس» سەھرالىقلارنىڭ بۈگۈنكى ياشاش ماھىيىتى ھېچبىر پەرقلەنمەيدۇ. ئەنە شۇ ئۈزلىرىنى ئۈزلىرى ئالداپ ئۆتتۈۋاتقان شەھەرلىكلەر مۇنداقراق بىر نامرات،يېتىمنى كۆرسە:«كاۋاپ سات!» ،«كۆكتات سات!» ،«قۇشخانىغا بار!» ... دېيىشىدۇ ناھايىتى چوڭچىلىق بىلەن،خۇددى شۇلاردىن بۆلەك چىقىش يولى قالمىغاندەك.بوپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل! جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق؛ يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس... دەپتىكەن دېسەڭ، ياندا دەسمىي قىلغۇدەك بىر-ئىككى تەڭگە بولمىغان. دوست-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقان،قۇلۇم-قوشنا دېگەنلەر:«يوق!» دېگەن بىر سۆزنى تۇتى قۇشتەك تەكرارلاپ، چىچىپ قويغان پوقتەك تۇرۇشقان. مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي خىسلەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.«قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە؟! غەرىبلىكلەرنىڭ «بىر تىيىنسىز» تىجارەت باشلاپ، ئاخىرى دۇنياۋى كاتتا باي – ھازىرقى زامانىۋى«قارۇن» بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبە -ساۋاق، ھېكايىلەرگە بىزدەك سارالڭ خەق ئىشەنمىسە، باشقا كىممۇ ئىشىنىدۇ! دۇنيادا نەدىمۇ ئۇلى يوق،مۇئەللەق تام بولسۇن؟ ! جاھاندا نەدىمۇ باشقىلارنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر بىر ياردىمى ياكى سەۋەبى بولماي تۇرۇپ يالغۇز ئادەم كۆكلىيەلىگەن؟ «دۇئا بىلەن ئەر كۆكلەر» دېگەنمۇ مۇشۇنىڭغا ياتىدۇ. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقىنىنى،چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقىنىنى كىم كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەشۇ دۇنياۋى «قارۇن» لار ئەسلىدە بولاكچى، تاجاۋۇزچى،ئەزگۈچى چوشقىلارنىڭ بىر تەركىبى ئىدى. ئۇلارنىڭ«بىر تىيىنسىز» پېتى ئىش باشلاپ،«قارۇن» بولالىشىدا ناھايىتىمۇ كۆچلۈك ئارقا تىرەك ۋە بەكمۇ ئەۋزەل شارائىت پىشىپ يېتىلگەنىدى. يەنە كېلىپ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى ئەڭگۈشتەر قىلغان نەدە بار؟! بىرىمىز كاۋاپ ساتساق، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئون،يۈز،مىڭ،تۈمەنىمىز كاۋاپ سېتىپ «كاۋاپ كارىدورى»نى بەرپا قىلىۋالىمىز.بىرسىمۇ ھېچكىم قىلىپ كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلىپ كۆرۈشنى بىلمەيدۇ. پۇل ئۈچۈن ھالال-ھارام دېمەيدۇ، ۋاستە تاللىمايدۇ، ئىمان،غۇرۇر... دېگەنلەردىن دەرھال يۈز ئۆرۈيدۇ.

ئۇ ھەدېسە بۇ جاھاندىن زارلاپ قوياتتى.ئۆزىنى تاشلىۋېتىلگەن ئەسكەرگە ئوخشىتاتتى. جەمئىيەتنى «شۇڭقارلار بولۇپ قاغا، قاغىلار شۇڭقار بولدى» دەپ قارايتتى. ئۇ، بەش-ئالتە يىلدىن بېرى ئۆز يېشىدىنمۇ ئۇزۇنراق جاھان ھېكمەتلىرى بىلەن تونۇشقانىدى. ئادەم ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۆتسە ياخشى بولامدىكىن-تاڭەي، ئاز-ماز بىر نەرسىنى چۈشىنىپ قالدىمۇ،بولدى، ئۇنىڭ جېنى ئىككىلىنىشكە باشلايدىكەن. بەھۇدىينىڭ پوقىنى يېسۇن بۇ ئۇيغۇر دېگەنلەر...

ئۇ تۇيۇقسىز ئىككى يولۋاسنى كۆرۈپ قالدى! ئىككى يولۋاس يوغان بىر قاۋاننى يەۋاتاتتى. ئۇلار قاۋاننىڭ گۆشىنى راسا مەززە قىلىپ يەۋاتقان بولسا كېرەك،ھېچقايەرگە قاراپ قويمايتتى.نېرىسىدا بوز يەر ئاچىمىز دەپ ئاستى-ئۈستىگە ئۆرتەلگەن تۇپراق ساغۇچ ۋە قارامتۇل رەڭدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى،ئۇنىڭ نېرىسىدا بەش-ئون مېتىر كەڭلىكتە، ئىككى-ئۈچ مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا قېزىلىپ، كېيىن سۇ يوق تاشلاپ قويۇلغان ئۇزۇن كەتكەن بىر قانال كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئاۋۇ تەرىپتە ئۆگزە بويى ئۆسۈپ كەتكەن قومۇشلۇق، بۇ تەرىپتە كۆلچەك ،زىمىكەشلەر كۆرۈنەتتى. زىمىكەشلەرنىڭ بوشلۇقىدا كۆمۈتىمۇ ياكى چۈننىمۇ،پاشىمۇ ياكى بىر تۈرلۈك ھاشاراتمۇ،ئەيتاۋۇر سان-ساناقسىز جانلىقلار تۇزۇپ تۇرغان كۆلگە ئوخشاش لەيلەپ يۈرەتتى. مانا مۇشۇ مەنزىرىنىڭ تېخىمۇ نېرىسىدا،ياق! بەلكى پۈتۈن ئۆپچۆرىسىدە قورقۇنچلۇق قۇم تۇراتتى.بارخانلار بەكمۇ سۈرلۈك ئىدى.يەنە ياتاق، سۆكسۆك، چاكاندا،يۇلغۇن... چايان ۋە يىلان،قۇرت-قوڭغۇز، چۈمۈلە... دەھشەت بىر غېرىبلىق.ئاسمان ھەم كۆك، ھەم سۈزۈك. بىراق زېمىن توپا-تۇزان ئىچىدە قالغاندەك غۇۋا ئىدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئوت ۋە ماينىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل سېسىق پۇراق پۇرىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، ئۇسسۇزلۇقىمۇ قىينىغلى تۇردى. لېكىن ئۇنىڭدا بىر ئىشق بار ئىدى.«يولۋاس »ۋە«تەبىئەت» ،«بىر مىليون سوم »ۋە«چېنىقىش» – مانا بۇنىڭدىكى ئىشق ئىدى. ئۇنىڭدا بىر دەرد بار ئىدى.«ھىجران»ۋە«ھەسرەت» ، «نامراتلىق» ،«پۇشايمان»– مانا بۇ ئۇنىڭدىكى دەرد ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ دەرد غېرىبلىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىشقنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.پەرۋەردىگارىم! رىزقىنى چاچتىڭ،«سەۋەب قىل!» دېدىڭ. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن،پەقەت سەن ماڭا بىلدۈرگەننىلا مەن ئاندىن بىلەلەيمەن،سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىن تاشقىرى ھېچقانداق بىر شەيئىي يوق. ماڭائىگە بول.ئۆزۈڭگە تەۋەككۈل قىلدىم. بارلىق دەرد-ئەلەم، دۇئا-تىلەكلىرىمنى ساڭىلا بايان قىلىمەن. چۈنكى سەندىن ئۆزگە ئىككىنچى بىر ئىگەم يوق.توغرا يولنى كۆرسەتكىن... ئۇ قايسىدۇر بىر ئاق كۆڭۈل ئىنسان ھەدىيە قىلغان كونا فوتوئاپپاراتنى چىقاردى. «ھازىر ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالاي ۋە بىر مىليون سومغا يارايدىغان مەشھۇر سۈرەتكە«ئىككى يولۋاسنىڭ قاۋان گۆشى بىلەن ناشتا قىلىشى» دەپ نام بېرەي، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاپپارات بۇزۇلۇپ قالدىمىكىن، بىر يېرى بىر قانداق تۇراتتى.ئۇ ھەپىلەشتى، بولمىدى. يەنە ھەپىلەشتى،پەقەتلا قامالاشمىدى. ئۇ ھېرىپ، تەرلەپ كەتتى.بولمىدى... بىر چاغدا ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندەك كۈچلۈك بىر سادا بىلەن تەڭ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ۋە تەكلىماكاننىڭ ئالتۇندەك سېرىق ھەم پارقىراق، يۇمشاق توپا-قۇملىرى ئۇچۇپ،تۇزۇشقا باشلىدى. قاتتىق بوران چىقتى. ھاۋا ئەسلىدە بەك ئىسسىق تۇراتتى. ئەمدى بولسا بەك سوغۇق بوپكەتتى... ئۇ، دوم يېتىۋالدى. ئۇ ئىچىدە:«بۇ يولۋاسنىڭ ئاۋازى،ئۇ ھۆركىرەۋاتىدۇ... ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر يولۋاس» دەپ ئويلىدى. قايەردىندۇر بىر تەرەپتىن ماتور ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، بوينىنى سوزۇپ قارىدى. بېشىغا قالپاق كىيىپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ئۈچچۈم ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار يەرگە ئۇزۇن نەرسىلەرنى قاداپ قويىدى. ئۇلار يىراق-يىراقلارغا قولشىلتىشىپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ھەممە قاۋۇلراق بىرسى قولىنى يىراقلارغا سوزۇپ، چەمبەر شەكلىدە بىر ئايلاندۇرۇپ چىقتى-دە، خۇددى جەڭگاھتىكى قوماندانغا ئوخشاش بىرلا يىغىشتۇرۇش ھەرىكىتىنى كۆرسەتتى.

– ھوي ئادەملەر! نېمە قىلىۋاتىسلەر! – دەپ سورىدى ئۇ. ئۇ شۇنداق سوراپ بولۇپلا «ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشتىڭ!

www.uyghurkitap.com

نېمە چاتاقلىق،جېنىڭنى باقماي!» دېمەس-ھە؟ ـ دەپ ئويلاپ قالدى.

ـ يولۋاس ئىزدەۋاتىمىز! ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار سوغۇققلا قىلىپ،

ـ ئەمىسە، نېمە... يەرگە قوزۇق قېقىپ يۈرۈيسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ يەنە. شۇ چاغدا ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى جىۋەكرەك ۋە ھاڭۋاقتىراق كەلگەن بىر پاخ-پاخ باش بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ دۈملا چۈشتى.قالغانلىرى ئۇنى ئىتتىك يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئاندىن يەردىكى ھېلىقى نەرسىگە زەن سېلىپ قارىۋېتىكەندىن كېيىن سەكرەپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.«ئالتۇن!» ...

ـ ئەمدى يولۋاسنى ئىزدىمەمسىلەر؟ـ سورىدى ئۇ.

ـ يولۋاسنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكىلى ئاز كەم بىر ئەسىر بولدى.مۇنۇ ئالتۇن يېڭىدىن بايقالدى. بىز نەققە تۇرىمىز، نىسى ساڭا قالدى.

ـ يولۋاسنى سەن ئىزدە، قىمارنى سەن ئوينا! بىز ئالتۇن قازىمىز. بۇ تەۋەلىككە كىرىپ قالغان ئادەم تۈگۈل، ھەتتا يوقالغىنىغا 100يىل بولغان يولۋاس بوپقالغان تەقدىردىمۇ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ! ـ دېيىشتى ئۇلار.

بۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىرئەنسىزچىلىك ئورىۋالدى.ئۇ، ئۆزىنى ئەمەس،بەلكى ئاۋۇ يەردە قاۋان گۆشىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان ئىككى يولۋاسنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

ـ يولۋاس!يولۋاس!... قېچىڭلار! 100يىل ئەمەس، سىك يىلغىچە كۆزلەرگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلار... ئىنسان وغۇللىرىنىڭ تەپەككۇرى،كۆزى،قولى،پۇتى،كۈچى،ئەقلى، ھىيلىسى يېتىپ بارالمايدىغان ئىچكى ھايات ماكانلىرىغا كىرىپ كېتىڭلار! ئەشۇ يەرگە توپلىنىڭلار ۋە ئاخىرى ھەممىڭلار بىر بولۇپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگاھىغا شىكايەت ھەم ئەرز قىلىڭلار...«يا پەرۋەردىگار! بىزنى قۇتقۇز! ئىنسانلارنى يوقات!» دەڭلار!... ـ بىردىنلا ئىككى يولۋاس ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. يولۋاسنىڭ يېنىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ قورقۇپ تىترەپ كەتتى. يولۋاسلارنىڭ چىرايلىرى قىزارغان، كالپۇكلىرى پولۇ يېگەندەك مايلىشاڭغۇ ئىدى. تېخى بىرسى چىش كولىغۇچ بىلەن چىشنى كولاۋاتاتتى.

ـ بىز ئۇنداق دېيەلمەيمىز! ئىنسان ئوغۇللىرى بىزنى، پۈتكۈل ھايۋاناتنى يوقىتىش بەدىلىگە ئۆزلىرى ھەققەتەن ياخشى كۈنگە ئېرىشەلەيدىغان بولسا، بىز تەييار ھەمدە مىڭ مەرتە رازىمىز.ئۇلار بىزنى تولۇق يوقاتسۇن! ـ دېدى كالپۇكى مايلاشقان يولۋاستىن بىرسى. ئۇنىڭ ئاۋازى تەمكىن ۋە سۇرلۇك ئىدى.

ـ نېمىشقا بىزگە ئارامچىلىق بەرمەيسىلەر! ـ دېدى چىشنى كولاۋاتقىنى.

ـ مەن...مەن... ئۆز سۆيگەن يارىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن نامراتلىق مېنى... ـ دېدى ئۇ قاتتىق ئازاب بىلەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

ـ بىرسىڭ نامرات دېسەڭ، بىرسىڭ ئېھتىياج دېيسەن. ئەمدى قوپۇپ سەن يارىمدىن ئايرىلىشىم... دەۋاتىسەن. ھەرقانداق ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايىغى جۈت! «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» دىكى ئۆز تېنىنى يولۋاسقا تەقدىم قىلغان ئاق كۆڭۈل شاھزادىنىڭ پوقىنى يېگىن! ـ دېدى ئاغزى بەكرەك مايلاشقان يولۋاس... ئۇ ئويغاندى،ئەسلىدە ئۇ چۈش كۆرگەندى...

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـ دېدى بىرەيلەن.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ـ دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ، ـ ياﺋاللا،مىڭ شۈكرى... بەش كۈن بوپقالدىكىن دېمەن ئادەم زاتىنى كۆرمىگىلى.

سالام قىلغان ئادەم يەرلىك بولۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ۋە قاش-كىرپىكلىرى توپاتاھارەت كۆرۈنەتتى.

ـ سىز...ئۇكام، ئادەم بالىسىمۇ سىز؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ ئادەم.

ـ مەن ئاللا ياراتقان ئادەمنىڭ نەسلىدىنمەن. خۇددى سىزگە ئوخشاش ئىنسانمەن.يولۋاس ئىزدەپ يۈرۈشۈم... بىر شىركەت بىر مىليون سوم بېرىمىز،دېدى. نامراتلىق ۋە تېڭىرقاش، ياردىن جۇدا بولۇش ۋە ھەسرەت روھىمدىكى ئىسيان بىلەن قوشۇلۇپ، ماڭا ئوخشاش ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تىپىك شەھەرلىك بىر ئاددىي يېتىمەكنى،ئاللا رىسقىنى تار قىلغان بىچارە،تەۋەككۇلچى بايقۇشنى مۈشۈيەرلەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى.مەن بىر ئەسىر ۋاقتنى كەينىگە سۈرمەكچىمەن. يولۋاس ئىزدەيمەن! سىز ماڭا ئىككى ئىش قىلىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ بىرى، تامچە سۇ بىلەن بىربۇردا زاغرا بېرەلەمسىز؟!ئىككىنچىسى، يولۋاس ھەققىدە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىيەلەمسىز؟ـ دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

ھېلىقى ئادەم ھەيران قالدى:

ـ نېمە،نېمە؟ ـ ئۇ ئادەم چەكچەيدى، ـ ئۇ شىركەت راستىنلا«كىمەرسىكى يوقالغىنىغا 100يىل بولغان تارىم يولۋىسىنى بايقىسا، شۇنىڭغا غىڭ قىلماي مىليون پۇلنى بېرىمەن!» دېدىمۇ!؟!

ـ دېدى.

ـ ھەي-ھەي...ئويغۇر بالىسى! بۇنىڭدا بىرەر ئويۇن يوقتۇ-ھە!

ـ يوق.

ـ يوق!؟ ...ھىم... بۇ بىر قىمار، سىلەر شەھەرلىكلەرنىڭ لاتارىيە بېلىتى تارتقىنىغا ئوخشاشلا بىرخىل قىمار-ئويۇن! ئەمەلىيەتتە يولۋاس يوق تۇرسا؟!

ـ ئاياغ ئىزى بايقالغانىكەن،دېمەك...

ـ بۇ ئىنسانلار نېمانداق قىلىدىغاندۇ دەيمەن. ئاللادىن قورقمامدىغاندۇ!ئەزەلدىن مەۋجۇد جاندارلارنى يوقىتىدۇ، ئاندىن ئۇنى«تىرىلدۈرۈش»ئۈچۈن تاپقان-تەرگىنىنى دوغا تىكىدۇ... ئەپسۇسكى، ئۇ قايتا مەۋجۇد بولمايدۇ. يوقتىن بار قىلىش، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش، ئاندىن يەنە قايتا تىرىلدۈرۈش،بۇ ئاللاغا خاستۇر. ئاللا دېدىكى، ئىنسانلار دەرەخلەرنى كېسىدۇ، ياۋايى ھايۋاناتلارنى دەھشەتلىك تۈردە يوقىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارار جايى دوزاق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئالەمدىلا ئېتىتىلىدۇ. ئاللا يەنە شۇنداق دېدىكى، ئۇلار تەبىئەتنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە بۇلغايدۇ، بۇزىدۇ، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرىدۇ... ئۇلارغا: «ئۇنداق قىلماڭلار!» دېيىلسە، ئۆزلىرىنى پەردازلاپ:«بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز!»دېيىشىدۇ. ئۇلار شۇنى كېچىكىپ بايقايدۇكى، ئەسلىدە ئۇلار ئەنە ئەشۇلارسىز ياشيالمايتتى.ئۆز قىيامىتىنى ئۆزى تىلەش،دېگەن شۇ! ئاللادىن قورقمىغان ئىنسان نېمىنى قىلمايدۇ؟!

ـ خۇدا ساقلىسۇن! مەن ئۇنداقلارنىڭ سېپىدە يوق! ـ دېدى ئۇ غەمكىنلىك بىلەن . بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدىن ،كۆزلىرىدىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن بىر ئەمەلىيەت ـ ئۆز مەشۇقىدىن جۇدا بولغان ئاشىقنىڭ ھەسرىتى بىلەن ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئاسارەت،ئىپادىسى ئېنىق ئاشكارىلاندى. كىشىگە ئۇنىڭ رەڭگى بىلەن ئاۋۇ تەكلىماكان قۇمىنىڭ رەڭگى

ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

— ئەگەر يولۋاس تېپىلسا، ئۇ ھەرگىز ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى قوتقۇزۇلۇپ، نەسلى كۆپەيتىلىدۇ... شۇنداق قىلسا، تەقدىرى كاج كەلگەن «تارىم يولۋىسى» ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىشقۇ؟ مۇتەخەسسىسلەر، ساياھەتچىلەر، ھەرخىل ئىرقتىكى ئادەملەر ۋە ھەرخىل غەرەزدىكى ئادەملەر بۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ دېمىسىز، قانچىلىغان ئادەم باللىرى ھازىر يولۋاس ئىزدەۋاتىدىكىن...

— تۇفى! — يەرگە بىرنى تۈكۈردى ھېلىقى يەرلىك ئادەم، — بارلىق جاندارلارنىڭ ئۇرۇقىنى، ھاياتلىقىنى ئۆلچەملىك تەقسىملەپ بېرىشنى جانابىي ھەق ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاللا خالىغان ئىش بولىدۇ، خالىمىغان ئىش بولمايدۇ. كۆكتە قانات قېقىپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشنى تۇتۇپ ئەكېلىپ ئالتۇن قەپەسكە بەنت قىلغان، ئۇ قۇشنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا نالە قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلانغان مۇشۇ زالىم ئادەملەرزە... يولۋاسنى تاپسا ھايۋاناتلار تورمىسىگە ئاپىرىپ قەپەزگە قاماپ ۋە ھەقتىن قورقمايدىغان قۇرتەك جىق ئادەملەرنى تەشۋىقات، داۋراڭ بىلەن جەلپ قىلىپ پۇل تاپماي قالامدۇ؟ بىرمىليون پۇلنى دو تىككەن يەردە ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ ھۇ... ئەخمەق! بەك ئوبدان بولامدۇ، ئاندىن! ئۇلار، يولۋاسنى بىر جايغا ئەكىرىۋېلىپ، بىر توپ «تەتقىقاتچى» لىرىنى كۆشكۈرتۈپ تەجرىبە ماتېرىيالى قىلىۋالىدۇ، دېيەلمەسسەن! بىلىدىغانسەن، ھازىر دۇنيادا «كلون تېخنىكىسى» دېگەن بىر نەرسە بار، ئۇ، ناسارا دۇنياسىنىڭ بىر ئىشى ئىدى. لېكىن ئەمدىلىكتە دۇنياغا تارقاپ كەتتى. بۇ تېخنىكىغا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن بىرەر ئىنكاس بولمىدى. شۇڭا، مەنمۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. ھېچ بولمىغاندا «تارىم يولۋىسىنى كلونلايمىز» دېمەسمۇ؟... بۇنىڭ بىلەن يولۋاس بەخت تاپقان بولارمۇ!... ئۇلار يولۋاسنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەلىسە(ئۇلارغا بىرنەرسىنىڭ بارلىكىنى ئىشەندۇرۇمەن دېيىش ئۇچىغا چىققان سارالىقلىق!)، ئۇنداقتا ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقى كېرەك... تەبىئەتنى، تارىم ۋادىسىنى ئاسرىشى، قوغدىشى، مۇھىتنى ياخشىلاشقا پۇل خەجلىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرسە بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەممىسى چاتاق! ھەممىنى يېڭىباشتىن يوقىتىمەن دېگەنلىك ئۇ...

— نامراتلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم... قانداق قىلاي ئەمدى؟! — دېدى ئۇ يىغلىغۇدەك بولۇپ. ھېلىقى ئادەم: «بىز ھەممىمىز نامرات!» دەپ غودۇرىغىنىچە ئۇنىڭغا نان، سۇ بەردى. ئۇ تويدى. ئۇ ئادەم ئېشىپ قالغان نان بىلەن سۇنى ئۇنىڭغا بەردى.

— نەچچە يۈز سومغا ياكى بىرمىڭ نەچچە يۈز سومغا ئىشلەيمۇ؟ كاۋاپ ساتايمۇ؟ ...باشقىلارنىمە قىلسا شۇنىلا دوراپ قىلايمۇ؟! تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ روھىمنى ئارام تاپقۇزسام بولامدۇ! مەن چۆللەردە ئۆلسەم دېمەيمەن! ئەجەلىم توشمىغان بولسا، ئۇنداقتا چۆللەردە تىرىلسەم دېمەيمەن! بىلەمسىز... مەن چىن قەلبىمدىن سۆيگەن قىزمۇ ئەرگە تېگىۋالدى... ئەلنىڭ بارلىق خۇشاللىقى ۋە دەرد — ھەسرىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىۋاتقان بۇ ئانا چۆل مېنىمۇ ھەم دەردلىرىم بىلەن قوشۇپ، ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالسا بولمامدىكەن! يا ئۆلۈم! يا كۆرۈم!...

— سەن! — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۇنى «سەنلەپ» تۇرۇپ، — قايتىپ كەت! ئىنسان رىزقى بىلەن يارالغان، ساڭىمۇ بىر چىقىش يولى بولىدۇ، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىر مۈشكۈللۈكتىن كېيىن بىر ئاسانچىلىق باردۇر. بۇ جايدىن شەھەرىڭگە كەت! نومۇسنى باشقىچىرەك ئۇسۇلدا ئاقلا، نامراتلىقتىنمۇ باشقىچىرەك بىر ئۇسۇل بىلەن قۇتۇل. روھىڭ، ۋۇجۇدۇڭدىكى قەيسەرلىكنى ئۆلۈم بىلەن ۋايىغا يەتكۈزىمەن دېمىگىن. مىليون پۇلنىمۇ تەمە قىلمىغىن، سەن تېخى ياش ئىكەنسەن، باشقا بىر يولغا ماڭ!...

ئۇ، يىلان-چايان، قۇرت-قوڭغۇز، ھاشاراتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بەنىلا ئۇخلاپ قالدى. بۇيەرلەر بەك تىنچ ئىدى. شامالنىڭ ئاۋازى ئادەمگە ھەمراھ ئىدى. تۇرۇپلا بىر قاياقلاردىن مەلۇم ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلىپ قالاتتى. شەھەرلەردە شاۋقۇن ئىچىدە تېپىرلاۋاتقانلارغا ۋاي! ئۇلارنىڭ ئەقلى بولىدىغان بولسا شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرمەستىن، يولۋاس-ئارسلانلارغا ئوخشاش ۋەتەننىڭ چۆلىدە ھۆركىرەپ ياشىغان بولاتتى.

بوي-بەستى بەك يوغان بولمىسىمۇ، ئىنچىكە تاغلىرى بىلەن چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر يولۋاس ئۆردەكمۇ ياكى غازمۇ، ئىشقىلىپ بىرنېمىنى چىشلىگىنىچە ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنە كېتىپ قالدى. «ئەشۇ يولۋاس ئەسلىدە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن(تارىم يولۋىسى) ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ، فوتو ئاپپاراتنى يەنە ئىشلىتەلمىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە ھەپىلەشتى، قەتئىي قاملاشمىدى... «نومۇسنى ئاقلاش ۋە بىرمىليون سومنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك!» دەيتتى ئۇ. «بۇ كوي مېنى مۇشۇ يولغا سالدى. پەيمانىم توشۇپ قالغان چېغى! ئاللا ئۆز رەھمىتىنى ماڭا مۇشۇ سومبەت ئارقىلىق بېرىدىغانغا ئوخشايدۇ. ئىنشائاللا!،

— يولۋاس! يولۋىسىم! تارىم يولۋىسى! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— مانا مەن! نىمە دەيسەن؟— دېدى بىر يولۋاس. ئۇ ھەم قاتتىق چۆچۈدى، ھەم بەك خۇشال بولدى.

— مەرھابا، يولۋاس!... سەن ماڭا بىرتال تۈكۈڭنى بېرىپ: «بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇ تۈكۈمنى كۆيدۈرۈپ، ئىسمىمنى ئۈچ مەرتەم چاقىرساڭ، ھازىر بولىمەن!» دېگەندەك قىلمايتتىڭ، ئەجەب تېز كەلدىڭغا؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— تۈكۈمنى بېرىدىغانغا... سەن يا جاھانكەزدى ئېلاخۇن بولمىساڭ! — دېدى يولۋاس.

— ئەمىسە... ھە... سەن «ھەمراجان» مۇ؟!

— سەن مېنى ئىندۈكسىيىلىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ چاقىرىۋېدىڭ، شۇڭا نىمە گېپى باركىن، دەپ كەلدىم، — دېدى يولۋاس تەمكىنلىك بىلەن.

— سەن نەدە؟!

— تەبىئەت باغرىدا. ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ تەپەككۈرى، كۆزى، قولى، ئايغى، كۈچى، ئەقلى، ھىيلىسى... يېتىپ بارالمايدىغان جايدا، ۋەتەننىڭ مەلۇم بۇرجىكىدە...

— رۇخسەت قىل، بىر نەچچە پارچە سۈرىتىڭنى ئېلىۋالاي.

— سۈرىتىمنى قەلبىڭدىن ئىزدىمەمسەن... ئاپپاراتىڭ چاتاقكەن.

— مەن نومۇسىمنى ئاقلىماقچىمەن! ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم نامايىش قىلماقچىمەن! نامراتلىقتىن قۇتۇلماقچىمەن! بىرمىليون سومنى ئالاي، ياردەم قىل!

www.uyghurkitap.com

— ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدەك شۈكۈر-قانائەتچان، سەۋر-قانائەتلىك بول...

— پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.ئوبدان يولۋىسىم، ياردىمىڭنى ئايىما!

— سەن ماڭا ياردەم قىلغانمىدىڭ؟!...

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى،كۆز ئالدىدىن ئىلگىرى ئۇ سۆيگەن قىزنىڭ ئۇماق،چىرايلىق،نازۇك ھالىتى«يالت» قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بەك تاتلىق، بەدىنى ھارارەتلىك ئىدى، ئاۋازى ئادەمنى مەست قىلاتتى. كىشىگە كۈچ ۋە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايتتى... ئاھ، ئەمدىلىكتە بولسا... ئۇ ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ يىغلىدى، ئۇنىڭ يىغىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. ئۇ كۈنسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ،ئەمما يولۋاس ئىشقى ئۇنى پەقەت ئارام ئالغۇزمايۋاتاتتى. ھەممىلا ئىش شۇنداق ئوڭاي بولىدىغان بولسا، ئىنسانىيەت«باي» ھەم «نامرات» دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە ئايرىلغان بولارمىدى؟! دەيتتى ئۇ. بايىنىڭ باي، نامراتنىڭ نامرات بولۇشى — جاھاننىڭ قىزىقى، يارىشىقى ئىدى. بۇنىڭدا ئالەمشۇمۇل بىر ھېكمەت مەخپىي ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەزەلدىن تولۇق ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن ئۇلۇغ بىر ھېكمەتنى چۈشىنەلىگەن ئادەملەر بەك ئاز ئىدى.سەلتەنەتنىڭ ئالتۇن تاجى ھېلى ئۇنىڭ، ھېلى بۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈۋاتاتتى. ھەربىر تارىخىي دەۋردە زور كۆپچىلىك ئىنسانلار ئەشۇ«تاج» نىڭ سۈرىدىن، ھەيۋىسىدىن، باستۇرۇشىدىن، چەكلىشىدىن...تويىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇخىل تېپىشماقسىمان سىرۇ-ھېكمەتنى ساقاللىق ۋە ساقلى يوق نۇرغۇن ئىنسان بالىلىرى تولۇق ھەم توغرا شەرھلەپ بېرەلمىدى...ئەمدى بولسا، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن «ئىرادە» ،«چىدامچانلىق» ... دېگەندەك ھەيۋەت ئىبارىلەر بىلەن،«تېرە سات،كاۋاب سات!» ...دېگەندەك مەسلىھەتلەر-نى،ياق! مەجبۇرلاشلارنى ئىشتتى.ھېچكىم ئۇنىڭغا باي بىلەن نامراتنىڭ پەرقىنى، ماھىيىتىنى ۋە ھەققىي بايلىق بىلەن نامراتلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويالمىدى. ئۇنىڭغا يە بىرەر ئەۋلىيا يولۇقمىدى،يە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىمىدى.ھەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەنلا ئالدىراش ئىدى. مۇنداق قىيامەت دەھشىتىدە خۇدنى يوقاتقانلار جەمئىيەتتىن ئاخىرقى ھېساپتا ئۇ سىقىپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭدىكى پۇشايمان، ئۇنىڭدىكى ھەسرەت،ئۇنىڭدىكى نامراتلىق ئۇنىڭ روھى، ۋۇجۇدىدىكى پاتماي قېلىۋاتقان قەيسەرلىكنى ئۆزگىچە مۇجەسسەملەپ ئۇنى چۆلگە ئەكەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە مەلۇم ئىدى،بۇيول ھەممىنى ھەل قىلالارمۇ؟ دېگەن بىر خىيال. ئۇمىد ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئاران بىر پىرسەنت ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەسۋەسە كۈچلۈك ئىدى. يە نومۇسنى ئۆلۈم بىلەن ئاقلاش، بۇ 99پىرسەنت ئۇمىدلىك!يە يولۋاسنى بايقاپ، بىر مىليون سومنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇنداق بولسا، نومۇسمۇ ئاقلىنىدۇ! ئۇ ئاران بىر پىرسەنت ئۇمىدلىك. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن،شۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. يولۋاسنى ئىزدەش ،داۋاملىق ئىزدەۋېرىش كېرەك...يولۋاس راست بارمىدۇ ياكى پەقەتلا يوقمىدۇ؟ بۇنىڭغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ...

— يولۋىسىم! ياردىمىڭنى ئايىما! نومۇسۇمنى ئاقلاي، مىليون پۇلنى قولۇمغا كەلتۈرەي، روھىم ئارام تاپسۇن! سېنى ئۈچ پارچە سۈرەتكە تارتىۋالاي. ئۇنداق قىلما، بىرمىليون پۇلنى قولۇمغا كەلتۈرەي! — دېدى ئۇ.

— سېنى:«يولۋاسنى ئىزدەپ تاپساڭ پۇل بېرىمەن» دەپ قويۇپ، ئۆلۈپ-تىرىلىشىڭ بىلەن كارى بولمىغانلارغا چۈشۈپ بېرىدىغان سۈرىتىم يوق! مەن يە مودېل قىز ئەمەس، سۈرەت تارتىۋالاي دېسەڭ، ماقۇل دەپ نايناقشىپ بېرىدىغانغا! — دېدى يولۋاس غەزەپ بىلەن. ئۇ، يەنە چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى.ئۇزايىدىن ئوت تەپتى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. ھاسىراش، ئىڭراش، ۋايجانلاش،يىغلاش... بىر كەمدە تېنى بىردىنلا راھەتلەنگەندەك بولدى.يۇمشاق، ئىسسىق بىر قول ئاۋۋال ئۇنىڭ پېشانىسىنى،ئاندىن كېيىن مەيدىسىنى سىيلىدى. ئۇ قول ئاخىرىدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سىلاپ - سىيپاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تېنى قالتىس راھەتلەندى. ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاۋاتقان قولنىڭ ئىگىسى ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ھۈرۈپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ روھىمۇ راھەتلەندى. نېمىدېگەن راھەت... ئۇ، كۆزىنى يېرىم ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىنى ۋە مەيدىسىنى سىيلاپ ئولتۇرغان بىر گەۋدە خىرە كۆرۈندى. ئۇ گەۋدە ناھايىتى خىرە كۆرۈنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىر قىز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى «قىز! ئىزىتقۇ؟!...ھۆر-پەرى؟!»ئۇ، كۆزىنى يەنە بىرئاز ئاچتى.يا، پەرۋەردىگار! ئۇ قىز دەل ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سۆيگىنى ئىدى...

— سەن بۇيەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ئەرگە تەگكەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئۇ باي ئىدى، مېنىڭدىن كېلىشىملىك ئىدى.

..

— سەن بەك قاتتىق ئاغرىپ قالغاچقا، چىداپ تۇرالماي قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەلدىم.

— ئېرىڭگە ئاسىيلىق قىلما!مەن ئۇنىڭدىن سەت ھەم بىر نامرات!

— مەن سەن بىلەن بىللە يولۋاس ئىزدەيمەن. ھەرقانداق خەتەر بولسا، سېنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈمەن.چۈنكى سېنى ياخشى كۆرۈمەن!

— نېمە! بۇگەپنى نېمىشقا بالدۇردېمە-گەنسىدىڭ؟! ئۇنىڭدىن زېرىكتىڭمۇ ياكى ئۇنىڭ پۇلى تۈگىدىمۇ؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرمە، مەندىن پۇل تەمە قىلما... بىرمىليون سومنى تاپالامدىم-تاپالمامدىم... بۇنىسى ئېنىق ئەمەس... مەن بىر نامرات يىگىت...

— دۇنيادا ئۆزگىرىش كۆپ...ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى،دۇنيا مىقياسلىق مۇھىت بۇلغىنىش،دۇنيا مىقياسلىق باي-نامراتلىق پەرقىنىڭ زورىيىشى، دۇنيا مىقياسلىق دىن، مىللەت، ئىقتىساد،سىياسىي،مەدەنىيەت... توقۇنۇشلىرىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، دۇنيا مىقياسلىق مۇستەملىكچىلىك، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئىرقىي يوقىتىش، تەڭرىدىن قورقماسلىق... قىلمىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپكېتىۋاتقانلىقى... تەرەققىي قىلغانىنىڭ بەك تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلمىغانلارنىڭ كۈندىن كۈنگە خارابلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى...مانا مۇشۇلارغا ئوخشاشلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن بايلار داۋاملىق باي بولىدۇ، نامراتلار داۋاملىق نامراتلىشىدۇ، تېخىمۇ تەس كۈنگە قالىدۇ. بايلار مونوپول ساھىبلىرى،ئۇلار نامراتلارغا پۇرسەت بەرمەيدۇ... «ئىرادە» ،«چىداملىق» ...دېگەندەك قۇرۇق شوئارلارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. بىر قەۋمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى تىرىك، دۇرۇس ھالەتتە تۇرغان ئەھۋالدا ئاندىن ئۇ قەۋمنىڭ تەركىبى بولغان ساڭا ئوخشاش نامراتلارغا

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پۇرستى بولىدۇ، روھى، ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىقتىدار، باتۇرلۇقلارنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، نومۇسىنى ئاقلىيالايدۇ،چۈشىنەلەمسەن؟! ... ئىبرىم باي، شۇنداق، نۇرغۇن ئەرلەرمۇ باي.ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ روھى گاداي.سەن بىر گاداي، ھالبۇكى روھىي جەھەتتىن سەن كاتتا باي. شۇڭا دونكىخوتچە سەپىرىڭنى،ياق، غەرىبچە تەۋەككۇلچىلىك سەپىرىڭنى داۋام ئەتتىنىڭ. ئۆلۈمدىن، كېسەلدىن،خەتەردىن،جاپادىن قورقمىدىڭ. ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم، كېسەل،جاپادىگەنلەرنى شەھەرلەرگە بېكىنىۋېلىپ، تۈتام-تۈتام پۇللارنى خەجلەپ راھەت سۈرۈۋاتقان «ئېسىللار» ئۆزلىرىدىن دەپىي قىلالمايدۇ. ئۇلار نەق قارۇننىڭ ئۆزى! ئۇلارنىڭ بايلىقى، پۇلى پەقەت مىللەتنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىشتىلا قىممەتلىك. باشقا قىممىتى يوق. ،ھايۋاندەك يەپ - ئىچىسلا ھېسابمۇ؟! ...

- سەن نېمە بولدۇڭ؟ ئۆزگىرىپسەنغۇ؟!

- مەن ئەسلىدە بىر يولۋاس،ئەڭ ئاخىرقى بىر يولۋاس، تېخىچە بىلەلمەيۋاتامسەن!ھا...ھا...ھا...

- سەن يولۋاسمۇ؟!... ھەسسىنەي...ئەپسۇس، مەن جاھانكەزدى ئېلاخۇن ئەمەس.جاھانكەزدى ئېلاخۇن يوغان بىر يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قويۇپتىكەن، يولۋاس ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپتۇ... ئۇ يولۋاسقا«ھەمراجان»دەپ ئىسىم قويۇپتۇ... يولۋاس«ھەمراجان»ئۇنى ئۈستىگە مىنگۈزۈۋاپتۇ..ئىككىسى دوست بولۇپ بىرلىشىپتىكەن، نۇرغۇن ئادەم باللىرى قورقۇپ قېچىپتۇ... جاھانكەزدى ئېلاخۇن يولۋاسقا مىنگىنىچە جاھان سوراپتۇ...

ئۇ، ھۇشىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ تۇرغۇدەك ياكى ماڭغىدەك كۈچ-مادارىنىڭ قالمىغانلىقىنى سەزدى. پۈتۈن بەدەن ئوتتەك قىزىغان،خۇددى تەكلىماكاننىڭ قۇمى بىلەن بەس تالاشقاندەك. ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئەسلىدە يىغلىغۇسى يوق ئىدى. بىراق يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.«پەرۋەردىگارىم! مېنى قۇتقۇزغىن.مەن بىر مۇسۇلمانمەن، بىر مۇئمىنمەن. مېنى ھەقىقەتەن ئېغىر چىلىقلار چىرماپ ئالدى. مېنى نۇسرەت قازانغۇچىلار سېپىدە بەرقارار قىلغىن... ئەگەردە ئەجىلىم پۈتكەن بولسا، ئۇنداقتا مېنى قەبزى روھ قىلغىن، جېنىمنى ئوڭۇشلۇق ئالغىن، روھىمنى پەيغەمبەرلەر،شەھىدلەر،سىددىقلار،مۇئمىنلەر ۋە شۇنىڭدەك سەن ئىنئام قىلغان ياخشى بەندىلىرىڭنىڭ قېشىدا قىلغىن. ئۇلاردىنمۇ ئوبدان ھەمراھ بولامدۇ؟!...» دېدى ئۇ.

ئۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغاندەك تۇراتتى،قەدەملىرى ئاستا ئىدى. قۇياش نۇرى، غېرىب ئاننىڭ كۆز يېشىدەك ئاستا ھەم مۇڭلۇق ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ سىرلىق ۋە ئۇلۇق بويى،تەكلىماكاننىڭ توزۇپ تۇرغان قۇم زەررىلىرى،يۇلغۇنلار، يانتاقلار،سۆكسۆكلەر،گاھى-گاھىدا پەس ئاۋازدا ئاڭلىنىپ قالىدىغان راۋاب ساداسى،تۇماقلىق-دوپپىلىق، ساقاللىق-بۇرۇتلۇق توپا چىراي ئادەملەر،شالاڭ-شالاڭ قومۇشلۇق ۋە كىچىك-كىچىك زەيكەشلەر...بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ بۆلىقى دەپ تەرىپلەنگەن تۇپراقمۇ مۇشۇ؟ تۇۋا، كىممۇ ئىشىنىدۇ-ھە! ئاددىيغىنە پادىچى شىراق بوۋام ئىراننىڭ نەچچە ئون تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆزى يالغۇز مۇشۇ زېمىندا يەڭگەنىدىغۇ؟! بوۋام ئوغۇزخانغا كۆكبۆرە يول باشلاپ ماڭغاندا، مۇشۇ زېمىن ئۇلارغا ھەمدا بولغانىدىغۇ؟ !ئۆز تېنىنى ئاچ قالغان يولۋاسقا ۋە ئۇنىڭ ئارسلانلىرىغا تەقدىم قىلغان شاھزادىنىڭ ئاپئاق سۆڭەكلىرى ئەشۇ قۇم زەررىچىلىرىنىڭ تەركىبى بوپكەتكەن ئەمەسمىدى؟!بوۋام ساتۇق بۇغراخان ناماز ئوقۇپ، ئاللاغا سەجدە قىلغان زېمىن مۇشۇ ئەمەسمىدى؟!... ئەۋرىتىنى بىر پارچە تېرە بىلەن يېپىۋالغان قايسىدۇر بىر بوۋام - ئەجدادىم قىيا تاشقا رەسىمىنى چەككەن يولۋاس، تارىم يولۋىسى زادى نەدىدۇ؟! تارىم يولۋىسى زادى نەدىدۇ-ھە؟!...

مەلۇم بوستانلىقنىڭ قېشىدا ئۇنى بىرمۇنچە ئادەم ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى ۋە ئۇرۇپ-دۈشكەللەپ،تارتىپ-سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

- نېمە گۇناھ قىلدىم؟!- دەيتتى ئۇ.يامغۇردەك يېغىۋاتقان مۇشت-تېپىكلەر ئۇنى توگۇلۇپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ناھايىتى قاتتىق بىر تېپىك ئۇنىڭ بېقىنىغا «گۈپ! »قىلىپ تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى..
.

- سەن نېمە ئادەم! - دەيتتى ناھايىتى سۈرلۈك ھەم قاپىقى بەكمۇ يامان سوراقچىدىن بىرنەچچىسى.

- قەيەردىن كېلىۋاتىسەن!؟ ... يۈرۈش چەكلەنگەن يەردە نېمىش قىلىسەن!!؟ ...راست گەپ قىل!...

ئۇ ھەيران قالدى، قاتتىق چۆچۈدى.ئاخىرى ئىچ-ئىچىدىن قايناپ يىغلىۋەتتى.ئۇنىڭ ئىچى بىرىيەرلىرى ئاغرىۋاتاتتى.ئۇ، سوئالغا جاۋاب بېرەي دېۋىدى، بوغۇزىغا چىڭقىلىپ كەلگەن قۇسۇق ئۇنى گەپ قىلدۇرمىدى.ئۇ «غار-غار» قىلىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم قان قۇستى. ئالاھەزەل ئىككى توخۇنىڭ قېنى چىققاندى. ئۇ بۇئالامەتكە قاراپ ھەقىقەتەن «تۈگەشتىم!» دېدى. ئۇ، بەدەنلىرى ۋە ئىچى بىرىيەرلىرى قاتتىق ئاغرىۋاتقان، كۆڭلى تولىمۇ غەش بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ سورىقىغا جاۋاب بەردى:

- ئۇرۇمچىدىن كەلدىم... يولۋاس ئىزدەيمەن...

- سەن بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتامسەن؟! نەدىمۇ يولۋاس بولسۇن!

- سىلەر تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى كۆرمەمسىلەر؟ رادىئو ئاڭلىمامسىلەر؟ گېزىت ئوقۇمامسىلەر؟... ئۇنىڭدا شۇنداق دېدى: نەسلى قۇرۇغان«تارىم يولۋىسى»نى بايقىغان ئادەمگە 100تۈمەن پۇل بېرىدۇ. بىر مىليون، سوم دېگەن گەپ...

- ماقۇلمۇ مەيلى ...يولۋاس ئىزدەيمەن دېگەن ئادەم بىرەر ئورۇننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى،ئىسپاتىنى ئالامسەن! خاس كىملىكنامە بولسىلا بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلاردىن ۋە سېنىڭ ئىشىڭدىن بىز ئالدىنئالا خەۋەر تاپمىدۇققۇ ئەجەب! ...

- مەن بىر نامرات... بۇ ئىشنى مەن ھېچكىمگە دېمىدىم...

- گەپلىرىڭ ئەجەب چەك باسمايدىغۇ؟!...

- ئىشەنمىسەڭلار،مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، - دېدى ئۇ. ئۇ، شۇگەپنى دەپ بولۇپلا يېنىغا يىقىلدى...

«يولۋىسىم!ياردەم قىل، ماقۇل دېگىن...پەقەت بىرلا پارچە سۈرىتىڭنى تارتىۋالاي ۋە تۇرار جايىڭنى بىلىۋالاي» دەيتتى ئۇ. ئەمما بىر يولۋاس ئۇنىڭغا چەكچەيگىنىچە:«كىممۇ سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنەتتى!» دەيتتى. ئۇ يىغلايتتى،ئۇنىڭ ئالدىغا،ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسى كېلىۋالاتتى ھەمدە:«بالام، يۈر...سېنى ئالغىلى كەلدۇق!» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتاتتى.ئۇ ئېگرايتتى، جۆيلۈيتتى... «ياق! ياق! » دەيتتى.

ئارىدىن قانچە كۈننىڭ ئۆتكىنى نامەلۇم، ھاۋا ئىسسىق ۋە قۇرغاق تۇرۇدىغان بۇ زېمىندا ئازراق سىم-سىم يامغۇر

www.uyghurkitap.com

ياغقان بىر كۈنى ئۇ كۆتكە بىر تېپىك يېگىنىچە قويۇپ بېرىلدى. سىرتقا چىقىپ تۈزۈكرەك ماڭالمىدى، بەدەن ۋە ئىچى بىرىيەرلىرى داۋاملىق ئاغرىيتتى.مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ يىغلاڭغۇ بوپقالغانىدى.ئارانلا تۇراتتى يىغلىۋېتىشكە. قەلبى پاختىدەك يۇمشاپ، ئاللاغا توختىماي سېغىناتتى،بۇرنىغا بىرخىل سوغۇقلۇق پۇرايتتى.يولۋاس ئىزدەيمەن دېگەن قارارغا كەلگەن دەسلەپكى چاغدىكى ئۈمىد شامى «ئۆچەي» دەپ قالغانىدى. بىراق ئۆزىنى تاشلاپ پۇللۇق بىرسىگە تېگىۋالغان سابىق سۆيگىنى بىلەن نامراتلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى كۆز ئالدىغا كەلگەن ھامان بىرغايىۋى كۈچ ئۇنى قايتىدىن ھەرىكەتلەندۈرەتتى.«نەسلى قۇرۇغان يولۋاسنى تاپالمايدىغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ نەسلىمۇ قۇرۇشى كېرەك!» دەيتتى ئۇ چىشىنى چىشىغا مەھكەم چىشلەپ...

– بوۋا...جېنىم بوۋا! ماڭا دەپ بەرسىلىكەن، نەسلى قۇرۇغان«تارىم يولۋىسى»نى قەيەردىن ئىزدەپ تاپىمەن؟! – دېدى ئۇ ئېشەكلىك بىر قېرى بوۋايدىن سوراپ.

– نېمە دەيسىز بالام؟! ...ئۆمرۈمدە يولۋاسنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانمەن... يولۋاس دېگىنى مۇشۇكنىڭ يوغىنىمۇ؟ – دېدى بوۋاي. ئۇ،«لاسسىدە» بولدى. تۇرغان جايىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن كۆتىنى يەرگە قويۇپ مەلەق-مەلەق بولغىنىچە ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. ھېچبىر ئىشنى ئويلىمىدى.پەقەتكىنە بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق، بىرتەرىپى سازلىق، يەنە بىر تەرىپى يېگىدىن ياسالغان تاشيول تۇتاشقان جۇغراپىيىلىك مەركەزدە – خۇدانىڭ زېمىنىنىڭ بىر پارچە داق يېرىدە يېلى چىقىپ كەتكەن توپقا ئوخشاش سولۇشۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدە گويا ئۇنىڭغا قارىشىپ ئېچىنىۋاتقاندەك بىر پارچە توغراقلىق تۇراتتى...

ئۇ قارىدى. غەلىتە سىياقتىكى بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۇ ئادەمگە سەپ سېلىپ قارىدى. ئۇ ئادەمنىڭ چېچى ئۆسۈپ بېلىگە چۈشكەن، پاخپايغان، مەينەت ئىدى. ساقىلى بۇرۇتىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان پېتىچە تا ئۇنىڭ كىندىكىگىچە ساڭگىلىغانىدى. ئۇزۇن قاراقاشلىرى بىلەن ئورا كۆزلىرى، ئىنچىكە بۇرنى بىلەن پاسكىنا-كىرلەش يۈزى ئاران - ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇچىسىدا خۇددى مەشرەپنىڭكىگە ئوخشاش يازدا ئىچىنى تېشىغا، قىشتا تېشىنى ئىچىگە ئۆرۈپ كىيىدىغان قاسماق، ئەسكى جۇۋا،پۇتىدىمۇ مەشرەپنىڭكىگە ئوخشاش ئەسكى چورۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىگىنى ئەشۇ جۇۋا بىلەن چورۇق ئىدى،خالاس. ئۇ ئادەم بېشىنى سىلكىپ،ئۆزىنى تاشلاپ مېڭىۋاتاتتى. يېقىنلاپ كەلدى. ئۇئادەم:«ئاللاھەق! ئاللا پاك» دەپ زىكرى سوقۇپ كېلىۋاتاتتى...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! – دېدى ئۇ. ئۇ ئادەم توختىدى.

– ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!... سەنمۇ ماڭا ئوخشاش مەجنۇنمۇ؟ ئاشىقمۇ؟ – ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، – ئۇستىۋېشىڭ، بىرقۇچاق چاچ - ساقىلىڭ ۋە پاسكىنا - مەينەتلىكىڭ... ئاۋاقلىقىڭ...بەئەينى ماڭىلا ئوخشاش.

– مەن مەجنۇن ئەمەس، سىزمۇ مەجنۇن ئەمەس،تاغا! – دېدى ئۇ.

– ئەمسە، ئاللاغا ئاشىقمۇ سەن؟ – دەپ سورىدى ئۇ ئادەم.

– يولۋاس ئىزدەۋاتىمەن،«تارىم يولۋىسى»نى! – دېدى ئۇ.

– ۋاھ... ئەلھەمدۇلىللا! – ئۇ ئادەم شۇنداق دېگىنىچە «گۈپ»قىلىپ يەرگە تىزلاندى-دە، سەجدە قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇنداق دەپ سورىدى:

– نېمە مەقسەت بىلەن يولۋاس ئىزدەيسەن؟

– چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن قىزدىن ئايرىلىش ۋە نامراتلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسيان...

– يارايسەن! يارايسەن دېگىنىمدە، ۋۇجۇدىڭدىكى ئىسياننى كۆزدە تۇتتۇم. بىراق ساڭا دەپ قويايكى، بىر قىزنى دەپ ئۇ قەدەر رىيازەت چېكىش بىھاجەتتۇر!قىز-خوتۇنلار بىۋاپا،ئاڭا دىل بەرمەك خاتا!...نامراتلىق دېدىڭ، بۇنى چۈشەندۇر.

– بىر شىركەت:«تارىم يولۋىسى»نى تاپقانلارغا 100تۈمەن سوم مۇكاپات بېرىدىغانلىقىتوغرىسىدا مەيدىسىگە مۇشتلىدى.شۇڭا تەلەي سىناپ بېقىشنى ئويلىغانىدىم. ياق! تەلەي سىناش ئەمەس، نېمە دېسەم بولار... ئىشقىلىپ، يە يولۋاسنى تاپىمەن،ياكى چۆلدە ئۆلۈمەن!

– ھۇ...نىجىس!بەتبەخت!...100تۈمەن پارچە قەغەزگە تامامىيولۋاسلارنى ساتماقچىمۇ سەن؟! ئىشق ئوتىدا، نومۇس كۈچىدە ۋە ھەسرەت بىلەن نامراتلىق دەردىدە ئۆل! - ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ غەزەپ بىلەن تولغانغاندىن كېيىن، مەشرەپنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئەسكى جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئاچتى-دە، ئىككى غېرىچ تۈك-چۇپۇرنىڭ ئارىسىدىن بېشىنى ئاران چىقىرىپ تۇرغان ئەۋرىتىنى كۆرسەتتى– مۇشۇ نېمەمنى ئىزدىسەڭچۇ!ھۇ لەقۋا،كۆت...

– ھەي...تاغا! سېنىڭدە بار نېمە مېنىڭدىمۇ بار جۇمۇ! تۈزۈك قىلىق قىل،ئاغزىڭنى بۇزما! – دېدى ئاچچىقلىنىپ. ئۇ بىرەرسى بىلەن بوغۇشۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ھالى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ناۋادا بۇرۇنقى چاغلىرى بولىدىغان بولسا ئىدى... ئۇنى يۆتەل تۇتتى،بىرقانچىنى قاتتىق قېقىلىپ يۆتەلدى.يۆتەلگە ئۇلىشىپلا كۆڭلى ئايىنىغاندەك بولدى-دە، يەنە قۇسۇۋەتتى.قان! يەنە قان قۇستى،بەدەنلىرى ۋە ئىچى بىرىيەرلىرى ئاغرىدى.كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ،بېشى قايدى. تېخىمۇ بەك ھالسىزلاندى... ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇھ... تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

– ئۆرۈمە چاچلىق زاماندا، مىڭ نەپەر يىگىت تەكلىماكان ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېدى، ھېلىغىچە چىقمايۋاتىدۇ. ئاشىق تۇرداخۇن ئارسلانغا مىنىپ يۈرگىنى بىلەن، تەكلىماكاندىن ھېچ چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. جاھانكەزدى ئېلاخۇن«ھەمراجان» بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاپ،بارلىق يولۋاسلارنى تۇپلاپ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇۋالدى. .. ئېيتە! بۇلارنىڭ ھەممىسى زادى نېمە ئۈچۈن؟! نېمە ئۈچۈنلىكىنى مەنمۇ بىلمىدىم!...

– مەن... قەلبىم قار سۈيىدەك پاك مېنىڭ! – ئۇ، ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىنىكسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ گەپلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دېدى.

– يولۋاس ھەم بار،ھەم يوق... غەرەزلىك ئىنسانلار ئۇنى ئەمدى ھەرگىزمۇ تاپالمايدۇ!سەن دەرھال كەلگەن يېرىڭگە قايت،سەندە چوڭ بىر چاتاق بار،مۇھىم بىر ئىچكى ئەزايىڭ ئېغىر زەخىملەنگەن،شەھىرىڭگە ئىتتىكرەك بېرىپ ئوبدان داۋالانمىساڭ قەتئىي بولمايدۇ،ئۆلۈپ قالىسەن...

– شۇ، شەھەرلىك ئادەملەرنى كۆرگۈم يوق... نېمە

بولسام مۇشۇ ئانا چۆللۈكتە بولاي. مەن تۈگەشتىم... دەرد ئىچىمدە... لېكىن روھىي دۇنيايىم شۇنداق پاك ۋە تازا...

— سەن كەت! بولمىسا سازلىق،قومۇشلۇق،زەيكەش ۋە قۇمنىڭ تۇتاشقان جايىدا جىممىدىلا ئۆلىسەن. جەسىتىڭنى يىلان - چايان، قۇرت -، قوڭغۇزلار بىلەن بىرگە سان - ساناقسىز ھاشارەتلەر يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇستىخىنىڭنى تالقان قىلىپ، قۇم زەررىچىلىرى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالىدۇ. ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن غەزەپلىك بوران ئۇنى توزۇتۇپ تۈگىتىدۇ. ئاندىن يەنە ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئېغىرلىقىنى ئاران كۆتۈرۈپ كەلگەن يامغۇر بۇلۇتلىرى ئۇنى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك بىر ھالەتكە ئەكىلىپ قويىدۇ... سېنى «يولۋاس ئىزدە، پۇل بېرىمىز!» دېگۈچىلەر داۋاملىق دەرەخلەرنى كېسىدۇ،ھايۋاناتلارنى يوقىتىدۇ، مۇھىتنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىدۇ... يولۋاسلار ھۆركىرەيدۇ... قالغىنىنى مەشھەرگاھتا كۆرۈسەن... ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

— ھېلىقى مەينەت ئادەم شۇلارنى دەپ بولۇپ يۈزىنى بىر سىلىدى-دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي كەتتى.«مۇنۇ جايدا نىمجان بىر يىگىت يالغۇز قالدى» دېمىدى.پۈتكۈل ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى،روھسىزلاندى، قىمىرلىغۇدەك ھالى قالمىدى.«پەرۋەردىگارىم! سەن بىلگەننى مەن بىلمەيمەن، مەن پەقەت سەن ماڭا بىلدۈرگەننىلا ئاندىن بىلەلەيمەن» دېدى ئۇ...

— سەن مېنى بىرمىليون قەغەزگە تېگىشمەكچىمۇ؟! — دېدى يوغان بىر يولۋاس.ئۇ ئېھتىمال «ھەمراجان» شۇ بولۇشى مۇمكىن.يولۋاس يەنە غايىب بولدى. ئۇنىڭ كۆز چانقىدىن بىر تامچە ياش ئېقىپ چىقتى.

يەر - زېمىن تونۇردەك قىزىغانىدى. قۇياش ئۇنىڭغا رەھىم قىلماي نەشتەردەك سانجىلىدىغان ئۆتكۈر نۇرىنى داۋاملىق چېچىۋاتاتتى. ئۇ مىدىرلىيالمايتتى. ئۆزىنىڭ بارئەزالىرىنىڭ ھەرىكەتتىن توختىغانلىقىنى سەزدى.«ئىت جېنىدا ئۆلۈكنى ئىگىسىگە كۆرسەتمەپتۇ» دېگەنىدەك دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىم شەھەردىن يىراق بىر جايدا ئۆلۈدىغان بولدۇم-دە! توۋا!... مۇشۇنداق بىر دەۋردە، مۇشۇنداق بىر زاماندا - ھە؟! بۇ ئانا زېمىن بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىم بىلەن قوشۇپ، مېنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغان بولدۇم،دەپ شادلانغانمىدۇ ياكى...ياكى ئۇمۇ مېنى نامرات،كېرەككە كەلمەس،دەپ يارىتالمايۋاتقانمىدۇ؟! ياق، ئۇمېنى قارشىئالىدۇ...ئۇنداق بولمىغاندا، مەن مۇشۇنداق زېمىن ئۈستىدە ئەجەل شارابىنى ئىچەمتىم...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرغۇن تونۇش چىرايلار تىزىلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئۇماققىنە كەلگەن چىرايلىق بىر قىز كۈلۈمسىرەپ كەلدى. ئۇقىزنىڭ كۆزى خۇمارلىق، مەڭزى قىزىل، چېچى قىسقا،بۇرنى ئىنچىكە، بويى زىلۋا، ئاغزى كىچىك ئىدى... ئۇنىڭدىن كېيىن دوست - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى بىر - بىرلەپ كەلگىلى تۇردى. «ئەلۋىدا!» دېدى ئۇ. بىركەمدە ساقاللىق، ئوراكۆز،قاڭشارلىق،ئېگىز بوي بىرەيلەن كەلدى.«بۇ، جاھانكەزدى ئېلاخۇنمۇنىمە؟» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— مۆھتەرەم ئېلاخۇن بوۋا... «ھەمراجان» تىنچلىقمۇ؟! — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك بەس ئىدى.

— جاھانكەزدى ئېلاخۇن بىر يوغان يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن يولۋاسنىڭ دوستى بولۇپقاپتۇ ۋە يولۋاسقا «ھەمراجان» دەپ ئات قويۇپتۇ-دە،«ھەمراجان» غا مىنىۋالغىنىچە نۇرغۇنلىغان ئىنسان ئوغۇللىرىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ؛ «ھەمراجان» غا مىنگىنىچە جاھان سوراپ ،بۈيۈك سەلتەنەت سۈرۈپتۇ... - ساقاللىق،ئورا كۆز،قاڭشارلىق ۋە ئېگىز بوي كەلگەن ئۇ ئادەم«جاھانكەزدى ئېلاخۇن بىلەن يولۋاس ھەمراجان» نىڭ مەشھۇر قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى...

— مېنى قۇتقۇزۇڭلار! مېنىڭ بۇنداق تېزئۆلگۈم يوق! مەن تېخى ھېچ ئىش قىلالمىغانىدىم...قۇملۇق - چۆللەردە كاتىر سۇدا ماڭغاندەك ناھايىتى تېز ھەم سىيلىق يۈرەلەيدىغان ئۇلغار قاتناش ۋاستىلىرى قېنى؟! كۆكلەرگە غارقىراپ چىقىۋالسا، ئۇنىڭغا قارىغىنىمىزچە كۆزلىرىمىز تېلىپ، پاتاڭلىرىمىز تېلىپ، ئاغرىپ كېتىدىغان ...ھېلىقى ھەيۋەت ئۇچارلار قېنى؟! تىك ئۇچاردىن بىرسى بولسىمۇ مەيلى. ئۇنداق كۆرۈنۈشلەر كىنولاردا كۆپ ئىدىغۇ؟! نەچچە مىڭ مېتر يەرتېگىدىكى نەرسىنى سېزىپ تۇرۇدىغان ھېلىقىدەك ئاجايىب ئەسۋابلار مېنى سەزمىدىمىكىنە...توۋا قىلدىم... رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىت مۇخبىرلىرى ھەريەردە سوكۇلداپلا يۈرمەتتىغۇ، قېنى ئۇلار؟! سۈنئىي ھەمراھلارچۇ؟! نېفىتچىلار،كانچىلار، ساياھەتچىلەر...ماڭا ئوخشاش يولۋاس ئىزدىگۈچىلەر، ھەربىيلەر ۋە باشقىلارچۇ؟! قوتۇر ئېشەككە مىنگىنىچە مۈگدەپ كېتىۋاتقان بىرەر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدىغۇ؟!!... ئەلھۆكمىلىللا!... ئاھ، خۇدايىم، ئامانەتنى ئالغايسەن، ھامىنى بارىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر،لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا...


تارىم ۋادىسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا، كىچىك-كىچىك سازلىق ۋە زەيكەشلەر،شالاڭ-شالاڭ قومۇشلۇقلار، دەھشەتلىك قۇم بارخانلىرى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەسىمدىكى كۆرۈنۈشتىكىدەك بىرىكىپ، تۇتۇشۇپ كەتكەن بىر جايدا، ئۇيەر-بۇيەردە ئاندا-ساندا يانتاق،يۇلغۇن،توغراق، سۆكسۆكلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان بىر يەردە بىر ئادەم ئۈگدىسىغا ياتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ باش قىسمى بىر قوچاق كەلگۇدەك تۈك-چۇپۇر بىلەن سېۋەتكە ئوخشاپ تۇراتتى.ھاۋا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، بوران گۈركىرىگىلى تۇردى.«بۇ، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشى... يولۋاسنى تاپقاندەك قىلىمەن... توغرا، يولۋاسنى پەقەت قەلبىمدىلا كۆردۈم. مۇرادىمغا يەتتىم! تارىم يولۋىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەمدى بىلدىم!!» دەپ شۋىرلىدى ئۇ. قاياقتىندۇر بىر ياقتىن ئايروپىلانمۇ ياكى ئاپتوموبىلمۇ، ئىشقىلىپ ،بىرنېمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.«بۇ يالغان ئاۋاز» دېدى ئۇ شۋىرلاپ. بوران گۆركىرىدى.«بۇ ئاۋاز راست،تارىم يولۋىسى ھۆركىرەۋاتىدۇ!» دېدى ئۇ يەنە شۋىرلاپ...

بىر گەۋدە ئاستا-ئاستا قۇم زەررىچىلىرىنىڭ تېگىدە قېلىۋاتاتتى.ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇزۇنغا قالماي ئۇيەردە بىر دۆۋە قۇم، قەبرىگە ئوخشايدىغان ئېگىز بارخان بىنا بولاتتى.

بوران توختىدى. بىر كېچە ئۆتۈپ يەنە تاڭ يورىدى. قۇياش نۇرىنى چاچتى. يەر - زېمىن قىزىدى...بىرتەرەپتە ئېسىل بىر ئارابۇس پەيدا بولدى-دە، ئۇنىڭدىن ھەرخىل سىياقتىكى بىرمۇنچە ساياھەتچىلەر چۈشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تېلېكامېرا، فوتو ئاپپارات، دۇربۇن دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى.ئۇلار بىردەم-بىردەم ئېسىل سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ قوياتتى. ئۇلارغا قارشى يەنە بىر تەرەپتە بىرمۇنچە قالپاقلىق ئادەملەر ئۇزۇن خادىنى كۆتۈرۈشۈپ قىمىرلاپ يۈرەتتى...

تۇنۇگۇنكى گەۋدە ياتقان يەردە بىر دۆۋە قۇم-بارخان تۇراتتى.توپتوغرا ئەشۇ بارخاننىڭ قېشىدىلا قانداقتۇر بىرخىل ھايۋاننىڭ ئاياغ ئىزى تۇراتتى...(M2)

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com



# يولۋاس داۋرىڭى

## بىرمىليون يۈەن مۇكاپاتقا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىلدى

مەۋلان سابىت

«‹شىنجاڭ يولۋىسى›نى ئىزدەپ تاپقۇچىلارغا بىرمىليون يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېگەن خەۋەر ئاخبارات ۋاستىلىرىدا تارقىتىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. نۇرغۇن ئورۇن ۋە شەخسلەر شىنجاڭ ئېكىسپېدىتسىيە ساياھەت شىركىتىگە تېلېفون بېرىپ، يولۋاس ئىزدەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقان پەيتتە، ئورمانچىلىق تارماقلىرى: يولۋاس ئىزدەشتە مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ بار، قالايمىقان داۋراڭ سېلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

«شىنجاڭ يولۋىسى» نەسلى يوقالغان ياۋايى ھايۋان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە كىشىلەر «شىنجاڭ يولۋىسى»نى ئاخىرقى قېتىم بايقىغاندىن ھازىرغىچە، ھېچكىم بۇ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاننى ئۇچراتمىغان. بۇ يىل يانۋارنىڭ باشلىرى شىنجاڭ ئېكىسپېدىتسىيە ساياھەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لەن يىگو جامائەتچىلىككە «شىنجاڭ يولۋىسى»نى ئىزدەپ تاپقۇچىلارغا بىرمىليون يۈەن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار يولۋاس ئىزدەشكە قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار-مۇ شىنجاڭ ئېكىسپېدىتسىيە ساياھەت شىركىتىگە ئۈزمەي تېلېفون بېرىپ، يولۋاس ئىزدەش پائالىيىتى-نى ئۇقۇشتى. شىنجاڭ ئېكىسپېدىتسىيە ساياھەت شىركىتى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ساياھەت شىركىتى «شىنجاڭ يولۋىسى»نى ئىزدەش ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەۋاتقان پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى يولۋاس ئىزدەشتە تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشنى، كەلسە-كەلمەس داۋراڭ سالماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋان- ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇفۇدى مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ يولۋىسى» نىڭ ھايات بولۇشىغا دائىر ئۇچۇر يوق. چۈنكى تۆت يىل داۋاملاشقان مەملىكەت خاراكتېرلىك ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش تېخى بۇلتۇر ئاخىرلاشتى. شىنجاڭنىڭ يوللىغان مەلۇماتىدا يولۋاسنىڭ ئۇچۇرى يوق. مەن «شىنجاڭ يولۋىسى» نىڭ بار بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمايمەن، ئەمما «شىنجاڭ يولۋىسى» نى ئىزدەش نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇبادا مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار باشقۇرۇشنى كۈچەيتمىسە، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئورمانچىلىق تارماقلىرى ئېكسپېدىتسىيە شىركەتلىرىنىڭ يولۋاس ئىزدەش ھەرىكىتىگە قارىتا كونكرېت باشقۇرۇش تەلەپلىرىنى بېكىتتى. ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت شىركەتلىرى «شىنجاڭ يولۋىسى» ئىزدەشتە ئالدى بىلەن چوقۇم ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن تەشكىللىك، تەرتىپلىك ھالدا پائالىيەت قىلىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا كىرىشتىن ئاۋۋال رەسمىيەت بېجىرىشى، بايلىق تولۇقلاش فوندى تاپشۇرغاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 4-فېۋرال سانىدىن ئېلىندى.

## «شىنجاڭ يولۋىسى»نى ئىزدەش ياۋا مۈشۈكنى ئارامىدا قويمىدى

ئەركىن كېرەم

يۇقىرى ئىنئام بىلەن «شىنجاڭ يولۋىسى» نى ئىزدەشنىڭ تەسىرىدە «شىنجاڭ يولۋىسى» دەپ خاتا تونۇۋېلىنغان ياۋا مۈشۈك يەتتە كۈن ئەنسىز تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن يېقىندا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا قويۇپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئىشخانىسىدىن ئىگىلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرى قەشقەردىن بىر پۇقرا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ يولۋىسى» نى تۇتۇۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئۇ، «يولۋاس» نىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان. مۇتەخەسسىسلەر ئۇ ئەۋەتكەن سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا سۈرەتنىڭ «شىنجاڭ يولۋىسى» ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭ شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك ئۇچرايدىغان دۆلەتلىك 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ياۋا مۈشۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنى تەبىئەتكە قويۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. 18-مارتتا قەشقەر شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ياۋا مۈشۈك ئۈچۈن ئالاھىدە خوشلىشىش «زىياپىتى» ئورۇنلاشتۇردى، ئەتىسى رەسمىي قويۇۋەتتى. ياۋا مۈشۈكنى تۇتۇۋالغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇكېرىممۇ خىجالەت ئىچىدە: بۇنىڭدىن كېيىن ياۋايى ھايۋانلارنى ئاۋارە قىلمايمەن، بۇ مەن ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق بولدى، دېدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋان - ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇفۇدى مۇنداق دېدى: مانا بۇ، شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت شىركىتىنىڭ يولۋاس ئىزدىشىدىن كېلىپ چىققان ناچار ئەھۋال.

ئاپتور: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 7-ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى (M2)

### ئاپتورلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك ئاپتورلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشىنى سورايمىز.
— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com



# تەكلىماكاندىكى سىرلىق ھادىسە: يۇلغۇنغا يۆگەشكەن يىلان

**قادىر ئابلىز**

1993-يىلى ئاۋغۇستنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بىز بىر جەمەت تۇغقانلار تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بازىرىمىزنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان باغئاۋات كەنتىگە باردۇق.

بىز تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلغاندىن كېيىن بىردەم ھاردۇق چىقاردۇق-دە، ياشلىقتىكى ھەممىلا نەرسىگە قىزىقىدىغان ئازغۇن ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇ يەردىكى تۇغقانلاردىن داۋۇت تاغامنىڭ ئوغلى ھامۇت، مېھمان بولۇپ بارغان تەڭتۇشلەردىن قاسىم، راخمان ۋە مەن - تۆتىمىز تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ ئاجايىباتلار دۇنياسىدا بىردەم ئويناپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆيدىكىلەرگە دەپمۇ قويماي غىپپىدە تىكىۋەتتۇق. بىز قىزىقىش ئىچىدە تۆگەلوكىسىدەك قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ، قانچىلىك

## ئۇلۇغ قۇملۇقتىكى ئاجايىباتلار

ماڭغانلىقىمىزنى سەزمەيلا قاپتىمىز. بىر چاغدا قاسىمنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

- ھوي ئاغىنىلەر بۇ ياققا قاراڭلار، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭلار، بۇ، نېمىش؟!...

بىز دەرھال ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدۇق. بىر قەدىمىي خارابىنىڭ ئىزناسى بولغان ئەسكى تامدا ھەرە كۆنىكى بار ئىكەن. كۆنەكتىن تەخمىنەن يېرىم مېتىردىن كۆپرەك ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىلەكتەك توملۇقتىكى بىر چار يىلان كۆنەكتىن چىققان ھەرىلەرنى ئۇدۇللۇق دەم تارتىۋاتاتتى، ھەرىلەر بولسا بىر تۈز سىزىق لىنىيىسى بويىچە سېرىق نۇر دەستىسى ھاسىل قىلىپ، يىلاننىڭ ئاغزىغا بىمالال كىرىپ كېتىۋاتاتتى. يىلان تويۇقسىز دەم تارتىشتىن توختىدى-دە، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بەش-ئالتە قەدەم نېرىدىكى قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن بادىرىسىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى-دە، بادىرىغا يۆگەشتى. يىلان يۇلغۇن بادىرىسىغا شۇنداق چىڭ يۆگەشتىكى، بەئەينى ئۆزۋتىسىغا كېسىلگەن چىپار رەخت پارچىسىغا ئوخشاش ئۆز بەدىنىنى يالپاقلاپ بىردەم تۇرغاندىن

كېيىن، يۇلغۇندىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى-دە، بايىقى ھەرە كۆنىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە ھەرىلەرنى دەم تارتىشقا باشلىدى. كۆنەكتىن چىقىدىغان ھەرە تۈگىگەندىن كېيىن يىلان يەنە يۇلغۇن بادرىسى تۈۋىگە باردى-دە، بايىقى ھالەتنى تەكرارلىدى. بۇ يەردە ھەرە كۆنەكلىرى خېلى جىق ئىكەن. يۇلغۇندىن چۈشكەن يىلان يەنە بىر ھەرە كۆنىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەنە ھەرىلەرنى دەم تارتىشقا باشلىدى. ئارىمىزدا راخمان ھەممىمىزدىن يۈرەكلىك ھەم ياشتا چوڭراق ئىدى. ئۇ دەرھال بايىقى يىلان يۆگەشكەن يۇلغۇن بادرىسىنىڭ تۈۋىگە ئېتىلىپ باردى-دە، بادرىنى «گاچچىدە» دەسسەپ تۈۋىدىنلا سۇندۇرۇپ يىراققا تاشلىۋېتىپ، يېنىمىزغا كېلىپ يىلانغا قاراپ تۇردى. تالاي ھەرىلەرنى دەم تارتقان يىلان يەنە ھېلىقى يۇلغۇن بادرىسى تۈۋىگە ئوقتەك ئېتىلىپ باردى. باردىيۇ، يۇلغۇن بادرىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ تولغاندى. ئەتراپتا يىلان يۆگەشكۇدەك باشقا نەرسە بولمىغانلىقتىن، بىرھازاغىچە تولغاندى-دە، ئىزىدىلا ئۆلۈپ قالدى. بىز بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ، بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدۇق. بىردىنلا قايتىش ئېسىمىزگە كېچىپ، كەچ كىرىپ كەتمەستە مەھەللىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئارقىمىزغا ياندۇق.

* * *

بىز تېخى ھېچقانچە ماڭمايلا تۇيۇقسىز ئەتراپىمىزدا بىرخىل ئىسسىق شامال ئەگىشكە باشلىدى. ئاسمانغا قارىساق كۆنېپىتىش تەرەپتىن قارا بۇلۇتلار يامراپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھامۇت:

– ۋۇي ئاغىنىلەر، بولۇتلار چاققان، بۇيەردىن ئىتتىك كەتمىسەك ھېلى بىكار ئۆيىنى تېپىپ بارالمايمىز. ئارقامدىن چاققان يۈگرۈڭلار. . . .دېدى. تېخى ھامۇتنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا بايىقى ئىسسىق شامال بىردىنلا قارابورانغا ئايلاندى. بوران يەر-جاھاننى يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك گۈركىرەيتتى ۋە ھېچقايسىمىزنى كۆز ئاچقۇزمايتتى. ھامۇت كىچىك بولسىمۇ خېلىلا تەجرىبىلىك ئىكەن. ئۇ:– بىر-بىرىمىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ توختىماستىن يۈگرەيلى، بولمىسا قۇمغا كۆمۈلۈپ قالىمىز، -دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئالدىمىزدىلا قولىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ناھايىتى تەستە ئاڭلىناتتى. مەھەللە قاياقتا قالدى، بايا بىز تاماشا كۆرگەن يەر نەدە قالدى، بۇنى ھېچقايسىمىز ئاڭقىرالمىدۇق. ھامۇتمۇ بۇ يەرگە يەرلىك تۇرۇپ، ھېچ يەرنى ئىلغا قىلالمىدى. ئىلغا قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوران بارغانسېرى ئەدەپ قۇم-توپىلارنى ئېغىز-بۇرۇن، كۆزلىرىمىزگە شىددەت بىلەن ئۇراتتى. قول تۇتۇشۇپ توختىماستىن شۇنداق يۈگرۈۋاتىمىز. سەل-پەللا توختاپ قالغۇدەك بولساق، شۇزامات تىزىمىزغىچە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالاتتۇق. ھامۇت قولىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەدەپ توختىماستىن يۈگرۈشكە ئۈندەيتتى. مەھەللە تەرەپنى ئىلغا قىلالىغان بولساقمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەن بولساق خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس، بىز بۇنىڭغا ئاجىز ئىدۇق. ئاخىرى ئۆلۈدىغىنىمىزغا كۆزىمىز يېتىپ، جاندىن ئۈمىد ئۈزۈپ تۇرغاندا تۇساتتىنلا يېنىمىزدا ئىتنىڭ قاۋىغىنى ئاڭلاندى-دە، ھامۇتقا سۆركىلىپ ھەدەپ غىڭشىشقا باشلىدى. پۈت-قولىمىزغا يېڭىباشتىن جان كىرىپ، ئىتقا ئەگىشىپ يۈگۈردۇق. بوران كۆزىمىزنى ئاچقۇرماي ، ئىتنى يوقىتىپ قويساق ئىت ئارقىسىغا قايتىپ يەنە بىزنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭاتتى. بىز شۇ تەرىقىدە بىرەر سائەتچە ئىتقا ئەگىشىپ يۈگۈرگەندىن كېيىن، داۋۇت تاغام ۋە بىزنى ئىزدەپ چىققان تۇغقانلىرىمىزغا ئۇچرىدۇق. ئەسلىدە تۇغقانلار بوراننىڭ شەپىسى كېلىشى بىلەنلا بىزنى ئىزدەشتۈرۈپ تاپالمىغاندىن كېيىن، خەقتىن بىزنىڭ قۇملۇققا كىرىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئاڭلاپتۇ-دە، ھامۇتنىڭ ئامراق ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ بىزنى ئىزدەپ چىققانىكەن. ئىت جانىۋار يىراقتىنلا ئۆتكۈر پۇراش سېزىمىگە تايىنىپ ئىگىسى بار يەرنى تېپىپ كەپتۇ-دە، بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. . .

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ھامۇتنىڭ ھېلىقى ئامراق ئىتى دورا يەپ ئۆلگەن چاشقاننى يەپ سېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھازىر ھەربىر بوران چىققاندا ھامۇتنىڭ ھېلىقى ئىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ-دە، چاشقان دورىسى ياسىغان ۋە ساتىدىغانلارغا قاتتىق ئۆچلىكىم كېلىدۇ.

---

ئاپتور يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار 5-كەنتتىن، دېھقان(M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرىداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# يۇرتىمىزنىڭ ياۋا ئادەملىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم

سادىر تۇردى

1976-يىلى ئاۋغۇستتا لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا تۆۋەن پىچەكچى كەنت 3-مەھەللىلىك مەتتۇرسۇن تۇردى 17نەپەر ئادەمنى باشلاپ، ئىلىدىن سېتىۋالغان ئات-كالىلارنى ھەيدەپ خوتەن تەرەپكە مېڭىپ، تەكلىماكاندىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز توغراقلىق ئىچىدە كىشىلەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئادەتلەنگەن ئۇيلىرى بويىچە ئادەم ئىزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى يەپ كېتىشىدىن قوغداناماقچى بولۇپ، توغراقلىققا قارىغاندا 60ياشلاردا بار بىر ئەركىشى ۋە بىر يالىڭاچ خوتۇننى كۆرگەن. ئۇلار يەنە سەپسالغىنىدا ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى يالىڭاچ بالىنىڭ ئوينىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. شۇ چاغدا ھېلىقى يالىڭاچ ئەر - ئايال ئۆزلىرىنى بۇ كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئەر كىشى بىر يەكتەكنى، خوتۇن بولسا ئۇزۇن بىر كۆڭلەكنى كىيىۋالغان. بۇلارنى كۆرگەن مەتتۇرسۇن تۇردى قاتارلىقلار ئۇلارغا يېقىن بېرىپ ئەركىشىگە:

- ئاكا، سىلى نېمە ئادەم؟ - دەپ سورىغىنىدا، ھېلىقى ئادەم:

- بىز مۇشۇنداق ئادەم، غوجام، - دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن مەتتۇرسۇن تۇردى ئۇ كىشىدىن:

- سىلى بۇيەردە نېمىش قىلىلا؟ - دەپ سورىغىنىدا، ئۇ كىشى:

- - بىز بۇيەردە مۇشۇنداق ئىش قىلىمىز، غوجام، -دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن مەتتۇرسۇن تۇردى قاتارلىقلار بۇ ياۋا كىشىلەردىن ئەيمىنىپ، باشقا گەپ-سۆز قىلماي يولىغا ماڭغان.

يۇرتىمىزدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئادەم ئېيىقى» دەپ ئاتىلىدىغان يالىڭاچ، بەدىنى چۈپۈر، ئۇيغۇر تىلىدا مۇكەممەل سۆزلەيدىغان، ئۆڭكۈردە ياشاپ خام گۆش ئىستېمال قىلىدىغان، ئەتراپتىكى كىشىلەردىن يات جىنسلىق كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئەپقېچىش بىلەن جۆرىلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئادەمنى كۆرسە ئۆرە ماڭىدىغان، بولمىسا تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان ياۋا كىشىلەرنىڭ 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە تەكلىماكاندا ياشىغانلىقى مەلۇم.

ئاڭلىشىمىزچە، 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدا لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا تۆۋەن پىچەكچى كەنت 4-مەھەللىلىك غوجاخۇن مۇغا يالغۇز تەكلىماكانغا كىرىپ، كېچىدە ئوتۇن تېرىۋاتقىنىدا يېنىغا بىر ئادەم ئېيىقى كېلىپ قاراپ تۇرغان. غوجاخۇن مۇغا ئۇ ئادەم ئېيىقىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، يېنىدىكى بوش ھارۋىغا تۇۋەزۇن بىلەن قاتتىق ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئېيىقى ئاستا كېتىپ قالغان. پۇت-قولىدا جان قالمىغان غوجاخۇن مۇغا ئوتۇننى ئالماي قېچىپ چىققان.

جامائەت ئاشخانىسى مەزگىلىدە (1958-يىلىدىن 1961-يىلىغىچە) لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا داڭلىقمۇنچاق كەنت 3-مەھەللىلىك توختىياز ئاخۇن بۆك (55 - 60ياشلاردىكى كىشى) بۇ يېزىنىڭ شاخاچىدىكى (تەكلىماكاننىڭ چېتى) تۈگمەندىن ئوتۇن تەرگىلى سىرتقا چىققاندا، ئادەم ئېيىقى تۇتۇپ ئەكەتكەن. كىشىلەر تەكلىماكانغا ئوتۇنغا كىرگەندە توختىياز ئاخۇن بۆك كىشىلەرگە بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئاچقىپ كېتىشىنى ئۆتۈنگەن. ئېھتىمال ئۆتكەن (20-) ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى بولسا كېرەك، يەنە مۇشۇ يېزىنىڭ ئارىش كەنتىدىن بىر خوتۇن دادىسى بىلەنمۇ ياكى ئېرى بىلەنمۇ بۇ يېزىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان ئىچىگە جايلاشقان سۇلتانىم مازىرىنىڭ شىمالىغا قۇمۇش چاپقىلى

كىرگەندە ئادەم ئېيىقى تۇتۇپ ئەكەتكەن.

كېيىن ئۇ خوتۇن تەكلىماكانغا ئوتۇنغا كىرگەنلەرگە يولۇقۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇق، ياغاچ ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغاندا بىر كۈن يېتىم جايغا بىر قوشۇق ياكى بىر ياغاچ تاشلاپ ماڭسا، ئېيىق بىر كۈن يېتىمدە ياغاچ ياكى قوشۇقنى بىر قېتىم ئۇۋۇسىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ خوتۇننىڭ تۇغقانلىرى ئۇ خوتۇننى شۇ ئۇسۇل بىلەن قۇتقۇزغان. ئۇ خوتۇن يالىڭاچ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن بەدەنلىرىگە تۈك ئۈنۈپ كەتكەن. ئەمما ئۇ خوتۇن كېچىلىرى ئېرى ئادەم ئېيىقىدىن بولغان ئۈچ بالىسىنى ئەسلەپ: «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىمكەن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈمكەن» دەپ ئاھ ئۇرغان ھەم بىر نەچچە قېتىم ئۆزى ياشىغان ئۆڭكۈرگە قېچىپ كەتكەن. كېيىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭ قېچىشى بىلەن كارى بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۇ كەنتتىن يىتكەن.

1900-يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، لوپ ناھىيە دول يېزا تەۋەسىدىن ئايشىخان ئاتلىق بىر خوتۇننى ئادەم ئېيىقى تەكلىماكانغا بۇلاپ كەتكەن. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئايشىخان تەكلىماكانغا ئوتۇنغا كىرگەن كىشىلەرگە يالىڭاچ يولۇقۇپ، ئۆزىنىڭ ئادەم ئېيىقى تەرىپىدىن بۇلانغانلىقىنى، ئادەم ئېيىقىدىن بالىلىرى بارلىقىنى، ئادەم ئېيىقى بىلەن ئۆڭكۈردە تۇرۇدىغانلىقىنى، ئادەم ئېيىقى ئۆڭكۈر ئاغزىغا تۈگمەن تېشى يۆلەپ قويىدىغانلىقى، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەكلىماكانغا بىر تاغار قوشۇق، بىر تاغار ياغاچ ئەكىرىپ (ئادەم ئېيىقى ياغاچ بىلەن قوشۇققا ئامراقمىش) ئۆزىنى ئەكېتىشىنى، ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى ئېيتىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغاندا ھەر يۈز قەدەمدە بىر قوشۇق بىلەن بىر ياغاچنى تاشلاپ ماڭغاندا ، ئادەم ئېيىقى ئۇنەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئۇۋۇسىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېيىقتىن يىراقلىشىپ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئايشىخاننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى شۇ بويىچە ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئاچىققان. ئەمما ئادەم ئېيىقى ئايشىخاننىڭ تۈڭلۈكى لېۋىدە تۇرۇپ: «ئايشىغوجا، بالا ۋاي-ۋاي دەپتۇ» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ تۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئايشىخان دادىسىغا: «ئا. . ئە! ئېيىق بولسىمۇ ئېرىمكەن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈمكەن، مەن يانايي دەپتۇ». ئايشىخاننىڭ دادىسى ئۇنىڭغا: «ئەمىسە يېنىڭ بالام، خۇدايىمغا ئامانەت» دەپ ئۈزۈتۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايشىخان ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر بولماپتۇ. خوتەندىكى «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىمكەن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈمكەن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن، دېيىشىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، 1930-يىللاردا لوپ ناھىيە دول يېزا راخمانپور تەۋەسىدىن بىر كىشى تەكلىماكانغا ئوتۇنغا كىرگەندە ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر خوتۇننىڭ:

قۇناق تېرىسام خادا بولدى،
كېۋەز تېرىسام شادا بولدى.

دەپ ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، ناخشىنى ئېيتقۇچى بىر ئادەم ئېيىقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

1935-يىلى لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا جىمى كەنتىدىن نۇراخۇن ئۆگدىنىڭ ئوغلىنى ئادەم ئېيىقى ئايدىڭدا يۇدۇپ تەكلىماكانغا ئەكەتكەن.

ئادەم ئېيىقى دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا ئادەملەر ھەققىدە سان-ساناقسىز رىۋايەت، ھېكايىلەر بولۇپ، يات جىنسلىق كىشىلەرنى بۇلاپ جۈرلىنىدىغانلىقى، بىر خىل جىنسلىق كىشىلەر يولۇقسا، بارماقلىرىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى، ئەگلىنى يىرتىپ تىتما-تىتما قىلىۋېتىدىغانلىقى، خام گۆش يېگەچكە، جىنسىي تەلپىنىڭ يۇقىرى بولۇپ، چىشىلىرى بىرلا قېتىمدا 40قېتىم ھوزۇرلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئادەم جۈپتى ئاتام ئېتىش ئۈچۈن ئوت ياققاندا ئوتتىن نېرىدا قاراپ تۇرىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوت بىلەن تىغدىن قورقىدىغانلىقى، ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ بىر تۈگمەن تېشىنى بىر بارمىقىدا چۆرگىلىتىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

يەنە 1900-يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، چىرا ناھىيىسى تاغ يايلىقىدا بىر قويچى قۇدۇقتىن قاپاقتا سۇ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ئۆڭكۈردىن بىر ئادەم ئېيىقى چىقىپ، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى قاپاقنى تارتىۋېلىپ سۇيىنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇ قويچىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قويچى بىلەن ئادەم ئېيىقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىش باشلىنىپتۇ. ئېلىشىش جەريانىدا قويچىنىڭ ئىتى ئۇ ئادەم ئېيىقىنى تالاشقا باشلاپتۇ. ئۇئادەم ئېيىقى بەرداشلىق بېرەلمەي، قويچىغا: «ئاغىچىكا، چىچقاقىڭنى توس» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قويچى بولسا ئۇ ئادەم ئېيىقىنىڭ قورسىقىغا پىچاق تىقىپتۇ، ئۇ ئادەم ئېيىقىنىڭ قورسىقى يېرىلىپ ئۈچەيلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئادەم ئېيىقى بولسا ئۈچەيلىرىنى قورسىقىغا تىقىپتۇ. قويچى ئاخىرى ئۇ ئادەم ئېيىقىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. قويچى بۇ ئىشتىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىغا بارغاندا، كىشىلەر قويچىنىڭ ئەگلىدىكى قانلارنى كۆرۈپ: «سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن» دەپ تۇتماقچى بوپتۇ. قويچى ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ ھەمدە ئەينى مەيداننى كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن كىشىلەر قويچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ.

بىز يۇقىرىقىلاردىن يۇرتىمىزدىكى «ئادەم ئېيىقى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ ياۋا ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىمىزغا ھەممىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى، مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرەلمەي ياۋا پېتى قالغانلىقى، ئەمما مۇكەممەل تىل (زۇۋان) غا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. (M2)

www.uygurkitap.com



# «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن دۇنيا سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە نەزەر

ئىبراھىم ئەمەت

«11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تېررورىزمغا قارشى شوئارى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. ئافغانىستان تالىبانلىرى تېررورچىلار سۈپىتىدە يوقىتىلدى. 21-ئەسىرنىڭ بېشىدا تېررورىزمغا قارشى قوزغالغان بۇ ئۇرۇشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ھەربىي ۋە ماددىي كۈچىنى سەرپ قىلدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك بىر قېتىملىق ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا شۇنچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى ھەقىقەتەن ئۇسامە بىن مۇھەممەد بىن لادېننى تۇتۇش ۋە تالىبانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلىمىدۇ؟ مەسىلە ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك. تېررورىزمچىلارنى يوقىتىش ئەلۋەتتە نۆۋەتتىكى چوڭ ئىش، ئۇزۇن-كېسىل يوقىتىش لازىم. ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىزمۇ يالغۇز تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ «يەرشارى ئىستراتېگىيىسى» نى يولغا قويۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاننى ئۇرۇش نىشانى قىلىشىدا، تالىبلاردىن باشقا ئەڭ مۇھىمى ئافغانىستاننىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۆزلەۋاتقاندەك قىلىدۇ. بىز ئافغانىستاننى دىققەت مەركىزىنىڭ توچكىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە نەزەر تاشلاپ باقساق، ئامېرىكىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

**ئافغانىستان:** دۇنيا خەرىتىسىگە قارىساق، ئافغانىستاننىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ تارىختىن بۇيان چوڭ دۆلەتلەر تالىشىدىغان مۇھىم نىشان بوپكەلگەن. ئافغانىستان ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيالارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇدىغان مۇھىم تۈگۈن. ئۇ، شىمالدا ئىچكى دېڭىزغا، غەربتە پارس قولتۇقىغا يېقىن. ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ يۈرىكى دېسەك، ئافغانىستان ئامېرىكىنىڭ ئىران، رۇسىيە ۋە رۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى دۆلەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىدىكى مۇھىم جاي. ئامېرىكىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ياۋروپا شاھمات تاختىسىدا ئۇتتۇۋېلىشنىڭ ئاچقۇچى» . 1990-يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ۋە ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق-غەرب ئىككى تەرىپىنى تىزگىنلىدى. شەرقتە ياپونىيە، كورىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، غەربتە - پارس قولتۇقىدا ئامېرىكا پەرەس دۆلەتلەرنى يۆلىدى. ئەمما ئامېرىكىغا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىشكە پۇرسەت بولمىدى. «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئەگەر ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرەلىسە ھەم مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالىسا، ئۇ

## ئالەمدىن ئۇچۇر

ئۆزىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كونتىرول قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈپ نىشانىغا يېتەلەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى، مەشھۇر ئايال سىياسىيئون برژىنىسكىي (بۇ ئايال جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا WTO سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان) ئامېرىكا ئىستراتېگىيىسى توغرىلىق مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئامېرىكىنىڭ يەرشارى ئىستراتېگىيىسى» ۋە مەنپەئىتى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن. ئەگەر بۇ ئۈچ نۇقتىنى قوغداپ قالغىلى بولسا، ئامېرىكا مەڭگۈ دۇنياغا خوجا بولىدۇ:

1. ياۋروپادا: رۇسىيە بىلەن تالىشىدىغان نىشان شەرقىي ياۋروپا، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پولشا بىلەن غەربىي گېرمانىيە. 2. يىراق شەرقتە: كۆرەشنىڭ فوكۇس نۇقتىسى ياپونىيە، جۇڭگو ۋە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى كورىيە، فىلىپپىن ۋە تەيۋەن. 3. يىراق غەربتە: كۆرەشنىڭ فوكۇس نۇقتىسى ئافغانىستان، ئىراق ۋە پاكىستان.

برژىنىسكىينىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتى بۇ ئۈچ نۇقتىدا تەڭ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۈچ نۇقتىنىڭ ھەربىرىسىدە بولۇدىغان كۆرەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى كىمنىڭ ئەشۇ ئاساسلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلارنى كونترول قىلغانلىقىغا باغلىق.

**ئوتتۇرا ئاسىيا:** ئامېرىكا ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەگەر ئافغانىستاندا ئامېرىكا پەرەس ھاكىمىيەتنى ئوڭۇشلۇق يۆلەپ تۇرغۇزالىسا ھەمدە تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئافغانىستاننىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردە ئۇزۇن مەزگىل ئەسكەر تۇرغۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلىسە، ئۇ ھالدا ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھەربىي بازا قۇرۇش ئىستراتېگىيە-سىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن. «11-سىنتەبىر ۋەقەسى» دىن ئىلگىرى رۇسىيە يادرولۇقىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك شەرتنامىسى بىلەن جۇڭگو-رۇسىيە رەھبەرلىك قىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم خەۋپسىزلىك مېخانىزمى بوپكەلگەن، بۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاكتىپ قاتناشقان. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىككى چوڭ مېخانىزمنىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئامېرىكا تېررورزلۇققا قارشى ئۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا داۋاملىق تۇرسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى خەۋپسىزلىك قۇرۇلمىسى بىلەن ئىستراتېگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن.

بۇ قېتىم ئامېرىكا ئافغانىستانغا قورال ئىشلىتىشتە قۇرۇقلۇقتا ئاساسلىقى پاكىستان بىلەن تۈركىيىنىڭ ھەربىي بازىلىرىدىن پايدىلاندى، پاكىستان بىلەن تۈركىيە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولدى. بۇنىڭدىن بۇ ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىدىن پايدىلىنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئامېرىكا تۈركىيىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستاندا غەرب دېموكراتىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان «تۈركىيە ئەندىزىسى» نى يولغا قويۇش ئارقىلىق رۇسىيە، ئىران ۋە پاكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىر دائىرىسىنى چەكلەش مەقسىتىگە، تۈركىيە بولسا ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئامېرىكا بىلەن تۈركىيىنىڭ قول تۇتۇشۇپ بىرلىشىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا سەل قارىغىلى بولمايدىغان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**پاكىستان:** ئافغانىستاننىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردە ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق ھەربىي بازىسى يوق. ئىران ئۇزۇن مەزگىل ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىپ كەلگەن، رۇسىيە گەرچە ئاغزىدا ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ھەربىي ھەرىكىتىنى قوللىسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي بازىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئامېرىكىغا ئىككىلا قوللاپ بىكارلاپ بەرمەيدۇ. شۇڭا پاكىستان ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر ئامېرىكا مەنپەئەت نۇقتىسىدىن پاكىستاننى قىزىقتۇرالىسا، ئۇ ھالدا ئامېرىكا پاكىستاننى ئۆزىگە تارتىۋېلىشى مۇمكىن. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» مەزگىلىدە پاكىستان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك دۆلەت بوپكەلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن پاكىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىندى ئوكيان ئارقىلىق دېڭىزغا چىقىشىدىكى مۇھىم جاي، شۇنداقلا ھىندىستان بىلەن ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت باغلىشىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتەر يولى ئىدى. ئامېرىكىغا نىسبەتەن پاكىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇشىدىكى ئالدىنقى سەپ بازا ھېسابلىناتتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستى بولغان ھىندىستاننى تىزگىنلەپ تۇرۇشىدىكى يۆلەنچۈك ئىدى. ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە ھەربىي مەۋجۇدلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلاپ، ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا بولغان تەسىر دائىرىسى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، پاكىستان ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە تەسىر كۆرسىتىشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك دۆلەتكە ئايلاندى. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» مەزگىلىدە ئامېرىكا پاكىستان بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى ھەم پاكىستاننى مۇھىم ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا ئۈچىنچى ئەۋلاد كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى ياساپ ئۈزىمايلا F—16 بەلگىلىك كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى

پاكىستانغا سېتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پاكىستان ئەڭ دەسلەپ بۇ خىل ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بوپقالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، پاكىستان ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن پاكىستاننىڭ ئامېرىكىغا ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىشى مۇمكىن.

نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا شۇنچە قىزىقىدۇ؟ بۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئامىل، بۇ جاينىڭ مول نېفىتى، تەبىئىي گاز ئېنېرگىيە زاپىسىغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت بايلىقى زاپىسى دۇنياغا مەشھۇر. قازاقىستاننىڭ نېفىت زاپىسى ئەنگلىيە-نورۋېگىيە شىمالىي دېڭىز نېفىتلىكىدىن قېلىشمايدۇ. تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى دۇنيا بويىچە 4-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايوندا 200 مىليارد تۇڭ نېفىت ۋە 7 تىرىليون 900 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ساقلانماقتا.

«11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن ئىلگىرى بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى بايلىقى تەقسىملىنىشىدە بىر نەچچە دۆلەت بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ نېفىتلىكىدىن تۈركىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىدىغان نېفىت تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ كەلگەن، بۇ، رۇسىيىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. قازاقىستان جۇڭگونى كېسىپ ئۆتۈپ كورېيە ۋە ياپونىيىگە بارىدىغان نېفىت تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇش ئويى بارلىقىنى ئېيتقان. ئىران ئوتتۇرا ئاسىيادىن دېڭىزغا چىقىدىغان نېفىت تۇرۇبا يولى ياساشنى ئويلاشماقتا. ئامېرىكا بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلىنىپ، ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدىغان نېفىت لىنىيىسى ئېچىشنى ئويلاشماقتا («ئىگىلىك باشقۇرۇش» ژۇرنىلى 2001-يىل 23-سان). ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى J. V بۇش كۆپ قېتىم ئامېرىكىنىڭ قىسقا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئېنېرگىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيە تەھلىلچىلىرى مۇنداق قارايدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى دېڭىزنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى 21-ئەسىردىكى غەرب ئىستراتېگىيىسىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك («ئامېرىكىنىڭ 21-ئەسىر ئىستراتېگىيىسى» ناملىق كىتاب، گۇيجۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1996-يىل ئىيۇن، 1-نەشرىگە قارالسۇن). يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلغاندا، ئامېرىكىنىڭ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن پايدىلىنىپ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدا، بىن لادىن ۋە تالىبان ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشتىن باشقا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى ئويلاشقاندەك قىلىدۇ.


ھازىرقى زاماندا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا نوقۇل ھالدىكى ئۇرۇش مەۋجۇد ئەمەس. ئۇرۇش ھامان ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەقسەتلەرنى ئۆزىگە يوشۇرغان بولىدۇ. شۇڭا بىر رايون تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى، شۇ جايدىكى ئاۋامنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ. چوڭ دۆلەتلەر ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھامان باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئىرادىسىگە ماس ھالدا (چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسىگە ماس ھالدا) بېكىتىپ بېرىدۇ. سىياسىي دېگەن ئەنە شۇنداق نەرسە.

2002-يىل يانۋار، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر 4-تۈرمە پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ھەمدەم تۈرمە باشلىقى(M2)

بۇ سان 2002-يىل 20-مارتتا تىزىشقا يوللاندى،
30-مايدا باسمىدىن چىقتى، تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)،
رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# بىز ياشاۋاتقان دۇنيا

ئادىل ئابدۇقادىر

بىر قانچە يىللار ئىلگىرى قوشنىمىزنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىغا ئەرافات دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ ھەيران قالغانىدىم. مانا ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرلاردىمۇ سادام، ئەرافات دېگەندەك دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، شۇنداقلا بۇ ئىسىملار كىشىلەرگە غەلىتە، يېڭىچە ئاڭلانمايدىغان بوپقالدى.

بۇ، تۇرمۇشىمىزدىكى كىچىككىنە بىر ئىش. ئەمما بەزىدە ئەشۇنداق كىچىك ئىشلارمۇ ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن بىر قىسىم يېڭى كۆز قاراش، ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ يىپ ئۇچى بولالايدۇ. خۇددى ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىر ئەزەلىي قانۇنىيەت بولسىمۇ، لېكىن بۇنى پەقەت نيۇتوننىڭ بىر ئۇلۇغ نەزەرىيىنى روياپقا چىقىرىشى ئۈچۈن يىپ ئۇچى قىلغانغا ئوخشاش. مۇبادا بىزمۇ مۇشۇ كىچىككىنە ئىشنى يىپ ئۇچى قىلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈدىغان بولساق، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىز ھەم ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزگە خېمىرتۇرۇچ بولالايدۇ، شۇنداقلا ئۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزگىرىشنى، بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ بۈگۈنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ تۇرمۇشىمىزدىكى تاشقى ھادىسىلارنىڭ ئىنكاسىلا ئەمەس، بەلكى بىر ئىچكى ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى.

بۇ ئىش بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇكى، بىز بۈگۈن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىۋاتقان ھەم بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ئۆزئارا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. دۇنيانىڭ بۇخىل يېقىنلىشىشى بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، تەپەككۇرىمىز قاتارلىقلارغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ ھەم ئۇ تۇرمۇشىمىزدا تۈرلۈك يوسۇندا ئەكس ئېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنى جەمئىيەتشۇناسلار بىردەك «يەرشارىلىشىش» نىڭ تەسىرى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ھازىر زور كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ناتونۇش ئەمەس. ئەمما ئۇ قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ قايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە كۆپىنچىمىز كۆپ نەرسە بىلمەيمىز. شۇنداقلا بۇ ھەقتە بىزنىڭ نەشر ئەپكارلىرىمىزدىمۇ ھېچقانچە مۇلاھىزە بولۇنمىدى.

بۇ ھەقتە ئەڭ دەسلەپ غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى تەھلىل ئېلىپ بارغان بولۇپ، 1980-يىللاردىلا بۇ يېڭى ئۇقۇم ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ نەشر ئەپكارلىرىدا ھەم كۈندىلىك

تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان. غەرب سىياسىيئونلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىرى ھەم ئىقتىسادشۇناسلىرى بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بۇ ئۇقۇم غەربتە گەرچە خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئەمدىلا ئۇچرىشىۋاتىمىز.

ئىلىم ساھەسىدىكى بىرەر يېڭى ئۇقۇم ياكى ئاتالغۇ ئالدى بىلەن غەرب دۇنياسىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىزگە ئوخشاش غەربنىڭ ئىلمىي ھاۋاسىدىن كۆرە تاشلاندۇق نەرسىلىرى بىلەن بۇرۇن ئۇچرىشىدىغان، دۇنيانى چۈشىنىش ئىشى پەقەت نامرات ۋە تەنھا زىيالىيلارنىڭلا قولىغا تاپشۇرۇلغان بىر مىللەت ئۈچۈن غەربتە مەيدانغا كەلگەن بىرەر يېڭى ئۇقۇمنىڭ ئۆزلىشىشىگە كەم دېگەندە بەش-ئون يىل ۋاقىت كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا پەقەت ئىزدىنىشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلار تەرجىمە ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، ئۇ ئۇقۇم باشقىلارنىڭ قولىدا كونىراپ بولغاندىن كېيىن ئاران ئېرىشەلەيدۇ.

«يەرشارىلىشىش» ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلەر ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىنى تېما قىلىپ باشلانغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتتى. شۇنداقلا «يەرشارىلىشىش» نىڭ تەسىرى جەمئىيەتشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ھەم سىياسىيئونلارنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. بۈگۈنكى دەۋردە «يەرشارىلىشىش» تېمىسى ئاستىدا ئىقتىساد، سىياسىي مەسىلىلەرلا ئەمەس، ئائىلە، نىكاھ، دىن، ئەنئەنە مەسىلىلىرىمۇ مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولدى. مۇلاھىزە تېمىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، «يەرشارىلىشىش» نوقۇل دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ، ئاخبارات-ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بىرگەۋدىلىشىشىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە قاراشلىرىدا، تەپەككۇرىدا ئۆزگىرىش ياسايدىغان بىر ئىچكى ھادىسە.

بۇنداق دېيىش قارىماققا كۆپتۈرۈۋېتىلگەندەك ئاڭلانسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر رېئاللىق. باشتا كەلتۈرگەن كىچىككىنە مىسال، مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك. كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەرەفات، سادام دېگەنگە ئوخشاش تارىخ ھەم جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئۆزلىرىگە يات بولغان خەلقلەرنىڭ داھىيلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشى، قانداقتۇر ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي ھاۋاسى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇچراشقانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى چوڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى، ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇنلاردىكى يىلتىزداش مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ رېئال ئىپادىسى ھەم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چوقۇنۇش، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تاشقى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونىي بلايىرنىڭ مەسلىھەتچىسى، بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس ھەم سىياسىيئون ئانتونىي گىددىنس «يەرشارىلىشىش» ئۈستىدە توختالغاندا، ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ: «بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر ئۆز قوشنىلىرىغا قارىغاندا، نىلسون ماندېلانى بەكرەك تونۇيدۇ» دەيدۇ. بۇ، بۈگۈنكى دۇنيا ئاخبارات-ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن خۇلاسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «يەرشارىلىشىش» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۆزگىرىشلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىر يەكۈندۇر.

1957-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى ئاسمانغا چىقارغاندا، ئۇ مۆجىزە ھېسابلانغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى مەخسۇس سودا سۈنئىي ھەمراھىلا 200دىن ئېشىپ كەتتى. 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى تېخى قىتئەلەر ئارا ئالاقە باغلايدىغان تېلېگراف ئېلېكتر كابېللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بار بولغانلىرىنىڭ ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، بىر سىم يولى ئاران 100 ئاۋاز يوللانما سىغىمىغا ئىگە ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قىتئەلەرئارا ئالاقىدە ئىشلىتىدىغان بىر سىم يولى بىر مىليون ئاۋاز سىغىمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇچۇرلارنى تېز-خاتاسىز يوللىيالايدىغان بولدى. بۇيەردە يەنە تېلېۋىزور، كومپيۇتېر تورى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال كەلتۈرۈش بىھاجەت. بۈگۈنكى دۇنيانى ئاخبارات-ئالاقە سىستېمىلىرى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇڭا، دۇنيادىكى بىرەر ئۆزگىرىشتىن يەرشارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى ئادەم تېلېۋىزىيە قاناللىرى ياكى باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا خەۋەر تاپالايدۇ. كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالسىمۇ، لېكىن دۇنيا پاي چېكى بازىرىدىكى ئۆزگىرىش، قايسى ئەلدە قاچان قانداق ۋەقە يۈز بېرىپ قانچە ئادەم ئۆلدى، قايسى دۆلەتنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئالماشتى، ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى قايسى مەسىلە ئۈستىدە نېمىلەرنى دېدى، دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردىن ھەرگىزمۇ خەۋەرسىز قالمايدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن يەنە شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇكى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاخبارات-ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ رولى نوقۇل ئۇچۇر يەتكۈزۈش دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى، شۇنداقلا ئۇ مەدەنىيەت مونوپوللۇقى ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك يول ھازىرلاپ بەردى.

ئاخبارات-ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ يەرشارىلىشىشىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم «كېڭەيمە مەدەنىيەت» لەر بارلىققا كەلدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان كېڭەيمە مەدەنىيەت ئىچكى جەھەتتىن تويۇنغان، سىرتىغا كېڭىيىپ باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىدە يېتەكچىلىك

ئورۇننى ئىگىلىگەن غەرب مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مول مەنبەگە، سىياسىي جەھەتتىن كۈچلۈك ھەربىي مۇداپىئەگە، تېخنىكا جەھەتتىن ئەلا ئىلغار پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئۈستۈنلۈك ئۇنى كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ھەم ھەربىي مۇداپىئە جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ئىقتىدارى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بەلگىلەيدىغان شەرتلا ئەمەس، مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى، زوراۋانلىقىنى كۈچ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىچكى ئېنېرگىيىگە ئايلىنىپ قالدى. بەلكىم بۈگۈنكى دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ رەئىس جۇمھۇرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغانلار كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما باشقا دۆلەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغانلار ئېنىقكى ناھايىتى كۆپ. شۇنداقلا دۇنيا سىياسىي مۇھىتىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەردىكى پوزىتسىيىسىنى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تېرمومېتىرى دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ، «يەرشارىلىشىش» جەريانىدىكى بىر مەدەنىيەتنىڭ غەلىبىسى.

ئامېرىكىنى مەركەز قىلىپ مەيدانغا كەلگەن «كېڭەيمە مەدەنىيەت» ھادىسىسىنى «يەرشارىلىشىش»نىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا ئىقتىساد مەركىزىنىڭ ئامېرىكىغا يۆتكىلىشى، ئامېرىكىنىڭ يۇكسەك دېموكراتىيە، ئەركىنلىك سىياسەتلىرى ئارقىلىق دۇنيادىكى ئىقتىساسلىقلارنى ، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى ئامېرىكىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى تەرەققىيات جەلپكارلىقى، ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى نوپۇزىنى تىكلىدى. خۇددى 17-ئەسىردە دۇنيادا فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىش ھەم فرانسۇزلارنى دوراش مودا ئېقىم بولغانغا ئوخشاش، بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ ئامېرىكىچە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ھەم ئامېرىكىلىقلارنى دوراش بىر ئېقىمغا ئايلاندى. «كوكا كولا» ئىچىملىكى ھەم ھامبۇرگ بولكىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا كېڭىيىشى بۇنىڭ يېتەرلىك دەلىلى. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا مەدەنىيەت مونوپوللۇقى، ئامېرىكا مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىشىدا بىۋاسىتە رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئىچكى سەۋەب. بىر تىلنىڭ كېڭىيىشى، شۇ تىل دېتاللىرىدا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەم تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ تەڭ كېڭىيىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تىل ئاخبارات ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغاندا، ئۇ ئاستا ئەمما ئىچكى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسايدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل - مىللەتلەر دۇچ كەلگەن ئەنئەنە قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئۆزلۈكنىڭ سۇسلىشىشى ئەمەلىيەتتە تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېلىپ قارىغۇلارچە مەدەنىيەت ئۆگىنىش ھەم ئېقىمغا ئەگىشىشنىڭ مەھسۇلى.

ئۆز ھەلەكچىلىكىدىلا ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان قۇللۇق جىسمانىي جەھەتتىكى قۇللۇقنى ياكى سىياسىي جەھەتتىكى قۇللۇقنى كۆرسەتمەيدۇ. دۇنيادا قۇللۇق تۈزۈم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئادەمنى ئادەم قامچا بىلەن باشقۇرىدىغان، ئادەمنى ئادەم قول- خوجايىن دەپ چاقىرىدىغان ئىشلار ئاخىرلاشتى. ئەمما كىشىلەرنىڭ بىلىش، ئۇچۇر ئىگىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئىلغارلىشىشى، «يەرشارىلىشىش» شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت زوراۋانلىقى ھەم قارىغۇلارچە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىدا يېڭىچە قۇللۇق پسىخىكىسى باش كۆتۈردى. باشقىلار ئۆزىنى ئۇلارنىڭ خوجايىنى ھېسابلىمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل كىشىلەر دائىم باشقىلارنى ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرى قىلىۋالىدىغان بولۇۋالدى. ئادەملەردىكى قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ھەم دوراش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش مەزمۇنىنى بەلگىلەپ، ئۆزىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ تىپىك مىسالى، ئۆزلىرىنى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىرى ھېسابلىشىۋالغان غەرب مۇرىتلىرىدۇر. ئۇلاردىكى قۇللۇقنىڭ روشەن ئىپادىسى شۇكى، ئۇلار ئۆگەتكۈچى ئەمەس، ئۆگىنىلگۈچى. ئۇلار دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن مۇستەقىل كۆزىتىپ پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئىچكى ئېھتىياج تۈپەيلى ئەمەس، ئۆگىنىلگۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. دۇنيانى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ئۆز پرىنسىپى بويىچە ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياشايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر دەل «يەرشارىلىشىش» دولقۇنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىدىكى ئالتۇن كىشەننى زىننەت ھېسابلايدىغان كىشىلەردۇر.

ھەممە ئادەمنىڭ دۇنيانى كۆزىتىدىغان بىر جۈپ كۆزى بولىدۇ. ئەمما بەزىلەر دۇنيانى كۆزەتكەندە بىر كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ئۆزىنىڭ كۆزى تۇرۇپ، دۇنيانى باشقىلارنىڭ كۆزىدە كۆزىتىدۇ. ئالدىنقى كىشىلەردە يېرىم مۇستەقىللىق بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى خىل كىشىلەر دەل يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن كىشىلەردۇر. ئەمما دۇنيا ھەم دۇنيا ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچە پەقەت ئۈچىنچى خىل كىشىلەرگە، يەنى ئىككى كۆزىنى تەڭ ئېچىپ، مۇستەقىل كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ. ئەمما پاجىئەلىك يېرى، بۈگۈنكى دۇنيادا، بولۇپمۇ ئارىمىزدا ئۈچىنچى خىل كىشىلەرگە قارىغاندا بىرىنچى، ئىككىنچى خىل كىشىلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدۇر. ئاخبارات - ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ يەرشارىلىشىشى، پەن تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكەن

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل كۆزىتىش ھەم پىكىر قىلىش يولىنى زور دەرىجىدە تارايتىۋەتتى. كۆپ قىسىم كىشىلەر مۇستەقىل پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم قېلىپ، رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت، گېزىت ئۇچۇرلىرىنىڭ زاپاس ئامبىرىغا ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 2001-يىلى بىر يىلدا دۇنيا بويىچە ئىنتېرنېتقا چىققان ئادەمنىڭ سانى 600مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. بەلكىم دۇنيا بويىچە بىر يىلدا نەشر قىلىنىدىغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ سانى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيادا دۇنيانى باشقىلارنىڭ كۆزىدە كۆزىتىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە.

«يەرشارىلىشىش» دولقۇنىدىكى بۇ خىل كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى بىر قىسىم دۆلەتلەرنى پۇقرالارنى ئالدايدىغان ھەم ئۇلارنى كونترول قىلىدىغان ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە داۋالغۇش شەكىللەندۈرىدىغان ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. دۆلەت سىياسىي ئاپپاراتلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، يەنە بىر قىسىم خەلقئارا مەسىلىلەردە ساختا ئۇچۇرلار ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن دۆلەت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، مەخسۇس ئىسلام ئەللىرى ئۈستىدىن ساختا خەۋەر ئىشلەيدىغان بىر ئورگان قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارقاتقان خەۋەرلىرى بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ بۇش ھۆكۈمىتىنى قوللىشى ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىغان. بۇلار دۆلەت ماشىنىلىرىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغانلىقى ھەققىدىكى كىچىككىنە دەلىل. شۇڭا دۇنيانى تەپەككۇرى ئارقىلىق ئەمەس، ئاخبارات ۋاستىلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا تايىنىپلا چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى قارىشى، چاپىنالغان نان بىلەن ناشتا قىلغان بوۋاقنىڭ كۆڭۈراشلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇخىل كىشىلەردىكى مۇستەقىل كۆزىتىش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋى ئىختىرالار يەپ كەتكەن. ئۇنداقتا بۇلارنى بۈگۈنكى «يەرشارىلىشىش» كەلتۈرۈپ چىقارغان زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېيىش كېرەكمۇ ياكى مەغلۇبىيىتىمۇ؟

ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىي ئارزۇ-ئۈمىدنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ، ئوخشاشلا «يەرشارىلىشىش» ئۈستىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلەرمۇ ئارزۇ-ئۈمىد بىلەن باشلانغانىدى. جەمئىيەتشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار كەلگۈسى ھەققىدە ئۈمىدلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما ھەرقانداق شەيئىينىڭ ئىككى تەرىپى بولغانغا ئوخشاش «يەرشارىلىشىش» نىڭمۇ ئىجابىي ھەم سەلبىي تەرىپى تەڭلا مەۋجۇد بولدى ھەم راۋاجلاندى. ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي رىقابەت كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى سەنئەت، مەدەنىيەت قارىشى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋېتىلدى. سەنئەت چىن گۈزەللىكنى ئۆلچەم قىلماستىن، ئۇ بىر خىل ئىم پۇشقىنى چىقىرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر سەنئەتنىڭ ئۆزىدىن كۆرە، سەنئەتكارلارغا بەكرەك چوقۇنىدىغان بولۇۋالدى. نەتىجىدە بۈگۈنكى دۇنيادا چولپانلار ئەڭ كۆپ بولدى، شۇنداقلا دۇنيا ياشلىرىنىڭ زور كۆپ سانلىقى چولپانلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ئايلاندى. ھازىرقى دۇنيا ياشلىرى ئىچىدە بەلكىم بىرەر دۇنياۋى ناخشا چولپىنى، كىنو چولپىنى ياكى پۇتبول چولپىنىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغىنى يوق بولۇشى مۇمكىن. دۇنياۋى چولپانلارمۇ دەل «يەرشارىلىشىش» نىڭ مەھسۇلىدۇر. دۇنياۋى چولپانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ، سىياسىي داھىيلارنىڭ، پەيلاسوپ-يازغۇچىلارنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى نوپۇزىنى كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئىلگىرى كىشىلەر سىياسىي داھىيلارغا، پەيلاسوپ-يازغۇچىلارغا چوقۇناتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېتەكچىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئەمما ھازىر بۇنىڭ ئورنىنى چولپانلار ئىگىلىدى. جېكسون، مادوننا، مارادونا، جوردانلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مەبۇدقا ئايلاندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چولپانلارغا چوقۇنۇش، چولپان بولۇشقا قىزىقىش «يەرشارىلىشىش» پەيدا قىلغان دۇنيا خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي كېسەلدۇر. ھەتتا مۇھەررىر مەزكۇر ماقالىنى تەھرىرلەۋېتىپ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ بۇ يىللىق 9-مارت سانىدىكى «17ياشلىق بالا جاۋۋېينى دەپ ئۆلۈۋالدى» سەرلەۋھىلىك خەۋەرگە ئېچىنىش بىلەن كۆزى چۈشتى-دە، ئىختىيارسىز ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن سۇنۇشنى لازىم تاپتى. ھەيھات! خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«19-فېۋرال، جېجياڭنىڭ ۋىنجۇ شەھىرىدە ‹چولپانلارنى قوغلاش› تراگېدىيىسى يۈز بەردى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 17ياشلىق ئوقۇغۇچىسى جاڭ×× جاۋۋېينى («مەلىكە خۇەنجۇ» ناملىق تېلېفىلىمدا خۇەنجۇ رولىنى ئالغان ئارتىسكا. - مۇھەررىردىن) كۆرۈدىغانغا پۇلى يوق ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ‹دوست› بولۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىدىن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇنىڭ يېنىدىن جاۋۋېينىڭ بەش پارچە سۈرىتى ۋە بىر پارچە ۋەسىيەتنامە چىققان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ بالا لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن بولۇپ، تولۇقسىز 2-يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئۇنىڭ جاۋۋېينى ‹ياخشى كۆرۈپ› قالغىنىغا نەچچە يىل بولغان بولۇپ، ئادەتتە جاۋۋېيغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەت، ژۇرناللارنى يىغىدىكەن. ئائىلە ئىقتىسادى ناچار بولغانلىقتىن، جاۋۋېينى كۆرۈشكە ياكى ئۇنىڭ ناخشا كېچىلىكىنى كۆرۈشكە ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بۇ بالا ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللىغان».

مەدەنىيەت جەھەتتە غەرب مەدەنىيىتى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆلچىمى بوپقالدى. نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنە، ئېتىقاد، ئەخلاق قارىشى قالاق نەرسىلەرگە ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان بىر قىسىم ئەنئەنە، ئېتىقادلار يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، يەرلىك مەدەنىيەتلەر، شۇنداقلا ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى كرىزىسقا دۇچ كەلدى.

ئىككىنچى جەھەتتىن، «يەرشارىلىشىش» ئىنسانلار ھەم دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك تەڭسىزلىكلەرنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق ھەم سىياسىي ھوقۇق جەھەتتىكى تەڭسىزلىك تارىختىن قېپقالغان ئىككى چوڭ تەڭسىزلىك بولۇپ، ئىنسانلار تارىختا مۇشۇ تەڭسىزلىكلەرنى ئوڭشاش ئۈچۈن تالاي قانلىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم تۈرلۈك نەزەرىيە، ھاكىمىيەت ئەندىزىلىرىنى ياراتقانىدى. گەرچە سىياسىي ھوقۇقنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئىقتىسادىي باراۋەرلىك دېگەنلەر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قانۇنلىرىدا، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىدا مۇئەييەن دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قىسمەن ئىشقا ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى دۇنيادىكى باي-نامراتلارنىڭ پەرقى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن زور دەرىجىدە چوڭىيىپ كەتتى. دۇنيا ئىقتىسادى بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئىقتىسادىي مونوپوللۇق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى چوڭايتىۋەتتى. ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەرنىڭ بىرى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئامېرىكىلىق، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىقتىسادى يىلسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئاچارچىلىق مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولغىنى يوق. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1989-يىلدىن 1998-يىلغىچە بولغان 9 يىل ئىچىدە پۈتكۈل دۇنيادىكى بەشتىن بىر قىسىم نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمى دۇنيا كىرىم نىسبىتىدە 2.3%تىن 1.4%كە چۈشۈپ قالغان. ئەكسىچە، دۇنيادىكى ئەڭ باي ھېسابلانغان بەشتىن بىر قىسىم ئاھالىنىڭ كىرىمى ئۆزلۈكسىز ئاشقان. مىكروسوفىت شىركىتىنىڭ لىدېرى بىل گايتىس دۇنيادىكى 1-نومۇرلۇق باي ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئوتتۇراھال نامرات دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىمىدىن كۆپ. 2000-يىلى مىكروسوفىت شىركىتى ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن پارچىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىل گايتىسنىڭ كۈندىلىك كىرىمىدىن بەلگىلىك نىسبەتتە تۆلەم تۆلەش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دۇنيادىكى 1-نومۇرلۇق باي بولۇش ئورنىدىن قالغىنى يوق. ئەمما جەنۇبىي ئافرىقا ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى نامرات ئەللەردە كۈنىگە نەچچە ئونمىڭ ئادەم ئاچارچىلىق، كېسەللىك، نامراتلىق تۈپەيلى قىرىلىپ كەتمەكتە. بۇ خىل سېلىشتۇرما كىشىنى ھەقىقەتەن گويا سالىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىدىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسىم باي ئەللەر ھەم شىركەتلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشىمۇ «يەرشارىلىشىش» نىڭ مەھسۇلى. دۆلەتلەر ھەم شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىقتىسادىي پەرق، بۈگۈنكى دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم بىخەتەرلىكنى بەلگىلەپ كېلىۋاتقان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا بۇ خىل پەرق بۈگۈنكى دۇنيادا تەشەببۇس قىلىنىپ كېلىۋاتقان دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، تەرەققىيات، ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ.

سىياسىدا تىلغا ئېلىنىۋاتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، قوشنىدارچىلىق شەرتنامىلىرى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتدارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، دۇنيا ئەندىزىسى تۇراقسىزلىشىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقى زورىيىپ بارماقتا، شۇنداقلا خەلقئارادا ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى، دۆلەت ھالقىغان ئىتتىپاقلار بارلىققا كېلىپ، خەلقئارا مەسىلىلەردە مەنپەئەتداش ئەللەر ئوچۇق-ئاشكارا ھەمكارلاشماقتا. ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىشى، ياپونىيىنىڭ ئامېرىكىغا ياردەم بېرىپ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئافغانىستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈشى بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك ، ئەلۋەتتە.

«يەرشارىلىشىش» دولقۇنىدا مەيدانغا كەلگەن ئىقتىساد، ئاخبارات، ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، قارىماققا يات مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشىنى تېزلىتىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلمە، مەدەنىيەت پەرقى شەكىللەندۈرگەن قاتمال مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۆلەتلەرنى ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى پەرق، تەرەققىي قىلغان ئەللەر شەكىللەندۈرگەن زوراۋانلىق تەھدىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بىر مەزگىل پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دۆلىتىنى خەلقئاراتېررورچىلىقتىن قوغداشنى باھانە قىلىپ، «خەلقئارا يادرو قوراللىرىنى چەكلەش شەرتنامىسى» دىن چېكىنىپ چىقىشى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى ھەدەپ ھەربىي چىقىمىنى كۆپەيتىشى دۆلەتلەر دۇچ كېلىدىغان تەھدىتنى كۈچەيتىۋەتتى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە يۈزلەندى. گېرمانىيە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا 250 مىڭ ئەسكەر كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. رۇسىيىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى پۇتىنمۇ ھەربىي پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئارمىيىسى

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرمۇ ھەربىي چىقىمىنى ئاشۇردى. يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر بولسا تارىخىي ئاداۋەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

«يەرشارىلىشىش» ئۇ بىر مۇرەككەپ جەريان. ئۇ، ئىنسانلارغا ئامەت ئەكېلەمدۇ، ئاپەتمۇ؟ بۇنى ئالدىن پەرەز قىلىش قىيىن. ئىجابىي مەسىلىلەر ھامان مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بايقىيالايدۇ. ئەمما «تۇغاننى يار كەتتۈرگەن چۈمۈلە ئۆۋىسى» دېگەندەك، سەلبىي مەسىلىلەر ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس.

«يەرشارىلىشىش» پەيدا قىلغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئويلىغانسېرى كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىر (20-ئەسىر) ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ قارىشىنىڭ سۇسلىشىشى مۇشۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئائىلە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ يادرولۇق ھۈجەيرە. ئىنسانلار ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرۇش ، تەربىيىلەش، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بىر جەمئىيەت نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەردىن تەشكىللەنگەن بولىدۇ ھەم جەمئىيەت مەجبۇرىيىتىنى ئائىلە ئەزالىرى ئورتاق ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا بىر جەمئىيەتنىڭ قانداق بولۇشىنى شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئائىلىلەرنىڭ قانداق بولۇشى بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا كرىزىسلىرى ئىچىدىكى ئېتىقاد مۇقەددەسلىكىنىڭ يوقىلىشى، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى قاتارلىق ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشى دۇچ كەلگەن كرىزىس، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇرۇن كىشىلەر ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىشەتتى ھەم ئائىلىنى جەمئىيەتنىڭ يادروسى، دەپ قارايتتى. 1970-يىللاردىن كېيىن غەرب جەمئىيىتىدە قوزغالغان «ئاياللار ئەركىنلىكى ھەرىكىتى » ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى ھەم كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشىدا ئۆزگىرىش ياسىدى. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باراۋەرلىك، سىياسىي ھوقۇقنىڭ كۈچەپ تەشەببۇس قىلىنىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىداتەڭپۇڭ مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرمەستىن، ئەكسىچە رىقابەت شەكىللەندۈردى. بۇ خىل رىقابەتتە ئاياللار ئۆز تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى ئەرلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ قورالى قىلىۋالدى. نەتىجىدە ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتى يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئالدى بىلەن بىر قىسىم غەرب ئەللىرىدە ئاشكارا پاھىشىخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، جىنسىي مۇلازىمەتنىڭ كېچىلىك كۇلۇب، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ مۇھىم مۇلازىمەت شەكلىگە ئايلىنىشى، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسىم دۆلەتلەردە قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان ساداقەتمەنلىك قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. كىشىلىك ئەخلاقنىڭ كۇرسى تۆۋەنلەپ، ئائىلە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «كىشەن» گە ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە دۇنيادا ھارام بوۋاقلارنىڭ يىلسېرى كۆپىيىشى، نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى دۇنياۋى مەسىلە بوپقالدى.

كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىغان تىرىشچان ئاياللار ئانا بولۇپ پەرزەنت تەربىيىلەشكە قارىغاندا، خىزمەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئەلا بىلىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت پۇرسەت ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى، نەتىجىدە ئاياللار ئەرلەرگە، ئائىلىگە بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەيلا ئائىلىنى تاشلاپ كېتەلەيدىغان، بالا تەربىيىلىمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. ھەتتا غەربتە بىر ئۆمۈر توي قىلماي بالا بېقىۋېلىپ ئانا بولىدىغان ئاياللار بارلىققا كەلدى. مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئائىلە قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزە.

ئەمدى نىكاھ مەسىلىسىگە كەلسەك، نىكاھ ئەسلى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇش ئەھدىسى ئىدى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئائىلە قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نىكاھ قارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەلۋەتتە نىكاھ مۇقەددەسلىكىنىڭ يوقىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى. بۇرۇن بىر جۈپ ئەر-ئايال توي قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بىلمىگەن تەقدىردىمۇ نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھۆرمەت قىلاتتى، نىكاھ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ شەرتى دەپ قارىلاتتى. ئەمما جىنسىيەتنىڭ پەن سۈپىتىدە تەتقىق ھەم تەشۋىق قىلىنىشى، تۇغۇتتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، دىنىي ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى نىكاھ مۇقەددەسلىكىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋەتتى. نىكاھقا كىشىلەر تۇرمۇش مىزانى سۈپىتىدە قارىمايدىغان بولدى. بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىپپەتنىڭ تاۋارلىشىشى، جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاساسىي كېسەلگە ئايلىنىپ قېلىشى، ئەيدىز كېسىلى كىشىلەرنىڭ نىكاھقا بولغان بىپەرۋالىقىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ.

مۇبادا دۇنيادىكى «يەرشارىلىشىش »كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ قارىشىدىكى ئۆزگىرىشتىن ئىزدەش كېرەك. شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيادىكى «يەرشارىلىشىش» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ چوڭ كرىزىس قانداقتۇر دۇنيا سىياسىي، ئىقتىسادىدىكى كرىزىس بولماستىن، ئۇ دەل كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى دەپسەندە قىلىشىدۇر.

دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكا مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىگە چارە تېپىلىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى، ئىقتىسادىي تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىن. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئېتىقادنىڭ يوقىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي مەسىلىلەر داۋاملىشىۋەرسە، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنى باھانە ئىزدەپ قىرغىن قىلىشىنىڭ، زامانىۋى قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى ئىختىرا قىلىپ، بىر-بىرىگە تەھدىت سېلىشىنىڭ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

«يەرشارىلىشىش» بۈگۈنكى دۇنيانى خۇددى خەنزۇ ماقال - تەمسىللىرىدە تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاش «قوۋۇققا ئوت كەتسە، بېلىقنىڭ جېنىغا ئۇۋال بولىدىغان» (سېپىل قوۋۇقىغا ئوت كەتكەندە كۆلنىڭ سۈيىنى توشۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، نەتىجىدە كۆل سۈيى ئازلاپ ياكى تۈگەپ، ئويلىمىغان يەردىن بېلىقلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. «قوۋۇققا ئوت كەتسە بېلىقنىڭ جېنىغا ئۇۋال» دېگەن ماقال شۇنىڭغا تەمسىل قىلىنىدۇ ھەم ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاپەت بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشتەك مەنانى ئىپادىلەيدۇ) دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئىلگىرىكى «دۈشمىنىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيسە چاۋاك چالىدىغان» دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ ئورنىغا «دۈشمىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزىگە ئوت تۇتۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان» دۇنيا ئەندىزىسى ئالماشتى. بۇ قېتىمقى ئامېرىكىدىكى «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىنكى ھەرقايسى ئەللەر ھەم دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەردە كۆرۈلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي داۋالغۇش، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئادەم، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز كەسكىنلىشىپ كېتىشى، ئامېرىكا - رۇسىيە دىپلوماتىيىسى، ياپونىيىنىڭ ئاسىيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشى، پاكىستان - ھىندىستان، كەشمىر مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە بىلەلەيدۇ. مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقايسى ئەللەرنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى، دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتى بەلگىلىيەلمەيدىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دۆلەت، ئىرق، مىللەت ئايرىمىسىنىلا ئۆلچەم قىلمايدىغان بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت، مىللەت، ئىرق ئۇقۇملىرى ھەم شۇنى بىرلىك قىلغان ئىنسانلار توپىنىڭ ھەمكارلىقى ئىنسانلارنىڭ روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدىغاندەك قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە توقۇنۇشنىڭ ھەجمى بارغانسېرى كىچىكلەپ، بىرقانچە ئۇقۇمغا يىغىنچاقلىنىدىغاندەك قىلىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئۇلار مەنسۇپ بولغان مەسلەك، ئېتىكا، دىن دېگەندەك نەرسىلەرنى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرەر ھەرىكەت ئۆزگەرتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار دۇنياۋى مەسىلىلەردە مەسىلىنى مىللەت، ئىرق، دۆلەت مەنپەئىتىدىن ھالقىغان ئاساستا، ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان چوڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تۇرۇپ ئويلايدىغان، ئۆزلىرى مەنسۇپ مەدەنىيەتنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا دۆلەت ھالقىپ ھەمكارلىشالايدىغان بولدى.

دۆلەت چېگرا سىزىقلىرى، مىللەت، ئىرق پەرقى ئىنسانلارنىڭ ھەمكارلىقىنى توسۇپ قالالمىدى. بولۇپمۇ غەرب بىلەن ئىسلام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلاردا بۇ خىل ھەمكارلىق روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى ئەللەرنىڭ ھەمكارلىقىنى گەرچە غەرب ئەللىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئافغانىستان - رۇسىيە، ئامېرىكا - ئافغانىستان ئۇرۇشىدىكى ھەمكارلىقى يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك.

دۆلەت بىر سىياسىي ئاتالغۇ. ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەم چېگرا سىزىقى بولىدۇ. ئەمما دۇنيا پەلسەپىۋى ئاتالغۇ، ئۇ ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ. دۇنيا مەنپەئىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت مەنپەئىتى تولىمۇ كىچىك ئۇقۇم. يېقىنقى بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان ئىنسانلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتى، زېمىن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۆزئارا قىر-چاپ قىلىشىپ كەلدى. ئەمما پەن-تېخنىكا، سانائەت تەرەققىياتى، دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى - ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەيدىز كېسىلى، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامرىشىغا ئوخشاش دۆلەت چېگرا سىزىقلىرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن دۇنيا خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل دۇنياۋى مەسىلىلەر گەرچە ئىنسانلارنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىدىن ھالقىغان ئاساستا، يۈكسەك دەرىجىدە ھەمكارلىشىشىنى، ئىتتىپاقلىشىشىنى تەقەززا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى تولۇق ئىشقا ئاشقىنى يوق. پەقەت «يەرشارىلىشىش» دولقۇنىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم دۆلەت ھالقىغان سىياسىي ئىتتىپاقلار، ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھلار پەيدا بولدى، بۇ بىر نۇقتىدا دۆلەت ئۇقۇمى كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنياۋى مەسىلىلەردە يەنىلا ئىنسانلار دۆلەت مەنپەئىتىدىن ھالقىپ كېتەلىگىنى يوق. مۇھىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇلغىنىشى، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكىنىڭ تورلىشىشى داۋامىدا يۈزبەرگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىرياكى بىرقانچە دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ياكى خەلقئارالىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كېتىش، ئۇنى تىزگىنلەش مۇمكىن ئەمەس. بۇخىل دۇنياۋى مەسىلىلەردە ئىنسانلار دۆلەت مەنپەئىتىدىن ھالقىغان ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىققا موھتاج.

## تۈگەنچە

دۇنيا مۇرەككەپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى بەلگىلىگەن. دۇنيانىڭ تارىختىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان بىرەر ھۆكۈمران ئىدىيە، كۆز قاراش ئەسىرلەپ، يىللاپ دەۋر سۈرۈدىغان، ئىنسانلار شۇنى ئۆلچەم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى ئارستوتېل، غەززالىي، ماركسلارغا ئوخشاش كۆز قارىشى دەۋران سۈرۈدىغان تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداقلا نۇرغۇن نەزەرىيىۋى قاراش، سىياسىيئون، تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەچچە يىللىق ئىزدىنىشىنى بىرەر تەسادىپىي تارىخىي ۋەقە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىشى ياكى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىنسان بولغىنى بىلەن، تارىخنىڭ كەلگۈسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىز پەقەت ئۆتكەنكى ھەم ئۆزىمىز بىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بەھس-مۇنازىرە قىلالايمىز. بۇ ھەقتە ماركسنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرى ھەل قىلالايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا ئىزدىنەلەيدۇ». بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ھەم بىلەلەيدىغانلىرىمىز، شۇنداقلا ھەل قىلالايدىغانلىرى-مىز ھەقىقەتەن چەكلىك. شۇڭا، كەلگۈسى ئۈستىدىكى مۆلاھىزىلىرىمىز پەقەت بىز پەرەز قىلالايدىغان، بىزنىڭ بىلىش دائىرىمىز ئىچىدىكى نەرسىلەردۇر. ئەمما بۇ مۆلاھىزىلىرىمىز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن قىممەتلىك.

دۇنيانى ھەممە ئادەم ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتەلەيدۇ. بىر سىياسىيئون، ھۆكۈمدارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بەلكىم شاھمات تاختىسىغا ئوخشىشى، بىر خىمىك ياكى فىزىكا ئالىمىنىڭ نەزىرىدە دۇنيا تەجرىبە ئۈستىلىگە ئوخشىشى، بىر نامرات دېھقاننىڭ نەزىرىدە دۇنيا بەلكىم بىر بۇردا نانغا ئوخشىشى مۇمكىن. دۇنيانى مۇشۇنداق ئوخشىمىغان ئېھتىياج نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ تەھلىل ئېلىپ بارساق، ئۇنى چەكسىز داۋاملاشتۇرغىلى بولۇشى ھەم بۇ ھەقتىكى مۆلاھىزىلەرمۇ، مۆلاھىزىكار ھەم مۆلاھىزە ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دۇنيانى كۆزەتكۈچى مەيلى شاھ ياكى گاداي بولسۇن، ئۇ، دۇنيانى بىر كۆزى بىلەن ياكى ئىككى كۆزى بىلەن كۆزەتسۇن ۋە ياكى دۇنيانى باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتسۇن، ئۇ قانۇنىي سالاھىيەت نۇقتىسىدىن بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى، بىرمىللەتنىڭ ئەزاسىلا ئەمەس، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭمۇ پۇقراسىدۇر. مۇشۇ بىر نۇقتىدا دۇنيا ھەممە ئادەمگە مەنسۇپ ھەم ھەربىر ئادەم دۇنياغا مەنسۇپ. شۇڭا دۇنيانى چۈشىنىش ھەم مەسىلىلەرنى دۇنياۋى كەڭرىلىككە قويۇپ مۆلاھىزە قىلىش بۈگۈننىڭ ھەم كەلگۈسى مەۋجۇدلۇقىنىڭ تەقەززاسى.

2002-يىل 20-مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ.

(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1) مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)




مۇھەررەم ئۇستاز، ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى 2000-يىلى
سېنتەبىردە تۈركىيىنىڭ ئىزمىر شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارا تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيىدا
«خوتەن دىئالېكتى»نى تونۇشتۇرماقتا

---


《新疆文化》（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002-يىل 3-سان

综合性文学双月刊 (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58　باھاسى: 5 يۈەن



«يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزار مۇكاپاتى»نى ئۆز قولى بىلەن تەسىس قىلىپ
مەزكۇر فوندقا 500مىڭ يۈەن ئاتىغان ئەدەبىيات ئاشناسى، سېخىي ـ مەردانە ئوغلان،
ئاۋات ناھىيىسىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى مامۇتجان داۋۇت ئوغلى
2002-يىلى 31-مارتتا بەختكە قارشى قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلدى. بۇ، ئەدەبىياتىمىز
ئۈچۈن زور يوقىتىش! «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق
تەزىيە بىلدۈرىدۇ